# دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

封面设计：米尔扎提·阿不都拉

ISBN 978-7-228-06304-8

9 787228 063048 >

定价：11.50 元

# دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

达达库尔提童话集：维吾尔文/(土耳其)卡纳尼编；托合提·提拉译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社.2001.5(2007.6重印)
ISBN 978-7--228-06304-8

Ⅰ.达… Ⅱ.①卡…②托… Ⅲ.维吾尔文族-童话-作品集-中国-古代-维吾尔语（中国少数民族语言）
Ⅳ.I286.7

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第75146号

译　　者　托合提·提拉
责任编辑　巴力江·扎帕尔
编　　辑　热合曼·马木提
责任校对　热娜古丽·阿布力米提
封面设计　米尔扎提·阿布都拉·塔吉
出版发行　新疆人民出版社
地　　址　乌鲁木齐市解放南路348号
电　　话　0991-2827472
邮　　编　830001
经　　销　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆生产建设兵团印刷厂
开　　本　880×1230毫米　1/32
印　　张　7.375
版　　次　2001年9月第1版
印　　次　2007年6月第2次印刷
印　　数　3001-6000册
定　　价　11.50元

بۇ كىتاب تۈركىيە مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى نەشرىياتىنىڭ 1976 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 1976 ـ يىلى 1 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据土耳其文化部出版社 1976 年 1 月第 1 版，1976 年 1 月第 1 次印刷本翻译出版。

# دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى

تەرجىمە قىلغۇچى: توختى ھاجى تىللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: بارىجان زەپەر
مۇھەررىرى: راخمان مامۇت
مەسئۇل كوررېكتورى: رەناگۈل ئابلىمىت
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مىرزات ئابدۇللا تاجى
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
تېلېفون: 0991—2827472
پوچتا نومۇرى: 830001
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇش بىڭتۈەن باسما زاۋۇتى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر، 1/32
باسما تاۋىقى: 7.375
نەشرى: 2001 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
باسمىسى: 2007 ـ يىلى 6 ـ ئاي 2 ـ باسمىسى
تىراژى: 3001—6000
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—06304—8
باھاسى: 11.50 يۈەن

# نەشرىياتتىن

«دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى» ئۇيغۇر خەلق ھېكايىلىرىنىڭ ئەڭ قەدىمىي ۋە ئەڭ ياخشى ئۈلگىلىرىدىن بىرى.

ھەممىگە ئايانكى، 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ تەڭرىتاغلىرى ئەتراپىدىن ئاناتولىيىگە كۆچكەن ئوغۇز قەبىلىلىرى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ جەڭگىۋارلىق روھى ۋە مىللىي داستانلىرىنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغان. مانا شۇ جەڭگىۋار روھ بىلەن دۈشمەنلىرىگە قارشى جەڭلەر قىلغان ۋە مىللىي ئەنئەنىلىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەن دەدە قورقۇتقا ئوخشاش داستانچىلار ئۇ مىللىي داستانلىرىمىزنى يېڭى قەھرىمانلىق ۋەقەلىرى بىلەن بېيىتىپ بۈگۈنكى ھالغا كەلتۈرگەن. ئەنە شۇنداق مەيدانغا كەلگەنلىكى قەيت قىلىنغان بۇ قەھرىمانلىق ھېكايىلىرى ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا ئۆتۈپ، خەلق ئارىسىغا تارقالغان ۋە كۆنلەرنىڭ بىرىدە مەلۇم سەنئەتكارلار تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىنغان. شۇ قەدەر ئېسىل بەدىئىي ئۇسلۇب ۋە ئاجايىپ گۈزەل نەسرىي تىل بىلەن يېزىلغان ئۇ ھېكايىلەرنىڭ قاچان، قەيەردە قەلەمگە ئېلىنغانلىقى ئېنىق بولمىسىمۇ، بەزى يىپ ئۇچلىرىدىن قارىغاندا، تۈركىيىدە «ئاققويۇنلۇقلار» ھاكىمىيىتى زاۋاللىققا يۈز تۇتۇپ، ئوسمانىيە دۆلىتى گۈللىنىشكە باشلىغان دەۋرلەردە، يەنى 15 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارالماقتا.

«درەسدەن» كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغان «دەدە قورقۇت كىتابى»دا بىر كىرىش سۆز بىلەن ئون ئىككى ھېكايە بېرىلگەن.

كىرىش سۆزدە بۇ ھېكايىلەرنىڭ دەسلەپكى بايان قىلغۇچىسى سۈپىتىدە «دەدە قورقۇت» تىلغا ئېلىنغان. بۇ كىرىش سۆز ۋە ھېكايىلەردىن ئاڭلىغانلارغا قارىغاندا، دەدە قورقۇت (قورقۇت ئاتا) راست بولۇپ ئۆتكەن بىر تارىخىي شەخس ھەمدە ھېكايە قىلىنغان

ۋەقەلىكلەرگە ئىشتىراك قىلغان ئەسەر قەھرىمانى بولۇپ، تاغۇ تاشقا ھۆكمى، بۆرە ـ قۇشقا سۆزى ئۆتىدىغان ۋە خىزىر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۈمىد ئىزدىگەنلەرگە ئۈمىد، تەسەللى ئىزدىگەنلەرگە تەسەللى بېرىدىغان، ئۆچكەن ئوچاقلارنى يېڭىۋاشتىن تۇتاشتۇرۇپ، چۈشكەن باشلارنى قايتىدىن كۆتۈرىدىغان بىلىملىك دانىشمەن.

ئۇ بايان قىلغان ھېكايىلەردىن مىللىتىمىزنىڭ قويۇق مىللىي ئۆرپ ـ ئادەت، گۈزەل ئەدەپ ـ ئەخلاق، بىغۇبار مېھىر ـ مۇھەببەت، ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەردلىك، باتۇرلۇق، جەڭگىۋارلىق، قەھرىمانلىقتەك ئېسىل ئەنئەنىۋى روھىنى كۆرۈۋالالايمىز.

مەزكۇر ئەسەر ئەرەب، پارس تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان ۋە تۈرك تىلىدا داستان، چۆچەك، ھېكايە، بالىلار ئەدەبىياتى ژانىرلىرىدا نەشر قىلىنغان بولۇپ، قولىمىزدىكى بۇ كىتاب 1972 ـ يىلى ئىستانبۇلدا ئورخان شائىق گۆكياي تەرىپىدىن ھېكايە شەكلىدە يېزىلىپ، مەدەنىيەت مىنىستىرلىقى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ 1976 ـ يىلى 1 ـ باسمىسىدىن تەرجىمە قىلىندى. بۇ ئەڭ تولۇق، ئەڭ مۇكەممەل نۇسخىسى.

«دەدە قورقۇت ھېكايىلىرى» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا قىلىنغان تۇنجى تەرجىمىسى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى بىر بوشلۇقنى تولدۇرغۇسى.

# مۇندەرىجە


دىرسەخان ئوغلى بوغاچ خان ........ 1

سالۇر قازاننىڭ ئوردىسىنىڭ ئولجىغا كېتىشى ........ 19

بۆرە بەگ ئوغلى بامسى بۆگرەك ........ 39

سالۇر قازاننىڭ ئوغلى ئۇرۇزنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ........ 80

دۇخا خوجا ئوغلى تەلۋە تۇمرۇل ........ 101

قانلىق خوجا ئوغلى قانتۇر ئەلى ........ 112

غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەك ........ 140

بەسەتنىڭ تۆپە كۆزنى ئۆلتۈرۈشى ........ 148

بېگىل ئوغلى ئەمرەن ........ 169

ئۇشۇن خوجا ئوغلى سەگرەك ........ 183

سالۇر قازاننىڭ تۇتقۇن بولۇشى ........ 196

سىرت ئوغۇزنىڭ ئىچ ئوغۇزغا ئاسىيلىق قىلىپ بۆگرەكنى
ئۆلتۈرۈشى ........ 210

ئوغۇزخان ھەققىدە رىۋايەت ........ 221

# دىرسەخان ئوغلى بوغاچ خان

بۇرۇن ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىدا قامغان ئوغلى بايىندىرخان دېگەن
بىر خان ئۆتكەندى. ئۇ يىلدا بىر قېتىم يۇرتقا داستىخان سېلىپ،
ئۆز تۇغى ئاستىدىكى بەگلەرنى مېھمان قىلىپ كۆڭۈللىرىنى ئالاتـ-
تى. بىر يىلى ئۇ يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، شام كۇنلۇكىنى[①] يەر
يۈزىگە تىكتۇردى. بىر يەرگە ئاق ئوتاق[②]، بىر يەرگە قىزىل
ئوتاق، بىر يەرگە قارا ئوتاق قۇردۇردى. ئالىيېشىل سايىۋەنلەر
كۆك يۈزىگە تاقاشتى. مىڭ يەرگە يىپەك زىلچىلار سېلىندى.
قويدىن قوچقار، ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرالار سويۇلۇپ، داش
قازانلار ئېسىلىپ ھەممە ھازىرلىق پۈتكەندىن كېيىن، خانلار خانى
بايىندىرخان مېھمان كۈتكۈچى يىگىتلىرىگە:
— ماڭا قاراڭلار، خەلىقئالەم ئالدىدا يۈزۈمنى چۈشۈرمەڭلار.
بەگلىرىمنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ، ياخشى كۈتۈپ،
خانلىقىمنى، خاندانلىقىمنى كۆرسىتىڭلار. ئوغلى بارلارنى ئاق
ئوتاققا، قىزى بارلارنى قىزىل ئوتاققا چۈشۈرۈپ، ئاستىغا يىپەك
زىلچىلارنى سېلىپ، نېمە ئارزۇسى بولسا قاندۇرۇڭلار. ئو-
غۇل - قىزى بولمىغانلارنى قارا ئوتاققا چۈشۈرۈپ، تېگىگە قارا
كىگىز سېلىپ، ئالدىغا قارا قوينىڭ گۆشىدىن قورداق قويۇڭلار.
يېسە يېسۇن، يېمىسە يولىغا راۋان بولسۇن. خۇدا خۇش قىلمىغان-
نى بىز خۇش قىلالمايمىز، — دېدى.

ئوغۇز بەگلىرى كەينى - كەينىدىن كېلىشكە باشلىدى.

دىرسەخان ئىسىملىك بىر مەشھۇر بەگ بولۇپ، ئۇنىڭ يا
ئوغلى، يا قىزى يوق ئىدى. ئىزغىرىن تاڭ شاملى چىققاندا،

---

① شام كۇنلۇكى — تۆت بۇرجەك چېدىر.
② ئوتاق — چوڭ چېدىر ئۆي.

ساقاللىق بوز تورغايلار سايرىغاندا، ئۇزۇن ساقال مەزىن ئەزان ئېيتقاندا، ئارغىماقلار ئېگىسىگە قاراپ كىشنىگەندە، ئاق - قارا پەرق ئېتىلگەندە، باغرى گۈزەل ئېگىز تاغلارغا كۈن چۈشكەندە، باتۇر يىگىتلەر بىر - بىرى بىلەن تۇتۇشقاندا، دىرسەخان ئورنىدىن تۇرۇپ، قىرىق يىگىتنى كەينىگە سېلىپ، تاغ - داۋانلار ئېشىپ، ساي - سالالار كېچىپ، لالە - سۇمبۇل تېرىپ، بايىندىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدى. بايىندىرخاننىڭ يىگىتلىرى دىرسەخاننى قارا ئۆرتاقتا چۈشۈرۈپ، بايىندىرخاننىڭ بۇيرۇقى بويىچە كۆتۈش-تى. بۇ دىرسەخانغا شۇنداق ھار كەلدىكى، ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەلدى.

— ھەي يىگىتلەر، — دېدى ئۇ، — يىگىتلىك مېھماننى قارشى ئېلىشتىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىپ ئۇزىتىش-تا. بايىندىرخان مېنى شۇ قەدەر خورلىغۇدەك نېمە ئەيىبىمنى كۆرگەندۇ؟ قىلىچىم ئەلنىڭكىدىن گالمىكەن؟ داستىخىنىم ئەل-نىڭكىدىن قۇرۇقمىكەن؟ شۇنچە نومۇسقا قويغۇدەك يەنە نېمە گۇنا-ھىم بار ئىكەن؟

بايىندىرخاننىڭ ئادەملىرى سالماقلىق بىلەن ئەدەپلىك جاۋاب قايتۇرۇپ:

— خان بېگىم، خاندان بېگىم، خانلىقىڭىز، خاندانلىقىڭىزغا ھېچكىم بىر تال چاڭ قوندۇرالماس. بىراق، خانلار خاننىڭ بۇيرۇقى شۇنداق ئىكەن، بىزمۇ ئەمىر قۇلىمىز، ئامالىمىز قانچە؟ — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان دىرسەخان ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، پەرىشان ھالدا يىگىتلىرىنى باشلاپ يۇرت - يايلىقىغا قايتتى ۋە پېشانىسى-نىڭ تەرىنى سۈرتمەي تۇرۇپلا، خوتۇنىنى چاقىرىپ مۇنداق دېدى:

بېرى كەلگىنە، بېشىم بەختى، ئۆيۈم تەختى،
قول سېلىپ كەلگەندە سەرۋى بويلۇقۇم،
كېرىلگەن ياغا ئوخشاش قوشۇما قاشلىقىم،
قوش مېغىز سىغمايدىغان ئويماق ئېغىزىم،

كۆز ئالمىسىدەك قىزىل يۈزلىكىم.
كەلگىن، يۆلەنچۈكۈم، كۆزۈم گۆھىرى كەل،
كەلگىن، ئۆيۈمنىڭ تۈۋرۈكى بېشىمغا كەلگەننى بىل:
قارا ئۇتاق، قارا كىگىز، قارا كۈن، قارا كېچە،
زىندان بولدى دۇنيا ماڭا، ئاڭلا خوتۇنۇم ئاڭلا!
نېمىشقا پەرزەنت بەرمىدى بىزگە، ھەممىنى بەرگەن خۇدا!
ئەيىب سەندىمۇ، يا مەندىمۇ، ئويلا خوتۇنۇم ئويلا!

دىرسەخان خوتۇنىغا شۇنچىلىك چېچىلدىكى، ئۇنى چايناپ يۇركۆۋەتكىلىرى كېلىپ يەنە مۇنداق دېدى:

خان قىزى ئورنۇمدىن تۇرايمۇ؟
ياقاڭ بىلەن بوغۇزۇڭدىن تۇتايمۇ؟
يوغان ئۆكچەم ئاستىغا قويايمۇ؟
مىسران قىلىچىمنى ئالايمۇ؟
كاللاڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلايمۇ؟
قىزىل قېنىڭنى يەر يۈزىگە تۆكەيمۇ؟
خان قىزى سەۋەبىنى ئېيتساڭچۇ ماڭا،
بولمىسا غەزىپىم تاشىدۇ ساڭا!

— ھەي، خان ئاتامنىڭ كۈيئوغلى، — دېدى بەختى قارا خانىش سالماق ھەم ئەدەپ بىلەن، — كۆزۈم كۆرۈپ بىرەر چۈمۈلىگىمۇ ئازار بەرمىدىم. بىلىپ ـ بىلمەي بىرەر گۇناھ قىلغان بولسام، سىلىدە نېمە ئەيىب بولسۇن! سىلى بىرەر گۇناھ قىلغان بولسىلا، مەندە نېمە ئەيىب بولسۇن! شۇنچە دۆلەتنى بەرگەن خۇدا بىر پەرزەنتنى ئايامدۇ بىزدىن؟ بۇنداق كايىماي، يا ماڭا گەپلىرىنى قىلسىلا، يا بۇ ئىشنىڭ بىر ئۇچىنى ئۆزلىرىدىن كۆرسىلە. خۇداغا يېلىنسىلا، ئاچنى تويدۇرسىلا، يالىڭاچنى كىيىندۇرسىلە، قەرز-دارنى قەرزدىن قۇتقۇزسىلا، ھاجەتمەننى ھاجىتىدىن چىقارسىلا،

ھاسىلكالام، كاتتا نەزىر ـ چىراغ قىلىپ ھاجەتلىرىنى تىلىسىلە، بىرەر دۆئاكوينىڭ دۆئاسىنىڭ بەرىكىتىدىن ئاللا بىزگە يارامىلىق بىر پەرزەنت بەرسە ئەجەب ئەمەس…

«توغرا سۆز ئىبقىس سۇ» . دىرسەخان خوتۇنىنىڭ ئەقلى بىلەن ئاچنى تويدۇردى، يالىڭاچنىڭ ئۇچىسىنى ياپتى، قەرزدارنى قەرز-دىن قۇتقۇزدى، تاغدەك گۆش توپلاپ، كۆلدەك قىمىز ساغدۇرۇپ، ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇز دېمەي، ئۇچقان قۇشنىڭ قانىتىغا قىس-تۇرۇپ ھەر تەرەپكە خەۋەر يەتكۈزۈپ چوڭ نەزىر بېرىپ، كۆپچە-لىكتىن دۇئا ئېلىپ، قوللىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئاللادىن ھاجە-تىنى تىلىدى. بۇ خەيرلىك دۇئالار ئىجابەت بولۇپ، ئاللا ئۇلارغا ئالتۇن كوكۇلىلىق بىر ئوغۇل بەردى…

«ئات ئايىغى چاقىقان، ۋاقىت ئۆتىدۇ چاپسان» . ئوغۇل ھەش ـ پەش دېگۈچە ئون بەش ياشقا كىرىپ، تىغدەك بىر يىگىت بولۇپ يېتىلدى. ئۆرپ ـ ئادەت بويىچە ئالاھىدە بىرەر ئىش قىلىپ ئۆزىنى تونۇتمىغاچقا، تېخى ئۇنىڭغا نام بېرىلمىدى.

دىرسەخان بايىندىرخاننىڭ ئوردا ئىشلىرىغا قارىشاتتى. بايىن-دىرخاننىڭ بىر بۇقىسى بولۇپ، يەرگە تەپسە يەرنى زىندان، تاشقا ئۇسسە تاشنى تالقان قىلىۋېتەتتى. بايىندىرخان ياز، كۈز پەسىللى-رىدە بۇقا بىلەن بۇغرانى سوقۇشتۇرۇپ، نوپۇزلۇق ئوغۇز بەگلىرى بىلەن بىللە تاماشا كۆرۈپ كۆڭۈل ئېچىشاتتى.

يىللاردىن بىر يىلى يازدا، خانلار خانى بايىندىرخان يەنە بۇقا بىلەن بۇغرا سوقۇشتۇرماقچى بولدى. بەگلەر ئوردا ئالدىدىكى سەينانىڭ ئەتراپىدا سورۇن تۈزۈپ مەيدان ئېچىپ كۈتۈپ تۇرغان ئەسنادا، ئۈچ كىشى ئوڭ يېنىدىن، يەنە ئۈچ كىشى سول يېنىدىن تۆمۈر زەنجىر بىلەن باغلانغان بۇقىنى يېتىلەپ چىقىپ، «يا بىس-مىللا» دەپ مەيدانغا قويۇۋەتتى.

سەينانىڭ بىر بېشىدا دىرسەخاننىڭ ئوغلى ئۈچ دوستى بىلەن ئوشۇق ئوينىشىۋاتاتتى. بۇقىنى قويۇۋەتكەنلەر بالىلارغا «قاچ!» دېيىشى بىلەن تەڭ ھېلىقى ئۈچ دوست ئالدى ـ كەينىگە قارىماي

بەدەر قاچتى. دىرسەخاننىڭ ئوغلى بىر قەدەممۇ چېكىنمەي مەيدان-
نىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قاراپ تۇردى. بۇرنى كۆپكەن قارا بۇقا
تاغنى تالقان قىلىۋەتكۇدەك ئەلپازى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلىپ
كەلگىنىچە، قەھر - غەزەپ بىلەن ئۇسمەكچى بولۇۋىدى، تاماشا
كۆرۈۋاتقانلارنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھېلە-
قى ئوغلاننىڭ تاتلىق جېنىغا ئىچ ئاغرىتىپ جانلىرى سىرقىراپ
كەتتى... ئەمما ئوغۇل ياراتقان ئىگىسىگە سېغىنىپ، بۇقىنىڭ مې-
ڭىسىگە كېلىشتۇرۇپ بىر مۇشت ئۇرغانىدى، بۇقا كۆتىچە زوڭ
ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ كەينىگە داجىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ،
دەرغەزەپ بىلەن يەنە بىر ھۇجۇمغا ئۆتۈۋىدى، ھەممەيلەننىڭ زۇۋا-
نى تۇتۇلۇپ، چىرايلىرى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. ھېلىقى ئوغلان
بولسا يەنىلا قىلچە پىسەنت قىلماي، يوغان مۇشتۇمىنى بۇقىنىڭ
ماڭلىيىغا تۇرتكىنىچە ئۇنى مەيداننىڭ بىر بېشىدىن يەنە بىر بېشىغا
سۈرۈپ ئاپىرىپ، بىر مەيدان ئېلىشتى. لېكىن، بۇقا ئىككى
ئايىغى بىلەن يەرگە تىرەجەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇنى يەرگە ئۇرالمى-
دى. ئوغلان شۇئان، «بۇ دۇنيانى تاپقانلار ئەقلى بىلەن تاپتى،
مەن نېمىدەپ يىقىلىدىغان تامغا تىرەك بولۇپ بېرىمەن؟» دەپ
ئويلىدى - دە، بۇقىنىڭ ماڭلىيىدىن مۇشتۇمىنى ئىتتىك تارتىۋې-
لىپ كەينىگە داجىۋىدى، بۇقا يەرگە دۈم چۈشۈپ، ئاغزى -
بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. ئوغلان دەرھال پىچىقىنى قولىغا
ئېلىپ، قارا بۇقىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

سەينادا شۇنداق بىر ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدىكى، مەيدان
زىلزىلىگە كەلدى. پۈتۈن ئوغۇز بەگلىرى كېلىپ بۇ ئوغۇلنىڭ
پېشانىسىگە سۆيۈشتى. «ئاپىرىن، ياشاپ كەت!» سادالىرى پە-
لەككە يەتتى. كۆپچىلىك بىر ئېغىزدىن:

— قورقۇت ئاتا كېلىپ بۇ ئوغۇلغا ئات قويسۇن. ئاندىن
ئاتىسىغا ئېلىپ بېرىپ ئوغۇلغا بەگلىك تىلەپ، تەخت ئېلىپ
بەرسۇن، — دېيىشتى.

قورقۇت ئاتىمۇ غايىبتىن پەيدا بولدى. ئۇ بۇ ئوغۇلنى ئاتىسى-

نىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپ، بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ بايان
قىلغاندىن كېيىن:

— ھەي، دىرسەخان، دىرسەخان، ئوغلىڭىز يىگىتلەرنىڭ يى-
گىتى بولۇپ چىقتى. بايىندىرخاننىڭ سەيناسىدا ياماندىن يامان بىر
بۇقا بىلەن ئېلىشىپ ئۇنى يەڭدى. بۇنىڭدىن كېيىن ئىسمى بو-
غاچ[1] بولسۇن. ئىسمىنى مەن بەردىم، ئۆمرىنى ئاللا بەرسۇن.
لېكىن سىزمۇ زىممىڭىزدىكىنى قىلىڭ:

بەگلىك بېرىڭ، تەخت بېرىڭ بوغاچقا، ئۇ ئىقتىدارلىقتۇر،
تۇپراق بېرىڭ، ئېلىنى بىلسۇن، ئۇ يارامىلىقتۇر.
غاز بويۇن تۇلپار بېرىڭ، مىنەر بولسۇن، ئۇ ماھارەتلىكتۇر،
تۆگە بېرىڭ بوغاچقا، كۆلۈك بولسۇن، ئۇ ئەقىللىقتۇر.
تۇمەن مىڭ قوي بېرىڭ يېيەر بولسۇن، ئۇ دىيانەتلىكتۇر،
ئالتۇن ناۋالىق ئۆي بېرىڭ، ئوچىقىنى بىلسۇن، ئۇ پەزىلەت-
لىكتۇر.
نەقىشلىك تون بېرىڭ، كىيەر بولسۇن، ئۇ سالاپەتلىكتۇر،
ئاتىغىنىڭىزنى بېرىڭ بوغاچقا، ۋارىسىڭىز ئىپتىخارلىقتۇر.

دەپ خەيرلىك دۇئا قىلدى.

دىرسەخانمۇ بار - يوقىنى ئايىمىدى، كۆڭلىدىن چىققاننى
بەردى. شۇنداق قىلىپ، دىرسەخاننىڭ ئوغلى ئىككى بىلىكىنىڭ
كۈچى بىلەن بەگلىككە ئېرىشىپ بوغاچ خان بولدى.

بوغاچ خان خانلىقىنى بىلدى، ئۆز يېنىغا قىرىق يىگىت
تاللاپ، ئۆز ئىلكىدىكى ئىشلارنىڭ ئەھدىسىدىن چىقتى. ئۇ ئاتى-
سىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمىدى، لېكىن ئاتىسىنىڭ ئادەملىرىگە
ئانچە يۈز بەرمىدى ۋە ئۇلارنى كۆزگە ئىلمىدى. بۇ ھال ئۇلارغا
ئىنتايىن ئېغىر كەلدى. بىر كۈنى ئۇلار تىل بىرىكتۈرۈپ ئۇنىڭغا
تۇزاق قۇردى.

---

① بوغاچ — بۇقىچاق مەنىسىدە.

— يۇرۇڭلار، ئۇنى ئاتىسىغا چىقىشتۇرايلى. ئەگەر ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتسە، ئاتىسىنىڭ ئالدىدا يەنە بىزنىڭ قەدىر - قىممىتىمىز زىيادە بولىدۇ، — دېيىشتى ئۇلار.

پىلاننى قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىككىگە بۆلۈنۈپ، بىر قىسمى دىرسەخاننىڭ يۈرىكىنى زىدە قىلماقچى، يەنە بىر قىسمى ئېچىلغان يارىغا تۇز سەپمەكچى بولدى.

بىر كۈنى، يىگىرمە ئادەم بىرلىكتە دىرسەخاننىڭ ئالدىغا كىردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سۆزمەنلەردىن بىرى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي شۇنداق دېدى:

— ۋاي، خان ئاتا، جاھاندا نېمە ئىشلار بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەرلىرى بارمۇ؟ ئوغماس ئوغۇللىرى نائىنساپ چىقتى. قىرىق يىگىتنى كەينىگە سېلىپ، قارا تاغدىن كۆتۈرۈلگەن قارا بۇلۇتتەك ئوغۇز ئېلىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈپتۇ. نە ئامانىنى بىلمەپتۇ، نە يامانىنى... نەدە گۈزەل قىز كۆرسە چاڭ سېپتۇ، ئاقساقاللىق ئاتىلارغا تىل سېپتۇ، ئاق چاچلىق ئانىلارنى ھاقارەتلەپتۇ. ھەممە يەر ئۇنىڭ دەستىدىن زار قاقشاپتۇ... ئەل قولىنى قوشتۇرۇپ تۇرمايدۇ - دە! ئېقىن سۇلاردىن ئۈچۈر يېتىپ، تۇتاش تاغلاردىن خەۋەر ئېشىپ، خانلار خانى بايىندىرخان بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپسا، خۇدا ساقلىسۇن، بېشىمىزغا نېمىلەر كېلەرىنى كىم بىلسۇن! بۇنى ياخشى ئويلاپ كۆرۈشلىرى لازىمدۇر...

دىرسەخان قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قېلىپ، ئاق - قارىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا:

— خەلقىمىز ئالەمنىڭ ئالدىدا يۈزىمىزنى يەر قىلغان بۇنداق ئوغۇلنى يەر يۇتسۇن، ئىلاھىم. دەرھال بېرىپ ئۇنى تۇتۇپ كېلىڭلار، ئۆلتۈرۈپ ئەدىپىنى بېرەي! — دېدى.

قىرىق نامەردنىڭ قالغان يىگىرمىسى دەرھال يېتىپ كېلىپ، ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كاززاپلىرىدىن بىرى بوھتان چاپلاپ:

— ۋاي، خان ئاتا، باشلىرىدا نېمە ئوتلار كۆيۈۋاتقانلىقىنى

بىلىۋاتامىلا؟ ئوغۇلدىن تەلەيلىرى بولماپتۇ. ئۇ ئۆزلىرىدىن ئىجا-
زەتسىز كۆكسى گۈزەل تاغلارغا شىكارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلاپ، قۇش
قۇشلاپتۇ، قىزىل شارابنىڭ كۈچلۈكىدىن قېنىپ ئىچىپتۇ. ئاندىن
ئانىسى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆزلىرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرمەك-
چى بوپتۇ. بۇنداق ئوغۇلنىڭ نېمە كېرىكى! شېرىن جانلىرىدىن
بەزمىگەن بولسىلا، ئۇ ئۆزلىرىگە قول سېلىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ
ھېساب كىتابىنى ياپقايلا! — دېگەنىدى، دىرسەخاننىڭ بېشىغا گويا
ئالەم دۇم كۆمتۈرۈلگەندەك بولدى:

— بۇنداق ئوغۇلنىڭ ماڭا كېرىكى يوق! ئۇنى تۇتۇپ كېلىڭ-
لار، بىر قوشۇق قېنىنى ئىچەي! — دېدى ئۇ.

نامەردلەر تۆمۈرنى قىزىقىدا سوقتى:

— ۋاي، خان ئاتا، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ ئوغۇللىرى بىزنىڭ
سۆزىمىزنى ئاڭلامدۇ، بىزنىڭ سۆزىمىز بىلەن بۇ يەرگە كېلەمدۇ.
ئۆزلىرى ئۇنى شىكارغا ئېلىپ چىقىمەن دېسىلە، ئۇ ياق دېمەيدۇ.
ئۆلتۈرىمەن دېسىلە، ئوۋ ئوۋلاپ، قۇش قۇشلاپ يۈرگەچ، تۇيدۇر-
مايلا ئوقتا تۇتىدىلا، خالاس. ئاتىنىڭ قولىدىن چىققان قازا ئوقىغا
كىمنىڭ بىرنېمە دېيىش ھەققى بولسۇن؟ — دەپ ئەقىل كۆرسى-
تىشتى ئۇلار.

دىرسەخان تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمەي، بۇ سۆزلەرگىمۇ
ئىشىنىپ كەتتى. بىر كۈنى سەھەردە ئوغلىنى يېنىغا ئېلىپ،
قىرىق نامەردنى كەينىگە سېلىپ شىكارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلىدى،
قۇش قۇشلىدى. قىرىق نامەرد يەنىلا نامەردلىكىنى قىلدى. ئاتى-
سىنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتمەيدىغان بوغاچ خاننىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ھەي، خان ئوغلى، نامى ئۇلۇغ ئاتاڭ ئىسمىڭ بىلەن
پەخىرلىنىدۇ. ئۇ: «بېرىپ ئېيتىڭلار ئوغلۇمغا، كېيىكلەرنى
سۈرۈپ كەلتۈرسۈن ئالدىمغا. تاماشا قىلىپ ئات مىنىشنى، قىلىچ
چېپىشنى، ئوق ئېتىشنى، چىقىراي ئىچ پۇشۇقۇمنى» دەيدۇ.
يۈر، ئۆزۈڭنى بىر كۆرسىتىپ قوي! — دېدى.

بوغاچ خاننىڭ قولىدىن ئۇچقان قۇش، قاچقان كېيىك قۇتۇلا-

لىسۇنمۇ! هايت ـ هۇيت دېگۇچە بىر توپ كېيىكنى ئالدىغا سېلىپ ئاتىسى تەرەپكە ھەيدەپ كەلدى. قىرىق نامەرد دىرسەخاننىڭ تومۇ-رىنى تۇتۇپ:

— خان ئاتا، كۆرۈپ تۇرۇپلا، ئوغۇللىرى ساي ـ سالادا كېيىكلەرنى ئالدىلىرىغا سۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ. مەلۇمكى، نىيىتى بۇزۇق، دېگىنىمىزدەك بولىدىغان بولدى. ئوقنى كېيىككە ئاتقان بولۇپ ئۆزلىرىگە ئاتماقچى. . . — دېيىشىگە، غاپىل دىرسەخاننىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى. كۆزىگە ئۆزىدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈن-مىدى. ئوغلى كېيىكنى قوغلاپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۇياق ـ بۇياققا ئۆتۈپ تۇرغاندا، دىرسەخان قاتتىق كىرىچلىك يايىنى قولىغا ئې-لىپ، ئۇزەڭگىگە دەسسەپ تۇرۇپ ئېتىۋىدى، ئوغلىنىڭ ئىككى تاغىقى ئارىسىغا تېگىپ، قىزىل قېنى شۇرقىراپ، ئوغۇل ئارغىمى-قىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ يەرگە يىقىلدى.

دىرسەخان ھۆركىرەپ يىغلىغىنىچە ئوغلىنىڭ ئۈستىگە ئۆزى-نى ئاتماقچى بولۇۋىدى، قىرىق نامەرد ئۇنىڭ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بۇراپ ئوردىسىغا ئېلىپ كەتتى.

ئۇ چاغلاردا بالا ئاتا ـ ئانىنىڭ ئىجازىتىسىز شىكارغا چىقىپ ئوۋ ئوۋلىمايتتى، قۇش قۇشلىمايتتى. بوغاچ خاننىڭ ئانىسى يە-گىتلەرنىڭ يىگىتى بولغان ئوغلىنىڭ ئاتىسىنىڭ قول ـ قانىتى ئاستىدا شىكارغا چىققىنىنى كۆرۈپ، «بۇ ئوغلۇمنىڭ تۇنجى شى-كارغا چىقىشى» دەپ ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرا، قويدىن قوچقار سويدۇرۇپ، چوڭ داستىخان سېلىپ ئوغۇز بەگلىرىگە توي بەرمەكچى بولدى. «كۈتكەنگە كۈن پاتماپتۇ» دېگەندەك، ئۇ ئوغلى-نىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلىپ، تاقىتى تاق بولغانىدى، ئاخىر چىدىماي، قىرىق كېنىزىكىنى كەينىگە سېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەتتى.

بىر ئوق يېتىم يەرگە بارا ـ بارمايلا ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى. ھەممەيلەننىڭ بېشى تۆۋەن چۈشكەنىدى. دىرسەخاننىڭ چىرايىغا قارىدى، ئوڭ ـ سولىغا كۆز يۈگۈرتتى. بوغاچ خاننى كۆرەلمىگەن

خانىشنىڭ كۆڭلىگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ يۈرىكى دۈپۈلدەپ كەت-
تى. قارا خۇمار كۆزلىرىگە قان - ياش تولۇپ، دىرسەخانغا مۇنداق
زارلاندى:

بىرى كەلسىلە، بىشىم بەختى، ئۆيۈم تەختى،
خان ئاتامنىڭ كۈيئوغلى، خانىش ئانامنىڭ ئارزۇ-
لۇقى،
كۆزۈم ئىچىپ كۆرگىنىم، كۆڭۈل بىرىپ سۆيگۈنۈم.
دەس تۇرۇپ ئورۇنلىرىدىن رۇسلاندىلا،
غاز بويۇن ئارغىماققا ئىرغىپ مىندىلە،
باغرى گۈزەل تاغلارغا شىكارغا چىقتىلا،
ئىككى كىتىپ بىر يىنىپلا، نە قىلىپ، نە ئەيلىدىلە؟
قىنى مىنىڭ جانجىگىرىم، قىنى مىنىڭ يالغۇز ئوغ-
لۇم؟
كور بولسۇن كۆرەر كۆزۈم، ياراشماس قاپىد-
قىم تارتىۋاتىدۇ،
بوغۇلسۇن سۈت تومۇرۇم، سىرقىراپ ئاغرىۋاتىدۇ.
سىرىق يىلان چاققاندەك، ئاق تىنىم ئىششىۋاتىدۇ،
يالغۇز ئوغلۇم كۆرۈنمىگەچ، يۈرەك - باغرىم يىنىۋا-
تىدۇ.
قۇرۇق - قۇرۇق ئۆستەڭلەرگە سۈچى سالدىم،
قارا تونلۇق دەرۋىشلەرگە سەدىقە بەردىم.
ئاچىنى كۆرسەم تويدۇردۇم، يالىڭاچنى كىيىندۇردۇم،
تىلەك بىلەن ئاران بىر ئوغۇل تاپقانىدىم.
هەي، دىرسەخان، دىرسەخان،
بوغاچىمنىڭ خەۋىرىنى چاپسان بەرسىلە!
قارشى ياتقان قارا تاغدىن ئۆچۈردىلىمۇ؟
قاندەك ئاققان ئىتتىك سۇدىن ئىبقىتتىلىمۇ؟
شىر بىلەن يولۋاسقا يىگۈزدىلىمۇ؟

قارا تونلۇق كۇپارغا ئالدۇردىلىمۇ؟
بۇقام، بوغاچىم قېنى؟
ئۇنىڭسىز بۇ ئۆمۈر هارام ماڭا!
ئۆيۈمنىڭ تۈۋرۈكى بوغاچ،
كۆزۈمنىڭ گۆهىرى بوغاچ!
بىر تال تۈكىنى ئالەمگە بەرگۈسىز،
بېشىم يولىغا قۇربانىم قېنى؟

دىرسەخان ئاتىنىڭ ئۈستىدە گويا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپلا قالدى، قىرىق نامەردنىڭمۇ زۇۋانى تۇتۇلدى. ئارىدىن بىرى دۇدۇقلاپ:

— ۋاي، خانىش ئالىيلىرى، دىرسەخان ئېغىر كەيپ، ئېغىز ئاچقۇدەك مادارى يوق. ئوغۇلنى سورىسىلا، ئۇ ساق - سالامەت، شىكارنىڭ پەيزىنى سۇرۇۋاتىدۇ. غازلىق تاغدا بىر توپ كېيىكنى سۈرۈپ قالدى. ئاخشام يانمىسا ئەتىگەن يانار. ئۆزلىرىنى شۇنچە ئۇپراتقۇدەك نېمە ئىش بار؟ — دېدى.

خانىش بۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئۇلارنىڭ «ئاللا بىر» دېگىنىگىمۇ ئىشەنمىدى. ئۇنىڭ بۇ سۆزى پىژىلداپ كۆيۈۋاتقان يۈرىكىگە سوغۇق سۇ سەپسۇنمۇ! ئىشەنمىشى ئىشەنمىدى، لېكىن يەنە ئۈمىدىنى ئۈزەلمىدى. قىرىق كېنىزىكىنى باشلاپ، قاتمۇقات دەگرىتاغلىرىنىڭ بېشىدىن قىش - ياز قار كەتمەيدىغان غازلىق تېغىغا قاراپ ئاتلاندى. ئويمان - چوڭقۇرلاردىن ئۆتۈپ، تاغ - داۋانلار ئېشىپ، بىر چوققىغا چىقىپ قارىسا، بىر جىرانىڭ ئىچىدە ئۇچۇشۇپ يۈرگەن بىر توپ قاغا - قۇزغۇنغا كۆزى چۈشتى. بوغاچ خان شۇ يەردە يىقىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى ئوۋۇ ئىتى قانغا ئولاشقان قاغا - قۇزغۇننى قوغلاپ يۈرەتتى.

بەختى قارا خانىش ئوغلىنىڭ يېنىغا ئۇچقاندەك يېتىپ بېرىپ، قىزىل قانغا مىلىنىپ ياتقان ئوغلىنى بىر كۆرۈپ، يەنە

بىر يېنىپ قارىيالمىدى. ئانا بولغۇچى بۇ ھالنى كۆرۈپ قانداقمۇ چىداپ تۇرالىسۇن. ئۇ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغان ھالدا نالە قىلىپ زار قاقشىدى:

ۋاي ئوغلۇم، يەتتە يىلدا ئاران تاپقان يالغۇزۇم،
قارا كۆزلىرىڭنى ئۇيقۇ بېسىپتۇ، ئاچقىن ئوغلۇم!
تاڭ سەھەردە يەل تەگدىمۇ؟
مىنگەن ئېتىڭ سەل بولدىمۇ؟
ياكى ئاي قاراڭغۇسىدا، ئەجەل كەينىڭدىن ماراپ كەل-
دىمۇ؟

غازلىق تېغىم غازلىق تاغ،
بەختى قارا بېشىڭ بار، تۇپرىقىڭ بار، تېشىڭ بار.
تىلەيمەن ئاللادىن، ئاقار سۇلىرىڭ ئاقماس بولسۇن،
ئېچىلار گۈللىرىڭ ئېچىلمىسۇن!
قۇرۇسۇن گىياھلىرىڭ، ياشارمىسۇن بوستانلىرىڭ.
تېزىپ كەتسۇن كېيىكلىرىڭ، يۇمران تېلىمنىڭ
بېشىغا چىقتىڭ.

خەستىلىك يۈرەكتىن چىققان بۇ پىغانلىق سادا قېنىدا قېنى، جېنىدا جېنى بولغان يۈرەك پارىسىنى ئويغاتمىسۇنمۇ! ئاشۇ ھايات ـ مامات مىنۇتلىرىدا قۇلاقلىرىغا ھىجران ساداسى كىرگەن بوغاچ كۆزلىرىنى لاپپىدە ئېچىپ ئانىسىنىڭ ھىدىنى ئالدى. يەنە بىر ئېچىپ قىرىق كېنىزەكنىڭ ھىدىنى ئالدى ـ دە، ھوشىغا كېلىپ مۇنداق دېدى:

بېرى كەل، ھەي، ئاق سۈت بېرىپ باققان ئانا،
ھۆرمىتىم، ئىززىتىم ئاق چاچ ئانا!
شارقىراپ ئاقسۇن سۇلار،
غازلىق تاغ سۇلىرىنىڭ گۇناھى يوق، قارغىما.

ئېچىلسۇن گۇل - چېچەكلەر،
غازلىق تاغ گۇللىرىنىڭ گۇناھى يوق، قارغىما.
ئىزغىرىن چىقسۇن شامالLار،
غازلىق تاغ شامىلىنىڭ گۇناھى يوق، قارغىما.
ئويناقشىسۇن ئاھۇ كېيىكلەر،
غازلىق تاغ كېيىكىنىڭ گۇناھى يوق، قارغىما.
ھۇۋۇلاۋەرسۇن شىر - يولۋاسلار،
غازلىق تاغ شىرلىرىنىڭ گۇناھى يوق، قارغىما.
دېيىشكە تىلىم بارماس، قارغىساڭ ئاتامنى قارغا،
ئۆزگىنىڭ سۆزىگە كىرىپ، زامىدىن بولدى ئەزىز
جېنىمغا!

ئاندىن ئۇ ئانىسىغا تەسەللى بېرىپ يەنە مۇنداق دېدى:
— يىغلىما جېنىم ئانا، سادىغاڭ كېتەي بوز ئاتلىق خىزىرغا.
ئۇ مۇبارەك قولى بىلەن ئۇچ قۇر سىلاپ يارامنى: «ھەي ئوغلۇم،
ئاللا ئۆلتۈرمەيمەن دېسە ئۆلتۈرمەيدۇ ئىنسانىنى. قورقما، بۇ جارا-
ھەتتىن ئۆلۈم يوق ساڭا، تاغ چېچەكلىرى ئاناڭنىڭ سۈتى بىلەن
مەلھەم قىلىپ سۈرۈلسە، يارالاڭ ساقىيىپ كېتەر سەللىمازا» دەپ
قويۇپ كەتتى. دەردىمنىڭ دەرمانى سەندۇرسەن ئانا!
بۇنى ئاڭلىغان قىرىق كېنىزەك قىرىق ئېتەك تاغ چېچىكى
تېرىپ كەلدى. مېھرىبان ئانا ئەمچىكىنى بىر سىقىۋىدى سۈت
چىقمىدى، ئىككى سىقىۋىدى يەنە چىقمىدى. ئۈچىنچىسىدە كۆك-
سىگە بىرنى ئۇرۇۋىدى، خۇدانىڭ ھېكمىتى بىلەن قان ئارىلاش
سۈت بۇلدۇقلاپ چىقتى. ئۇ ھېلىقى چېچەكلەرنى بۇ سۈتكە
ئارىلاشتۇرۇپ مەلھەم قىلغاندىن كېيىن، «بىسمىللا» دەپ ئوغلى-
نىڭ يارىسىغا چاپتى. ئاندىن ئۇنى يوشۇرۇنچە ئوردىغا يۆتكەپ،
دىرسەخانغا ئۇقتۇرماي قىرىق كۈن داۋالىدى. قىرىق بىرىنچى
كۈنى بوغاچ خان سەللىمازا ساقىيىپ، ئات مىنىپ، قىلىچ تۇتالاي-
دىغان بولدى. دىرسەخاننىڭ بۇنىڭدىن خەۋىرى يوق ئىدى، ئوغلى-

نى ئۆلدى، دەپ بىلەتتى.

قىرىق نامەرد بۇنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى. ئۇلار ئۆز بېشىنىڭ غېمىگە چۈشۈپ يەنە بىر نامەردلىككە ئۆرۈندى:

— ھەي يارانلەر! — دېيىشتى ئۇلار، — دىرسەخاننىڭ چىرايىدىن ئۇ كۈنكى ئىشقا بىر پۇشايمانلىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئوغلىغا شۇنچىلىك ئىچى ئېچىشۋاتىدۇكى، ئۈچ ئۇچۇم قېنىمىزنى ئىچىسمۇ ئۆچى چىقمايدىغاندەك تۇرىدۇ. ئەگەر ئوغلى ئوڭلىنىپ، ئۇ بۇ ئىشتا بىزنىڭ ئەيىبكار ئىكەنلىكىمىزنى ئۇقۇپ قالسا، بىزنىڭ تۈگەشكىنىمىز شۇ. ئەڭ ياخشىسى بىر ئامال قىلىپ ئۇنى تۇتايلى ـ دە، كۇپارلار ئىچىگە ئاپىرىپ تاشلايلى...

ئۇلار بۇ تۇزاقنى قۇرۇپ، دىرسەخاننى يەنە ھۆل خىشقا دەسسىتىپ، بىر يولنى تېپىپ ئۇنى قىر ـ دالاغا ئېلىپ باردى. تۇز، نان ھەققىنى بىلمىگەن بۇ خائىنلار نە خان دېمىدى، نە خاندان دېمىدى؛ نە ئاماننى بىلمىدى، نە ياماننى بىلمىدى. ئاق قوللىرىنى كەينىگە باغلاپ، بوينىنى قىل ئارغامچا بىلەن چىگىپ، ئاق تېنىدىن قان چىققۇچە ئۇرۇپ، ئاتلىرىنىڭ ئالدىغا سېلىپ كۆپ نوپۇسلۇق كۇپار ئېلىگە ھەيدەپ مېڭىشتى. دىرسەخاننىڭ تۇتقۇن بولغانلىقىدىن ئوغۇز بەگلىرىنىڭ خەۋىرى بولمىدى.

بۇنى ئاڭلىغان دىرسەخاننىڭ خانىشى باشلىرىنى مۇشتلاپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

كۆردۈڭمۇ ئوغلۇم، بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى،
خادا تاشلار قىمىرلىماي يەر ئويۇلدى.
ئەلدە دۈشمەن يوق تۇرۇپ يېغى كەلدى،
قىرىق نامەرد غاپىل ئاتاڭنى تۇتۇپ كەتتى.
خان ئوغلۇم دەرھال ئورنىڭدىن تۇرغىن،
قىرىق يىگىتىڭنى يېنىڭغا ئالغىن.

ئاتاڭ ساڭا قىلغان بولسا، سەن ئاتاڭغا
قىلمىغىن،
قىرىق نامەردكە تېتىپ، خان ئاتاڭنى
قۇتقۇزغىن.

بوغاچ خان ئانىسىنىڭ سۆزىنى يەردە قويمىدى. ئورنىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، قارا پولات مىسران قىلىچىنى بېلىگە ئېسىپ، قاتتىق كىرىچلىك يايىنى مۈرىسىگە سېلىپ، ئالتۇن نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ، «يائاللا» دەپ ئېتىغا مىندى. قىرىق يىگىتنى كەينىگە سېلىپ، تۆپىلەردىن يەلدەك، جىلغىلاردىن سەلدەك ئۆتۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. قارىغۇدەك بولسا، قىرىق نامەرد بىر ئورمانلىقتا هاراق - شارابقا غەرق بولۇپ ياتقانىكەن. بوغاچ خان ئات چېچىپ كەلدى. قىرىق نامەرد كەلگەنلەرنىڭ كىملىكىنى بىلىش ئۈچۈن بويۇنلىرىنى سوزۇشقىلى تۇردى ۋە:

— يۇرۇڭلار ئۇنى تۇتۇپ كېلىپ بۇ ئىككىسىنى كۇپارلارغا ئاپىرىپ بېرەيلى، — دېيىشتى. بىراق، دىرسەخان بىردىن:

— قىرىق يولدىشىم ئامان، خۇدانىڭ بىرلىكىگە يوقتۇر گۇمان. ئۇنداق قىلماڭ، سادىغاڭ كېتەي يىگىتلەر، بىكاردىن ئۇرۇشماڭلار، قان تۆكۈلەر، بەزىلەر يارىلىنىپ، بەزىلەر ئۆلەر. ئۇنىڭدىن كۆرە بېرىڭلار قوۋۇزىمنى، ساز ئاڭلىسا ساز بىلەن، سۆز ئاڭلىسا سۆز بىلەن قايتۇراي ئۇلارنى. ئاندىن كېيىن خالاڭ ئۆلتۈرۈڭ، خالاڭ كۇلدۇرۇڭ مېنى... — دەپ يېلىنىپ يالۋۇردى.

شۇنداق قىلىپ، قىرىق نامەرد دىرسەخاننىڭ قولىنى يېشىپ قوۋۇزىنى بېرىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. دىرسەخان ئۇنىڭ ئۆز ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلمەي شۇنداق دېدى:

غاز بويۇن تۇلپارلار كەتسە مېنىڭ كېتەر،
ئىچىدە سېنىڭمۇ مىنەرىڭ بولسا دېگىن ماڭا،

ئۇرۇشماي ئېلىپ بېرەي، يان كەينىڭگە!
ئېغىللاردىن تۇمەن قوي كەتسە مېنىڭ كېتەر،
ئىچىدە سېنىڭمۇ يېيەرىڭ بولسا دېگىن ماڭا،
ئۇرۇشماي ئېلىپ بېرەي، يان كەينىڭگە!
قايتاپاندا تۆگىلەر كەتسە مېنىڭ كېتەر،
ئىچىدە سېنىڭمۇ كۇلۇكىڭ بولسا دېگىن ماڭا،
ئۇرۇشماي ئېلىپ بېرەي، يان كەينىڭگە!
ئالتۇن ناۋالىق ئۆيلەر كەتسە مېنىڭ كېتەر،
ئىچىدە سېنىڭمۇ ھۇجراڭ بولسا دېگىن ماڭا،
ئۇرۇشماي ئېلىپ بېرەي ، يان كەينىڭگە!
ساھىبجامال كېلىنلەر كەتسە مېنىڭ كېتەر،
ئىچىدە سېنىڭمۇ لايىقىڭ بولسا دېگىن ماڭا،
ئۇرۇشماي ئېلىپ بېرەي، يان كەينىڭگە!
ئاقساقاللىق خوجىلار كەتسە مېنىڭ كېتەر،
ئىچىدە سېنىڭمۇ ئاتاڭ بولسا دېگىن ماڭا،
ئۇرۇشماي قۇتقۇزاي، يان كەينىڭگە!
مېنى دەپ كەلگەن بولساڭ، ئوغلۇمنى ئۆلتۇرگەنمەن،
ساڭا ھېچ گۇناھ يوق يىگىت، يان كەينىڭگە!

بوغاچ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ مۇنداق دېدى:

قولدىن كەتسە غاز بويۇن تۇلپارلىرىڭ،
مېنىڭمۇ بىللە كېتەر، بۇنى قويمايمەن قىرىق نامەردكە!
قولدىن كەتسە قايتاپاندىكى تۆگىلىرىڭ،
مېنىڭمۇ بىللە كېتەر، بۇنى قويمايمەن قىرىق نامەردكە!

قولدىن كەتسە قوتاندىكى قويلىرىڭ،
مېنىڭمۇ بىللە كېتەر، بۇنى قويمايمەن قىرىق
نامەردكە!

قولدىن كەتسە ساھىبجامال كېلىنلىرىڭ،
لايىقىممۇ بىللە كېتەر، بۇنى قويمايمەن قىرىق
نامەردكە!

قولدىن كەتسە ئالتۇن ناۋالىق ئۆيلىرىڭ،
مېنىڭ ھۇجرامموۇ بىللە كېتەر، بۇنى قويمايمەن
قىرىق نامەردكە!

ئاقساقاللىق خوجىلار كەتسە،
ئالجىغان ئاتاممۇ بىللە كېتەر، بۇنى قويمايمەن
قىرىق نامەردكە!

بوغاچ خان ئاتىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، قىرىق يىگىتكە «يۈرۈڭلار!» دەپ قول ئىشارىتى قىلدى. قىرىق يىگىت ئاتلىرىنى ئۆكچىلەپ ئۇ ئوغلانىڭ يېنىغا توپلاندى. ئۇلار قىرىق نامەردنىڭ ئۈستىگە بۆركۈتتەك ئېتىلدى. ھېلىقىلار ئاغزىم - كۆزۈم دەپ ئەقلى - ھوشىنى تاپقۇچە نەچچىسىنىڭ كاللىسى يەرگە چۈشۈپ، نەچچىسى زەنجىرگە باغلاندى. شۇنداق قىلىپ، بوغاچ خان قىرىق نامەردنىڭ بىرىنى قويماي يوقىتىپ ئاتىسىنى قۇتقۇزۇپ كەلدى.

دىرسەخان يېڭىۋاشتىن دۇنياغا كەلگەندەك بولۇپ، ئەلگە كاتتا داستىخان سېلىپ توي بەردى. پەلەكمۇ يەنە بىر ياشقا كىردى. خانلار خانى بايىندىرخانمۇ يەنە بىر قېتىم مەردلىكنىڭ نامەردلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ، بوغاچ خانغا بەگلىك ئۈستىگە بەگلىك، تەخت ئۈستىگە تەخت بەردى.

قورقۇت ئاتىمۇ كېلىپ قوشاق قوشۇپ، بېيىت ئېيتىپ بۇ ئوغۇزنامىنى تۈزدى ۋە:

ئۇلارمۇ بۇ دۇنياغا كەلدى ـ كەتتى،
كارۋان كەبى قوندى ـ كۆچتى.
ئۇلارنىمۇ ئەجەل ئالدى، يەر يۇتتى،
پانىي دۇنيا كىمگە قالدى؟

دېگەندىن كېيىن خانلار خانىغا بەش كەلىمە دۇئا قىلدى:

«ئەي خانىم! قارا ئۆلۈم كەلگەندە خۇدا ساڭا ئامانلىق بەرسۇن! ئامان قالغانلار ئۈچۈن دۆلىتىڭنى زىيادە قىلسۇن! ئۇلۇغ ئاللا ساڭا يار بولسۇن! بەخت ـ سائادەت تىلەيلى ساڭا، ئالدىڭدىكى قارا تېغىڭ يىقىلمىسۇن! بۈك ـ باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! شارقىراپ ئاققان سۇلىرىڭ قۇرۇمىسۇن! قاناتلىرىڭنىڭ ئۇچى سۇنمىسۇن! چاپقىنىڭدا ئاق بوز ئېتىڭ پۇتلاشمىسۇن! ئۇرغىنىڭدا قارا پولات قىلىچىڭ پۇچۇلمىسۇن! سانجىغىنىڭدا ئۇزۇن نەيزەڭ قايرىلمىسۇن! ئاق چاچلىق ئاناڭنىڭ يېرى جەننەت بولسۇن! ئاق ساقاللىق ئاتاڭنىڭ يېرى بېهىش بولسۇن! ھەق ياندۇرغان چىرىغىڭ يېنىپ تۇرسۇن! قادىر ئاللا سېنى نامەردكە موھتاج قىلمىسۇن! ھەممەيلەننىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت ئەيلەپ، دۇئايىمىزنى ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەدنىڭ ھۆرمىتىگە ئىجابەت قىلسۇن! ئامىن دەيلى، ئامىن دېگەنلەرنى ئاللا ئاخىرقى نەپەستە ئىماندىن ئايرىمىسۇن. . . »

لېكىن، كېلىپ ـ كېتىدىغان دۇنيا، ئاقىۋەتى ئۆلۈملۈك دۇنيا كىمگە قالسۇن؟ ئاخىرى ئۇلارغا قالدى. قالا ـ قالا ئۇلاردىن بۇ داستان قالدى.

# سالۇرقازاننىڭ ئۆردىسىنىڭ ئولجىغا كېتىشى

كۈنلەردىن بىر كۈنى، قاراچۇغىنىڭ قاپلانى، ئامىت قەبىلىسىنىڭ ئارسلانى، يىگىتلەرنىڭ تىرىكى، يوقسۇللارنىڭ تىلىكى، قوڭۇر ئاتنىڭ ئىگىسى، خان ئۇرۇزنىڭ ئاتىسى، بايىندىرخاننىڭ كۈيئوغلى، نوپۇزلۇق ئوغۇزنىڭ دۆلىتى ئۇلاش ئوغلى سالۇر قازان ئورنىدىن دەس تۇردى؛ قارا يەرنىڭ ئۈستىگە توقسان باشلىق[1] ئوتىقىنى تىكتۇردى. توقسان يەرگە ئالىيېشىل زىلچىلار، يىپەك جايىنامازلار سالدۇردى. سەكسەن يەرگە چوڭ كۆپلەر قويۇلۇپ، ئالتۇن قەدەھلەر تىزىلدى. توققۇز نەپەر قارا كۆز، ساھىبجامال، چاچلىرى كەينىگە ئۆرۈكلۈك، مەيدىسى قىزىل تۈگمىلىك، قوللىرى بېغىشىغىچە خېنىلىك، بارماقلىرى نەقىشلىك ئوماق كۆپار قىزلىرى نوپۇزلۇق ئوغۇز بەگلىرىگە قەدەھ سۇنۇشۇپ، ئەيش - ئىشرەتتە ئولتۇرۇشاتتى. شاراب سالۇر قازاننىڭ چىرايىغا تەپكەندە، ئۇ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— ئۈنۈمنى ئاڭلاڭلار، سۆزۈمنى تىڭشاڭلار بەگلەر: يېتىۋېرىپ يېنىمىز پاتتى، تۇرۇۋېدۇق بېلىمىز قاتتى. يۈرۈڭلار، ئوۋ ئوۋلايلى، قۇش قۇشلايلى، بۇغا - مارال ئاتايلى، ئوتاقىمىزغا يانايلى. يەيلى - ئىچەيلى، كەيپىمىزنى سۈرەيلى!

— خوپ، خانىم قازان، خان قازان، توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى قاياسەلچۇق ئوغلى تەلۋە دۇندار.

— خوپ، ئاغام قازان، خان قازان، توغرا دېدىڭىز، — دېدى قارا گۈنە ئوغلى قارا پۇتاق.

---

① توقسان باشلىق ئوتاق — چاڭغىرىقى توقسان ياغاچلىق چوڭ ئۆي.

بۇنى ئاڭلىغان ئات ئېغىزلىق ئارۇزخوجا تىزلىنىپ ئولتۇ-
رۇپ:
— خان قازان، خانىم قازان، يېنىمىزدا چىرىك دىنلىق
گۇرجىستان، بىرەيلەننى قويۇپ كەتمىسەك، ئوردىڭىز تۇرامدۇ
ئامان؟ — دېدى.

قازان بەگ ئۈچ يۈز يىگىت بىلەن ئوغلى ئۇرۇزنى ئوردىغا
قالدۇرۇپ قوڭۇر ئارغىمىقىغا مىندى، ئاق قاشقا ئايغىرغا دۇندار
مىندى، كۆك دۇلدۇلنى تۇتتۇرۇپ، قازان بەگنىڭ ئىنىسى قارا
گۇنە مىندى، ئاق دۇلدۇلنى توقۇتۇپ، بايىندىرخاننىڭ يېغىسىنى
باسقان شىر شەمسىددىن مىندى، پاراسارنىڭ بايبۇرت قەلئەسىدىن
ئۇچۇپ چىققان بۆگرەك بوز ئايغىرىغا مىندى. . . سانىغانغا تۇگى-
مەس، پۈتۈن نوپۇزلۇق ئوغۇز بەگلىرى ئاتلىنىپ، ئالا تاغقا لەش-
كەر تارتىپ شىكارغا چىقىشتى.

كۇپارلار جاسۇسى تىڭ تىڭلاپ بۇ هالنى شۇئان كۇپارلار
هۆكۈمدارى شۆكلى خاقانغا يەتكۈزدى. پىشىنىڭ ئىككى يېنىدا
چىكى بار ئۇزۇن تون كىيگەن، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن يارما
ئايرىپ ئۆرۈلگەن ئۇزۇن قارا چاچلىق يەتتە مىڭ كۇپار ئاتلىنىپ،
تۇيۇقسىز هۇجۇمغا ئۆتتى. ئۇلار تۈن يېرىمىدا قازان بەگنىڭ
ئوردىسىغا كېلىپ، تۆڭلۈكى ئالتۇن ئۆيلىرىنى بېسىۋالدى. سا-
هىبجامال قىز - كېلىنلىرىنى قىيا - چىيا چىرقىرىتىپ، ئېغىل-
لاردىكى شاهۋاز ئاتلىرىنى مىنىشىپ، قاتار - قاتار تۆگىلىرىنى
يېتىلىشىپ، ئېغىر خەزىنە، نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈشلىرىنى
غەنىيمەت ئالدى. قىرىق نەپەر ئىنچىكە بەللىك كېنىزەكلىرى
بىلەن زىلۋا بوي، تاۋى نازۇك خانىشى بۇرلا خېنىمنى ئەسىرگە
ئالدى. قازان بەگنىڭ ياشانغان ئانىسى قارا تۆگىنىڭ بوينىدا
ئېسقلىق كەتتى. خان قازاننىڭ ئوغلى ئۇرۇزبەگ ئۈچ يۈز يىگىتى
بىلەن قول - بويۇنلىرى باغلاقلىق كەتتى. ئەيلىك خوجا ئوغلى
سېرىق قۇلماش قازان بەگنىڭ ئۆيى يولىدا شېهىت بولدى. بۇ
ئىشلاردىن قازان بەگنىڭ خەۋىرى بولمىدى.

كۆپارلارنىڭ گۆلقەقەلىرى ئېچىلىپ، قىن - قىنىغا پېتىش-
ماي كەتتى.

— بەگلەر، — دېدى كۆپار خاقانى، — قازاننىڭ شاھۋاز ئاتلى-
رىغا مىندۇق، قاتار - قاتار تۆگىلىرىنى يېتىلىدۇق،
ئالتۇن - كۆمۈشلىرىنى غەنىيمەت ئالدۇق، ئۈچ يۈز يىگىتى بىلەن
ئوغلى ئۇرۇزنى ئەسىرگە ئالدۇق، بىلى نازۇك قىرىق كېنىزىكى
بىلەن قازاننىڭ خانىشىنى قولىغا چۈشۈردۇق. ئۇنىڭغا تازا
تېتىدۇق...

— قازان بەگكە تېتىيدىغان يەنە بىر ئىش قالدى، — دېدى
كۆپارلاردىن بىرى.

— قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدى شۆكلى خاقان.

— قازاننىڭ قارا دەرۋەندە ئون مىڭ قويى بار، ئۇنىمۇ ئال-
ساق، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەلەم بولىدۇ، — دېدى كۆپار.

— ئالتە يۈز ئادەم بېرىپ قويلارنى ھەيدەپ كەلسۇن، — دەپ
ئەمر قىلدى شۆكلى خاقان.

شۇ كېچىسى قاراچۇق چوپان قارا قايغۇلۇق چۈش كۆردى.
ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ، قىيان كېچىك ۋە تۆمۈر كېچىك دېگەن
ئىككى ئىنىسىنى يېنىغا ئېلىپ، ئېغىللارنىڭ ئىشىكىنى چىڭ
تاقاپ، ئۈچ يەرگە تاش توپلاپ، ئالا سالغىسىنى قولىغا ئالدى.
ھەش - پەش دېگۈچە ئالتە يۈز كۆپار قاراچۇق چوپانغا قاراپ
سەلدەك بېسىپ كېلىپ:

قاراڭغۇ كېچىدە قايغۇلۇق چوپان،
قار - يامغۇر ياغقاندا چاقماقلىق[1] چوپان،
سۈت - قېتىقى مول قايماقلىق چوپان!
قازان بەگنىڭ تۆشلۈكى ئالتۇن ئۆيلىرىنى
بېسىۋالدۇق،
ئېغىللاردىكى شاھۋاز ئاتلىرىنى بىز مىندۇق،

① چاقماقلىق — ئىسسىنىدىغان ئوتى بار دېگەن مەنىدە.

قاتار ـ قاتار تۆگىلىرىنى بىز يېتىلىدۇق،
ياشانغان ئانىسىنى بىز ئېلىپ كەتتۇق،
ئېغىر خەزىنە، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىنى
غەنىيمەت ئالدۇق،
ساھىبجامال قىز ـ كېلىنلىرىنى خوتۇن قىلدۇق،
قىرىق يىگىتى بىلەن ئوغلىنى ئەسىر ئالدۇق،
قىرىق كېنىزىكى بىلەن خانىشىنى تۇتۇپ كەتتۇق!
ئەي چوپان، يىراق ـ يېقىنىڭنى يىغىپ كەل،
بېشىڭ ئېگىپ بىزگە سالام بەر.
ئۆلتۈرمەي ئېلىپ بارايلى سېنى شۆكلى خاقانغا،
بەگلىك ئېلىپ بېرەيلى ئۇنىڭدىن ساڭا.

چوپان ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى: دېدى.

قۇرۇق گېپىڭنى قوي، ئەي ئىت كۇپار،
ئىتىم بىلەن بىر يالاقتا يۇندامنى ئىچكەن كۇپار،
ئاستىڭدىكى ئالا ئېتىڭنى نېمىگە ماختايسەن،
ئالا باشلىق ئۆچكەمگە تەڭ قىلمايمەن ئۇنى!
بېشىڭدىكى دۇبۇلغاڭنى نېمىگە ماختايسەن،
بېشىمدىكى بۆكۈمچە كۆرمەيمەن ئۇنى!
ئاتمىش تۇتام نەيزەڭنى نېمىگە ماختايسەن،
قولۇمدىكى تايىقىمچە كۆرمەيمەن ئۇنى!
قارا پولات قىلىچىڭنى نېمىگە ماختايسەن،
ئەگرى باشلىق كالتىكىمچە كۆرمەيمەن ئۇنى!
ئوقدىنىڭدا توقسان ئوقۇڭنى نېمىگە ماختايسەن،
ئالا سالغامچە كۆرمەيمەن ئۇنى!
يىراق ـ يېقىنىڭنى يىغىپ كەل،
شۇندا كۆر يىگىتلەرنىڭ ئېلىشقىنىنى!

كۆپارلار شۇئان ئۇنىڭغا قاراپ ئاتلىرىنى ئۆكچىلەپ، ئوقلىرىنى بەتلەشتى. ئادەم ئەجدىھاسى قاراچۇق چوپان سالغىنىغا تاش بېسىپ ئېتىشقا باشلىدى. بىر ئاتقىنىدا ئىككى - ئۈچىنى، ئىككى ئاتقىنىدا ئۈچ - تۆتىنى يىقىتتى. كۆپارلارنىڭ ئەرۋاھى ئۇچتى. قاراچۇق چوپان ئۈچ يۈز كۆپارنى سالغا تېشى بىلەن يەرگە يىقىتتى. ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسىغا ئوق تېگىپ شېھىت بولدى. چوپان ئېتىشنى توختاتماي، ئالدىغا كەلگەننى يىقىتىۋەردى. كۆپارلارنىڭ بېشىغا ئالەم زىندان بولدى. ئۇلار، «بۇ ئوخشاش چوپان ھەممىمىزنى قىرىۋېتىدىغان ئوخشايدۇ» دېيىشىپ ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىشتى.

چوپان شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدى. ئۇ مىڭ بىر كۆپار ئۆلۈكىنىڭ بېشىنى يىغىپ بىر يەرگە دۆۋىلەپ، چاقماق چېقىپ ئوت يېقىپ، يەكسىز يېپىنچىسىدىن بىر پارچە يىرتىپ ئوتتا كۆيدۈرۈپ، كۈلىنى يارىسىغا باستى ۋە يول بويىدا ئولتۇرۇپ: «سالۇر قازان، بەگ قازان ئۆلۈكمۇسەن، تىرىكمۇ، ھالىڭ نىچۇك دېمەيسەن، بۇ ئىشلاردىن خەۋىرىڭ يوقمۇ؟» دەپ كۆز يېشى قىلدى.

دەرۋەقە شۇ كېچە، نوپۇزلۇق ئوغۇزنىڭ دۆلىتى، بايىندىرخاننىڭ كۈيئوغلى، ئۇلاش ئوغلى سالۇر قازان قارا قايغۇلۇق چۈش كۆرۈپ چۆچۈپ ئويغىنىپ:

— بىلەمسەن قارا گۈنە، كۆرگەن چۈشۈمنى: تەلپۈنگەن بۈركۈت ئېلىپ كەتتى، قولۇمدىكى قۇشۇمنى، كۆكتىكى چاقماقلار ئۆرتىدى، تۈگۈلۈكى ئالتۇن ئۆيۈمنى؛ قارا تۇمان باستى ئوردىگاھىمنى، ئاچ بۆرىلەر تالىدى بار - يوقۇمنى؛ قارا دىۋە قايرىپ تۈتتى گەجگەمنى، قارا چېچىم نەيزە بولۇپ ئۈزاردى؛ ئۈزدىراپ يۈز - كۆزۈمنى يېپىۋالدى، قوللىرىم بىلەككىچە قانغا پاتتى. شۇنىڭدىن بېرى تاپالمىدىم ئەقىل - ھوشۇمنى، ئەي قېرىنداش ئېيتساڭچۇ، بۇ چۈشنىڭ تەبىرىنى؟ — دېدى.

— قارا بۇلۇت سېنىڭ دۆلىتىڭدۇر، قار - يامغۇر لەشكىرىڭ-

دۇر. قارا چاچ قارا قايغۇدۇر، قالغىنىنى خۇدا بىلىدۇ، — دەپ تەبىر بەردى قارا گۇنە.

بۇنى ئاڭلىغان قازان بەگ:

— شىكار بۇزۇلمىسۇن، يارەنلىرىم تارقىمىسۇن! مەن هازىر-لا قوڭۇر ئاتتا ئاتلىناي، ئۈچ كۈنلۈك يولنى بىر كۈندە باساي، پېشىنگە قالماي يۇرتقا يېتەي، ئوردا ئامان بولسا، كەچ كىرمەس-تىن يېتىپ كېلەي. دېگەن قارارغا كېلەلمىسەم، ئۆزۈڭلارغا ئاگاھ بولۇڭلار، — دېدى - دە، قوڭۇر ئارغىمىقىنى ئۆكچىلەپ يولغا راۋان بولدى.

يۇرتىنىڭ يېنىغا كېلىپ قارىسا، هاۋادا ئەگىپ يۈرگەن قاغا - قۇزغۇن، يەردە تىنتىپ يۈرگەن تايغىنىدىن باشقا نەرسە قالمىغانىدى. بۇ هالنى كۆرگەن قازان بەگ مۇنداق دېدى:

قۇلان بىلەن كېيىككە قوشنا يۇرتۇم،
ئالا ئاتلىق كۇپاردىن يىراق يۇرتۇم.
ئاق ئۆيلىرىمنىڭ ئورنى قاپتۇ،
قېرى ئانامنىڭ ئولتۇرغان يېرى قاپتۇ.
ئوغلۇم ئۇرۇز ئوق ئاتقان نىشان[1] قاپتۇ،
ئوغۇز بەگلىرى ئات چاپتۇرغان مەيدان قاپتۇ.
سېنى قاچان يېغى باستى گۈزەل يۇرتۇم!

بۇ هاللارنى كۆرگەن قازان بەگنىڭ قارا كۆزلىرى قانغا تول-دى، قانلىرى قايناپ، قارا باغرى ئۆرتەلدى. قوڭۇر ئارغىمىقىنى ئۆكچىلەپ كۇپارلار ئۆتىدىغان يولغا چۈشتى. ئالدىغا بىر دەريا ئۇچرىدى. ئۇ: «سۇ كۆرەرمىش ئاللانىڭ جامالىنى، بۇ سۇغا ئېيتاي دەردۇهالىمنى» دېگەن ئويغا كېلىپ يەنە مۇنداق دېدى:

① نىشان — ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلغاندا قارىغا ئالىدىغان نىشان تاختىسى.

شارقىراپ قىيالاردىن چىققان سۇ،
نوھنىڭ كېمىسىنى ئويناتقان سۇ.
ھەسەن بىلەن ھۈسەننىڭ ھەسرىتى سۇ،
باغۇبوستانلارنىڭ زىننىتى سۇ.
ئايشە بىلەن پاتىمەنىڭ نىكاھى سۇ،
شاھۋاز ئاتلارنىڭ ئىچكىنى سۇ.
قىزىل تۆگىلەرنىڭ كەچكىنى سۇ،
ئوردامنىڭ خەۋىرىنى بەرسەڭچۇ،
قارا بېشىم قۇربان ساڭا سۇ!

سۇ نەدىن خەۋەر بەرسۇن! قازان بەگ سۇدىن ئۆتۈشكە ئالدىغا بىر بۆرە چىقتى. ئۇ: «مۇبارەكمىش بۆرىنىڭ يۈزى، ئۇنىڭغا ئېيتىپ كۆرەي ھالىمنى» دەپ ئويلاپ مۇنداق دېدى:

قاراڭغۇ كېچىدە كۈنى تۇغقان،
قار - يامغۇر ياغقاندا ئەردەك تۇرغان.
قوچقار باشلىق ئاتلارنى كىشنەتكەن،
قىزىل تۆگىلەرنى بۆكىرەتكەن،
ئاق قويلارغا قۇيرۇقنى شىپپاڭشىتقان،
ئۆزىنى ئۇرۇپ مەھكەم قوتاننىڭ كەينىنى بۇزغان،
سېمىزىنى تۇتۇپ ئېلىپ قاچقان،
قۇيرۇقنى ئۇزۇپ غۇرت - غۇرت يۇتقان،
ئۇنى يامان ئىتلارغا خىرىس قىلغان،
چوپانلارنى كېچىلىرى ئۇخلاتمىغان،
ئەي بۆرە، ئوردامنىڭ خەۋىرىنى بەرگىن ماڭا،
قارا بېشىم قۇربان بولسۇن بۆرەم ساڭا!

بۆرە نەدىنمۇ خەۋەر بەرسۇن! قازان بەگ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەندە، ئالدىغا قاراچۇق چوپاننىڭ قارا ئىتى چىقتى. قازان

ئۇنىڭدىنمۇ ئۇردىسىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى:

قاراڭغۇ كېچىدە ھاۋ ـ ھاۋ ھۇرگەن،
ئاچچىق ئايران تۆكۈلگەندە شاپ ـ شاپ ئىچكەن،
كەلگەن ئوغرىلارنىڭ ئالدىنى توسقان،
ھەيۋە بىلەن قورقۇتۇپ سۈرگەن،
ئەي قاۋان، ئۇردامنىڭ خەۋىرىنى بەرگىن ماڭا،
قارا بېشىم قۇربان، ياخشىلىق قىلاي ساڭا!

ئىت نەدىن خەۋەر بەرسۇن! ئۇنى تونۇپ، ئىتنىڭ ئايىغىنى يىقىلىپ، ئۇيناقشىپ غىڭشىشقا باشلىدى. قازان ئىتقا بىر چالما ئېتىۋىدى، ئىت كەينىگە يېنىپ، كەلگەن يېرىگە قاراپ قاچتى. قازان ئىتنىڭ كەينىدىن قوغلاپ قاراچۇق چوپاننىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە ئۇنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

قاراڭغۇ كېچىدە قايغۇلۇق چوپان،
قار ـ يامغۇر ياغقاندا چاقماقلىق چوپان،
ئالا ئاتلىق قارا كۇپار ئۇردامنى ئولجا ئاپتۇ،
توقسان باشلىق ئوتنقىم قولدىن كېتىپتۇ،
ئەھۋالىنى ئېيتقىن چوپان ماڭا،
قارا بېشىم قۇربان بولسۇن، ساڭا!

چوپان بولغان ـ ئەتكەننى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلىپ مۇنداق دېدى:

ئۆلدىڭىزمۇ، يىتتىڭىزمۇ ئەي قازان،
نەدە ئوتلاپ، نەدە سۇلاپ يۈردىڭىز شۇئان!
تۈن ئەمەس، ئالدىنقى كۈن ئوردىڭىز ئولجىغا كەتتى،
ياشانغان ئانىڭىز قارا تۆگىنىڭ بويىندا كەتتى،

قىرىق كېنىزەك بىلەن ھالىلىڭىز بۇرلا خېنىم،
كۇپار ئالدىدا قان - زار يىغلاپ تۇتقۇن كەتتى،
قىرىق يىگىتنىڭ گۇلى ئوغلىڭىز ئۇرۇز،
بوينى باغلاقلىق، يالاڭۋاش، يالاڭ ئاياغ ئەسىر
كەتتى.

ئېغىلدىكى شاھۋاز ئاتلارنى كۇپارلار مىندى،
قاتار - قاتار تۆگىلەرنى يېتىلەپ كەتتى،
ئالتۇن - كۇمۇش، خەزىنىلەرنى يۇكلەپ كەتتى!

چوپاننىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ قازان بەگ ئاھ ئۇرۇپ، ئەقلىنى يوقاتتى، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئالەمنى تۇتەك باسقاندەك بولدى.

— ئاغزىڭغا تاش، تىلىڭ قۇرۇسۇن، زۇۋانىڭ تۇتۇلسۇن چوپان، خۇدا پېشانەڭگە قازا يازسۇن چوپان! — دېدى قازان بەگ.

— نېمىگە كايىيسىز بېگىم قازان، قەلبىڭىزدە يوقمۇ ئىمان! — دېدى چوپانمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن. ئاندىن ئۇ ئۆز بېشىغا كەلگەنلەرنى بايان قىلىپ، — ماڭىمۇ ئالتە يۇز كۇپار ئېتىلىپ كەلدى، ئىككى قېرىندىشىم يولىڭىزدا شېھىت بولدى. ئۇچ يۇز كۇپارنى ئۆلتۇردۇم، سېمىز قوي - قوزىلىرىڭىزدىن بىرىنىمۇ كۇپارغا يېگۇزمىدىم. ئۇچ يېرىمدىن يارىلاندىم، ئازابلاندىم، قىينالدىم، شۇمىدۇ مېنىڭ گۇناھىم؟ — دېگەندىن كېيىن، بىردىن غەيرەتكە كېلىپ:

بېرىڭ ماڭا قوڭۇر ئارغىمىقىڭىزنى،
بېرىڭ ماڭا ئاتمىش تۇتام نەيزىڭىزنى،
بېرىڭ ماڭا كەڭ يۇزلۇك قالقىنىڭىزنى،
بېرىڭ ماڭا قارا پولات قىلىچىڭىزنى،
بېرىڭ ماڭا ساداقتىكى سەكسەن ئوقىڭىزنى،
بېرىڭ ماڭا قاتتىق كىرىچلىك يايىڭىزنى.

دۈشمىنىڭىزگە ئۆزۈم باراي،
ئۆلتۈرەي بىرنى قويماي،
پېشانەم قېنىنى يېڭىمگە ئېرتاي،
ئۆلسەم سىزنىڭ يولىڭىزدا ئۆلەي،
ئىنشائاللا ئوردىڭىزنى ئۆزۈم قۇتقۇزاي!

دېدى. چوپاننىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تەسىرلەنگەن قازان بەگ غەزەپكە كېلىپ، لام ـ جىم دېمەي يۈرۈپ كەتتى. چوپان ئۇنىڭ كەينىدىن يېتىشكەندە، ئۇ كەينىگە قاراپ:

— نەگە بارىسەن، ئوغلۇم چوپان؟ — دەپ سورىدى.

— سىز ئوردىڭىزنى قايتۇرۇۋالغىلى كېتىۋاتقان بولسىڭىز، مەنمۇ ئىككى قېرىندىشىمنىڭ قېنىغا قان، جېنىغا جان ئالغىلى كېتىۋاتىمەن، ئاغام قازان! — دەپ جاۋاب بەردى چوپان.

بۇ چاغدا قازان بەگ ئۇنىڭدىن:

— قورسىقىم ئاچ، يېگۈدەك بىر نەرسەڭ بارمۇ چوپان؟ — دەپ سورىغانىدى، چوپان:

— ئاخشام بىر قوزا پىشۇرغانىدىم، كېلىڭ، بۇ دەرەخنىڭ تۈۋىگە چۈشەيلى، ئاغام قازان! — دېدى.

ئۇلار شۇ يەرگە چۈشتى. چوپان غانجۇغىسىدىن خۇرجۇنىنى ئالدى. ئۇلار ياخشى غىزالاندى. قازان بەگ ئىچىدە: «ئەگەر چوپاننى ئەگەشتۈرۈپ بارىدىغان بولسام، ئوغۇز بەگلىرى ئارىسىدا سۆز ـ چۆچەككە قالىمەن. ئۇلار مېنى جەزمەن، چوپان بىللە بارمىغان بولسا كۈپارنى يېڭەلمەيتتى دەيدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا غەيرەت كىردى ـ دە، چوپاننى يوغان بىر تۈپ دەرەخكە چىڭ باغلاپ قويۇپ يولىغا راۋان بولدى.

«هەي چوپان، قارنىڭ ئاچماستا، كۆزۈڭ يۇمۇلماستا بۇ دەرەخنى قۇمۇرىۋەت، بولمىسا بۆرە ـ قۇشلارغا يەم بولىسەن.» دېدى چوپان ئۆز ـ ئۆزىگە.

قارا چوپان دەرەخنى يىلتىزى بىلەن قۇمۇرۇپ ئېلىپ يەرگە

ئۇردى ۋە ئۇنى يۇدۇپ قازاننىڭ كەينىدىن ماڭدى. چوپاننىڭ دەرەخنى يۇدۇپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن قازان بەگ:

— ئەي چوپان، بۇ نېمە دەرەخ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ شۇنداق دەرەخكى، ئاغام قازان، سىز كۆپارنى يېڭىپ قارنىڭىز ئاچقاندا، بۇ دەرەخ بىلەن سىزگە تاماق ئېتىپ بېرىمەن، — دېدى چوپان.

قازان بەگ ئېتىدىن چۈشۈپ چوپاننىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ:

— ئاللا مېنىڭ ئوردامنى قۇتقۇزىدىغان بولسا، سېنى ئوردىنىڭ ئاتخانا بېگى قىلىمەن، — دېدى ۋە ئۇنى باشلاپ يولغا راۋان بولدى...

شۆكلى خاقان كۆپار بەگلىرى بىلەن شاد - خۇرام يەپ - ئىچىپ، كەيىپ - ساپا سۇرۇۋاتاتتى. بىر چاغدا ئۇ:

— بەگلەر، قازانغا يەنە شۇنداق تېتىش كېرەككى، زىلۋا بويلۇق بۇرلا خېنىمنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ قەدەھ ئۇرۇشتۇرايلى، — دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان بۇرلا خېنىمنىڭ يۈرىكىگە ئوتلار چۈشتى. نازۇك بەللىك قىرىق كېنىزىكىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— قازاننىڭ خوتۇنى قايسىڭلار دېسە، قىرىقىڭلار تەڭ مەن دەپ جاۋاب قايتۇرۇڭلار، — دەپ ئۆگەتتى.

شۆكلى خاقاندىن ئادەم كېلىپ: «قازاننىڭ خوتۇنى قايسىڭلار؟» دېۋىدى، دەرۋەقە، قىرىق ئېغىزدىن تەڭ جاۋاب چىقىپ، كىملىكىنى بىلەلمەي، بۇ ئەھۋالنى خاقانغا مەلۇم قىلدى.

— بېرىڭلار، قازاننىڭ ئوغلى ئۇرۇزنى ئاچىقىپ كانارغا ئېسىڭلار، تېنىنى پارە - پارە قىلىپ، قورداق قىلىپ قىرىق قىزنىڭ ئالدىغا قويۇڭلار. قايسىسى يېسە، ئۇ ئەمەس، قايسىسى يېمىسە، ئۇنىڭ ئانىسى شۇ. ئاندىن ئۇنى ئەكېلىپ قەدەھ تۇتقۇزۇڭلار! — دېدى خاقان.

بۇنى ئاڭلىغان بۇرلا خېنىم ئوغلىنىڭ يېنىغا كىرىپ، كۆپار-

لارنىڭ بايىقى كۆسۈلدىشىپ قىلىشقان گەپلىرىنى يەتكۈزۈپ مۇنداق دېدى:

تۇڭلۇكى ئالتۇن ئۆيۈمنىڭ تىرىكى ئوغلۇم،
ساھىبجامال كېلىنىمنىڭ چىچىكى ئوغلۇم،
ئون ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان ئوغلۇم،
قولتاتقىسى ئالتۇن بۆشۈككە بۆلىگەن ئوغلۇم،
قانخور كۇپار پەيلىنى بۇزدى:
قازان ئوغلى ئۇرۇزنى زىنداندىن چىقىرىڭلار، دېدى،
بوغىزىدىن كانارغا ئېسىڭلار، دېدى،
تېنىنى پارچىلاپ، گۆشىنى قورداق قىلىڭلار، دېدى،
قىرىق قىزنىڭ ئالدىغا قويۇڭلار، دېدى،
كىم يېمىسە، ئۇ قازاننىڭ خوتۇنى، دېدى،
كەلتۈرۈڭلار ئۇنى، قەدەھ ئۇرۇشتۇرايلى، دېدى.
گۆشۈڭدىن بىر چىشلەم يەيمۇ ئوغلۇم،
بولمىسا كۇپار بىلەن بىر ئورۇنغا كىرەيمۇ ئوغلۇم،
ئاتاڭ قازاننىڭ نومۇسىنى يەرگە ئۇرايمۇ ئوغلۇم،
قانداق قىلاي بىرنېمە دېگىن ئوغلۇم!

ئۇرۇز ئىنتايىن غەزەپلەنگەن ھالدا:

ئاغزىڭ قۇرۇسۇن ئانا،
تىلىڭ تۇتۇلسۇن ئانا!
ئانا ھەققى خۇدا ھەققى بولمىغان بولسا،
ئورنۇمدىن دەس تۇراتتىم،
ياقاڭ بىلەن بوغۇزۇڭدىن تۇتاتتىم،
يوغان ئۆكچەم ئاستىغا قوياتتىم،
ئاق يۈزۈڭنى قارا يەرگە تېپەتتىم،
ئاغزىڭ بىلەن بۇرنۇڭنى قان قىلاتتىم،
جانىڭ تاتلىقلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قوياتتىم.

دېگەندىن كېيىن مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

— بولدى ئانا، كەلمە مېنىڭ يېنىمغا، يىغلىماي قوي، ئوغلۇم دەپ ماڭا. ئاسسۇن مېنى شۇ كانارىغا، گۆشۈمنى قويسۇن قىرىق كېنىزەك ئالدىغا. ئۇلار بىر چىشلەم يېسە، سەن ئىككى چىشلەم يە، بىلمەي قالسۇن سىبىق كۇپارلار. كىرمەي قوي، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇنغا، ئالماي قوي، ساڭا قەدەھ سۇنسا. ئاتام قازان نومۇسىنى ساتقۇچى بولما!

ئوغلىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بورلا خېنىمنىڭ كۆزلىرىدىن مۆلدۈرلەپ ياشلار ئاقتى. بويى زىلۋا، بېلى نازۇك بورلا خېنىم كۆز ئالمىسىدەك قىزىل مەگزىلىرىنى قىيما - چىيما قىلىپ، نەيزىدەك قارا چېچىنى يۇلۇپ، ئوغلىنى باغرىغا بېسىپ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇرۇز ئانىسىنىڭ كۆز يېشىغا تەسەللى بېرىپ:

ئەي ئانا، ئالدىمغا كېلىپ نېمىگە يىغلايسەن؟
نېمىگە ئۆكسۈپ، نېمىگە بوزلايسەن؟
يۈرەك - باغرىمنى نېمىگە داغلايسەن؟
ئەي ئانا، ئەرەب ئېتى بولغان يەردە،
بىر قۇلۇنى بولماي قالامدۇ؟
قىزىل تۆگىلەر بولغان يەردە،
بىر بوتىسى بولماي قالامدۇ؟
ئاپئاق قويلار بولغان يەردە،
بىر قوزىسى بولماي قالامدۇ؟
سەن بىلەن ئاتام ئامان بولغان يەردە،
مەندەك بىر ئوغلى قۇتۇلماي قالامدۇ؟

دېگەندە، ئانىسى بىقارار بولۇپ يىغلىغىنىچە، نازۇك بەللىك قىرىق كېنىزىكىنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. كۇپارلار ئۇرۇزنى كانارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. ئۇ:

ئەي كۆپار بەرگىن ئامان،
خۇدانىڭ بىرلىكىگە يوقتۇر گۇمان!

دېگەندىن كېيىن:
— قويۇۋېتىڭلار مېنى، بۇ ياغاچ بىلەن سۆزلىشىۋالاي. — دېدى ۋە كانارنىڭ ياغىچىغا قاراپ:

ياغاچ دېسەم سېنى هار ئالما ياغاچ،
مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ ئىشىكى ياغاچ،
مۇسا ئەلەيهىسسالامنىڭ هاسىسى ياغاچ!
دەريالارنىڭ كۆۋرۈكى ياغاچ،
دېڭىزلارنىڭ كېمىسى ياغاچ!
شاهى مەردان ئەلىنىڭ دۇلدۇلىنىڭ ئېگىرى ياغاچ،
زۇلپىقارنىڭ[1] قىنى بىلەن دەستىسى ياغاچ،
ئەرۋائىيالنىڭ قورقۇنچى ياغاچ!
بېشىغا قارىسام كۆز يەتمەس ياغاچ،
تۈۋىگە قارىسام تۈۋى يوق ياغاچ!
مېنى ساڭا ئاسارمىش كۆتۈرمە ياغاچ،
كۆتۈرسەڭ ياشلىقىم تۇتقاي سېنى ياغاچ!
بىزنىڭ يۇرتتا بولساڭ ئىدىڭ ياغاچ،
قارا هىندى قۇللىرىمغا بۇيرۇيتتىم ياغاچ،
پارچە - پارچە قىلىپ توغرايتتى سېنى ياغاچ!

دېدى. ئاندىن يەنە:

قوتان - قوتان باغلانغان ئاتلىرىمغا ۋاي،
قېرىنداش دەپ يىغلىغان دوستلىرىمغا ۋاي،
بەگلىككە تويمىغان ئۆز بېشىمغا ۋاي،
ياشلىقىغا قانمىغان بۇ جېنىمغا ۋاي!

① زۇلپىقار — هەزرىتى ئەلىنىڭ ئىككى بىسلىق قىلىچى.

دەپ ھۆكۈرەپ يىغلىدى، ئۆرتەلگەن جىگىرىنى داغلىدى.

شۇ ئەسنادا، سالۇر قازان بىلەن قاراچۇق چوپان يېتىپ
كەلدى. چوپاننىڭ سالغىسىنىڭ تاش قويىدىغان خالتىسى ئۈچ
ياشلىق غۇناننىڭ تېرىسىدىن قىلىنغان بولۇپ، ھەر ئاتقىنىدا ئىك-
كى پاتمان تاش قوياتتى، ئاتقان تېشى يەرگە چۈشمەيتتى، چۈشسى-
مۇ چۈشكەن يېرى ئوچاقتەك ئويۇلۇپ، كۆلدەك توزۇپ كېتەتتى.
تېشى چۈشكەن يەردىن ئۈچ يىلغىچە گىياھ ئۈنمەيتتى. شۇڭا
قوي - قوزىلىرى دالىدا قالسىمۇ، بۆرە كېلىپ يېمەيتتى.

قاراچۇق چوپان سالغىسىنى ئېتىشقا باشلىدى. كۇپارلارنىڭ
كۆزىگە ئالەم زىندان بولدى. بۇ چاغدا قازان ئانىسىنىڭ غېمىنى
يەپ:

— توختا قاراچۇق چوپان، ئانام ئات ئايىغىدا قالمىسۇن،
كۇپاردىن ئۇنى سوراپ باقاي، — دېدى ۋە كۇپارنى چاقىرىپ:

ئەي شۆكلى خاقان،
تۇڭلۇكى ئالتۇن ئۆيلىرىمنى ئېلىپ كېتىپسەن، سايىۋەن
بولسۇن،
ئالتۇن - كۇمۇش، خەزىنەمنى ئېلىپ كېتىپسەن، خەرجىڭ
بولسۇن،
قىرىق قىز بىلەن بۇرلا خېنىمنى ئېلىپ كېتىپسەن، ئەسى-
رىڭ بولسۇن،
قىرىق يىگىت بىلەن ئوغلۇم ئۇرۇزنى ئېلىپ كېتىپسەن،
قۇلۇڭ بولسۇن،
شاھۋاز ئاتلىرىمنى ئېلىپ كېتىپسەن، قانتىڭ بولسۇن،
تۆگىلىرىمنى ئېلىپ كېتىپسەن، كۇلۇكىڭ[1] بولسۇن،
قېرى ئانامنى ئېلىپ كېتىپسەن، قايتۇرۇپ بەر، ئامان قال-
سۇن!

① كۇلۇك — قاتناش، يۈك توشۇش قورالى.

دېگەندى، خاقان مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

ئەي قازان،
تۇغلۇكى ئالتۇن ئۆيۈڭنى ئېلىپ كەلدۇق، بىزگە تەئەل-
لۇق،
قىرىق قىز بىلەن بۇرلا خېنىمنى ئېلىپ كەلدۇق، بىزگە
تەئەللۇق،
قىرىق يىگىت بىلەن ئوغلۇڭ ئۇرۇزنى ئېلىپ كەلدۇق،
بىزگە تەئەللۇق،
ئات - تۆگىلىرىڭنى ئېلىپ كەلدۇق، بىزگە تەئەللۇق،
قېرى ئاناڭنى ئېلىپ كەلدۇق، بىزگە تەئەللۇق!
بېرىمىز ئۇنى يايخان كەشىش ئوغلىغا،
ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تۇغسا،
رەقىب قىلىپ قويىمىز ساڭا!

بۇنى ئاڭلىغان قاراچۇق چوپاننىڭ قېنى قىزىپ، ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، لەۋلىرى تىترەپ كەتتى. ئۇ:

ئەي ئىت كۇپار،
دىنى يوق، ئەقىلسىز كۇپار،
ئىمانى يوق، پاراسەتسىز كۇپار،
قارا تاغلار قېرىسا ئوتى كېتەمدۇ؟
دەريا - كۆللەر قېرىسا سۇيى كېلەمدۇ؟
شاھۇاز ئاتلار قېرىسا قۇلۇن بېرەمدۇ؟
قازاننىڭ ئانىسى قېرى تۇرسا ئوغۇل تۇغامدۇ؟
قارا كۆزلۈك قىزىڭ بولسا بەر قازانغا،
ئۇنىڭدىن بىر ئوغۇل تاپسا،
رەقىب قىلىپ قويارسەن ئاڭا.

دېدى - دە، سالغىنىنى ئېتىشنى داۋاملاشتۇردى. ئالەمنى قارا تۇتەك قاپلاپ، كۇپارنىڭ كۆزلىرىنى قاراڭغۇلۇق باستى.

بۇ تەرەپتە ئوغۇز بەگلىرى قازان بەگنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى ئۇقۇپ كەينى - كەينىدىن يېتىپ كېلىشتى:

قارا جىلغا ئاغزىدا تۇغۇلغان، بۆشۈكىگە قارا بۇقا تېرىسىدىن يوپۇق ياپقان، ئاچچىقى كەلسە قارا تاشنى كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىدىغان، بۇرۇتىغا يەتتە يەردىن تۇگۇن ئۇرغان، يىگىتلەر ئەجدىھاسى قازان بەگنىڭ ئىنىسى قارا گۇنە يېتىپ كېلىپ:

— چاپ قىلىچىڭنى ئاكام قازان، مەن كەلدىم! — دېدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن، قارا دەرۋەنىنىڭ تۆمۈر دەرۋازىسىنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتكەن، ئاتمىش تۇتام نەيزىسى بىلەن مەندۇرمەن دېگەنلەرنى ھۆركىرەتكەن، قازاندەك پالۋاننى ئۈچ نۆۋەت ئېتىدىن يىقىتقان قايا سەلچۇق ئوغلى تەلۋە دۇندار يېتىپ كېلىپ:

— چاپ قىلىچىڭنى ئاغام قازان، مەن كەلدىم! — دېدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن، ئامىد بىلەن ماردىن قەلئەسىنى بىر تېپىپ ئۆرۈۋەتكەن، تۆمۈر ئوقيالىق قىپچاق خاقاننى قان قۇستۇرغان، قازاننىڭ قىزىنى ئەرلىك بىلەن ئالغان، ئوغۇزنىڭ ئاقساقاللىق خوجىلىرى بارىكاللا دېگەن، ئېتىنىڭ بويىنىغا قوتاز قۇيرۇقىدىن پۆپۈك ئاسقان، قىزىل موۋۇت شالۋۇرلۇق قارا گۇنە ئوغلى قارا پۇتاق يېتىپ كېلىپ:

— چاپ قىلىچىڭنى ئاغام قازان، مەن كەلدىم! — دېدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن، بايىندىرخاننىڭ يىغىنىنى تەنھا باسقان، ئاتمىش مىڭ كۇپارنى قان قۇستۇرغان، ئاق بوز ئارغىماقنىڭ يايلىسىغا ئاق باغلىغان غەپلەت خوجا ئوغلى شىر شەمسىددىن يېتىپ كېلىپ:

— چاپ قىلىچىڭنى ئاغام قازان، مەن كەلدىم! — دېدى.

ئۇنىڭ كەينىدىن، پاراسارنىڭ بايبۇرت قەلئەسىدىن ئۇچۇپ چىققان، بىجان بەگ قىزى بانى چېچەكنىڭ ھۇجرىسىغا ئۇچراپ قالغان، يەتتە قىزنىڭ ئۈمىدى، نوپۇزلۇق ئوغۇزنىڭ ئارزۇسى،

قازان بەگنىڭ سىردىشى بوز ئايغىرلىق بۆگرەك يېتىپ كېلىپ:
— چاپ قىلىچىڭنى ئاغام قازان، مەن كەلدىم! — دېدى.
ئۇنىڭ كەينىدىن، ئات چېپىشى ھەيۋەتلىك، پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق، بەل كەمىرى نەقىشلىك، قولىقى ئالتۇن ھالقىلىق، ئوغۇز بەگلىرىنى بىر - بىرلەپ ئاتلىرىدىن يىقىتقان غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەك يېتىپ كېلىپ:
— چاپ قىلىچىڭنى ئاغام قازان، مەن كەلدىم! — دېدى.
ئۇنىڭ كەينىدىن، ئاتمىش تېكە تېرىسىنىڭ جۇۋىسى تىزىدىن ئاشمىغان، ئالتە تېكە تېرىسىدىن كۆلا كىيسە قولىقىنى ياپمىغان، قول - پۇتى كىچىككىنە، ئۇزۇن پاقالچىكى ئىنچىكە، قازان بەگ-نىڭ تاغىسى، ئات ئېغىزلىق ئارۇز خوجا يېتىپ كېلىپ:
— چاپ قىلىچىڭنى بېگىم قازان، مەن كەلدىم! — دېدى.
ئۇنىڭ كەينىدىن، ئۇ دۇنيادا پەيغەمبەرنىڭ جامالىنى كۆر-گەن، بۇ دۇنيادا ئوغۇزدىن ئۆلپەت تۇتقان، غەزىپى تاشسا بۇرۇتى-دىن قان تامىدىغان قان بۇرۇت بۇكدۇز ئەمىن يېتىپ كېلىپ:
— چاپ قىلىچىڭنى ئاغام قازان، مەن كەلدىم! — دېدى.
ئۇنىڭ كەينىدىن، كۇپارلارنى ئىتتىن بەتتەر خورلىغان، يۇرتتىن چىقىپ ئايغىر كۆزلەر دەرياسىدا ئات ئۈزدۈرگەن، ئەللىك يەتتە قەلئەنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغان، ئاق چەشمە خان قىزى بىلەن نىكاھلانغان، سوپى سەندەل خاقانىنى قان قۇستۇرغان، قىرىق خىل تونىنى كىيىپ، ئوتتۇز يەتتە قەلئە بېگىنىڭ ئومىاق قىزلىرى-نى بىر - بىرلەپ ئېلىپ، بوينىغا چىرمىشىپ لېۋىگە سۆيگەن ئەيلىك خوجا ئوغلى ئالىپ ئەرەن يېتىپ كېلىپ:
— چاپ قىلىچىڭنى ئاغام قازان، مەن كەلدىم! — دېدى.
كەلگەن ئوغۇز بەگلىرىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. ئىش-قىلىپ، كەلمىگىنى قالمىدى. ئۇلار پاكىز سۇدا تەرەت ئېلىپ، ئاق پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەدكە سالاۋات ئېيتتى - دە، ھايت - ھۇيت دېگۈچە كۇپارغا ئات سېلىپ، قىلىچ چاپتى. جەڭ دۇمباقلىرى گۇمبۇر-

لەپ، سىرىق تۆچ كاناي ـ سۇنايلار بىلەن نەرىلەر تارتىلدى. ئۇ كۈنى جىگەرلىك يىگىتلەر ئەرلىكنى كۆرسەتتى. شۇنداق بىر قىيامەت جەڭ بولدىكى، پۈتۈن مەيدان چىپىلغان كاللا بىلەن تولدى. باشلار توپتەك چۈشتى، ئۇچقۇر ئاتلارنىڭ نالىلىرى ھاۋاغا ئۇچتى. رەڭگارەڭ نەيزىلەر بىر ـ بىرىگە سانجىلدى، قارا پولات قىلىچلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلدى. ئۇچ پەيلىك قېيىن ئوقلار ئېتىلدى. ئۇچلۇق ئوق باشلىرى يەرگە چۈشتى. . . قىيامەت بىر كۈن بولدى. بەگ نۆكىرىدىن، نۆكەر بېگىدىن ئايرىلدى.

سىرتقى ئوغۇز بەگلىرى بىلەن تەلۋە دۇندار ئوڭدىن، سۇباتـلىق يىگىتلەر بىلەن قارا گۈنە ئوغلى قارا پۈتاق سولدىن، ئىچ ئوغۇز بەگلىرى بىلەن قازان بەگ ئوتتۇرىدىن چىقىپ، شۆكلى خاقانغا قاراپ ئېتىلدى ۋە ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ ئاتتىن يەرگە ئاتتى ـ دە، قارا بېشىنى پىسەنت قىلماي چاپتى. «ئۆز شورۇڭ ئۆزۈڭگە!» دەپ قىزىل قېنىنى يەر يۈزىگە چاچتى.

ئوڭ ياندا قارا تۆكەن خانغا قايا سەلچۇق ئوغلى تەلۋە دۇندار دۈچ كەلدى. ئۇنىڭ سول يېنىنى قىلىچلاپ يەرگە ئۇردى. سول تەرەپتە بۇقىچاق خانغا قارا گۈنە ئوغلى قارا پۈتاق دۈچ كەلدى. خان ئۇنىڭدىن ئالتە قاناتلىق گۇرزە بىلەن بېشىغا بىرنى يەپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ، ئات بويىنىنى قۇچاقلاپ يەرگە چۈشتى.

قازان بەگنىڭ ئىنىسى كۈپارنىڭ تۇغ ـ ئەلەملىرىنى قىلىچـلاپ يەر بىلەن يەكسان قىلدى. تۆپىدە ـ تۈزدە كۈپارلار قىرغىن بولۇپ، ئۆلۈكىگە قاغا ـ قۇزغۇن ئولاشتى. ئون مىڭ كۈپار قىلىچ يېدى، بەش يۈز ئوغۇز يىگىتلىرى شېھىت بولدى. قاچقىنىنى قوغلىمىدى، ئامانلىق تىلىگەننى ئۆلتۈرمىدى. ئوغۇز بەگلىرى ياۋدىن نۇرغۇن غەنىيمەتلەرنى ئالدى.

قازان بەگ ئوردىسى، ئوغلى ۋە بالا ـ چاقا، خەزىنىلىرىنى ئېلىپ قايتىپ كېلىپ، ئالتۇن تەختىنى قايتا تىكتى. قاراچۇق چوپاننى ئاتخانا بېگى قىلدى. يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئەلگە توي بېرىپ، قىرىق قۇل بىلەن قىرىق دېدەكنى ئوغلى ئۇرۇزنىڭ

بېشىدىن ئۆرۈپ ئازاد قىلدى. باتۇر يىگىتلەرگە يۇرت بەردى، بەگلىك بەردى، تون كىيگۈزۈپ كاتتا ئىنئام بەردى.

قورقۇت ئاتا كېلىپ قوشاق قوشۇپ، بېيىت ئېيتىپ، بۇ ئوغۇزنامىنى تۈزدى ۋە:

قېنى ئۇ ماختانغان ئەۋلىيا، بەگلەر،
بۇ دۇنيا مېنىڭ دېگەن ئەزىمەتلەر.
ئەجەل ئالدى، يەر يۇتتى،
پانىي دۇنيا كىمگە قالدى؟
كېلىپ - كېتىدىغان ئۆتەڭ بۇ دۇنيا،
ئاقىۋىتى ئۆلۈملۈك دۇنيا.

دېگەندىن كېيىن، خانلار خانىغا بەش كەلىمە دۇئا قىلدى:

«قارلىق قارا تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن! بۈك - باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! قاندەك ئاققان سۇلىرىڭ قۇرۇمىسۇن! قادىر ئاللا نامەردكە موھتاج قىلمىسۇن! ئاق بوز ئېتىڭ چاپقىنىڭدا پۇتلاشمىسۇن! ئۆتكۈر نەيزەڭ قايرىلمىسۇن! قارا پولات قىلىچىڭ پۇچۇلمىسۇن! ئاقساقاللىق ئاتاڭ يېرى جەننەت بولسۇن! ئاق چاچلىق ئاناڭ يېرى بېھىش بولسۇن! ئاخىرقى نەپەستە پاك ئىماندىن ئايرىمىسۇن! ئامىن دېگەنلەر ئاللانىڭ جامالىنى كۆرسۇن! ئاق پېشانەڭگە بەش كەلىمە دۇئا قىلدۇق، قوبۇل بولسۇن! ئاللا مۇرادىڭنى ھاسىل قىلسۇن! ھەممە گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەد مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!»

# بۆرە بەگ ئوغلى بامسى بۆگرەك

كۆنلەردىن بىر كۈنى، قامغان ئوغلى بايىندىرخان قول ئاستىدىكى ئادەملىرىگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ، قارا يەرنىڭ ئۈستىگە ئاق ئۆيلەرنى تىكتۈردى. ئالىيپىشىل سايىۋەنلەر كۆك يۈزىگە تاقاشتى. مىڭ يەرگە يىپەك زىلچا گىلەملەرنى سالدۇردى. ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇز بەگلىرىنى زىياپەتكە چاقىردى. خانلار خانىنىڭ بۇيرۇقى يەردە قالسۇنمۇ! ھەممەيلەن كېلىپ، چوڭلىرى چوڭچە، ياشلىرى ياشچە ئورۇن ئېلىپ ئولتۇرۇشتى. بۇ سۆھبەتكە باي بۆرە بەگمۇ كەلگەنىدى. بايىندىرخانىنىڭ ئالدىدا ئوغلى قارا پۈتاق يايىغا تايىنىپ تۇراتتى. ئوڭ يېنىدا قازان خان ئوغلى ئۇرۇز، سول يېنىدا غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەكلەر تۇراتتى. بۆرە بەگ بۇلارنى كۆرگىنىدە شۇنداق چوڭقۇر ئۇھ تارتتىكى، ئەس - ھوشىنى يوقىتىپ، قولياغلىقىنى قولىغا ئېلىپ ئۆكسۈپ يىغلاشقا باشلىدى.

بەگلەر نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي، باشلىرىنى بۇراپ ئۇنىڭغا قارىشىپ قالدى. بايىندىرخانىنىڭ كۈيئوغلى سالۇر قازان تىزلىنىپ ئولتۇرغان يېرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ بۆرە بەگنىڭ چىرايىغا قاراپ:

— ئەي، كەرەملىك باي بۆرە، نېمىگە يىغان چېكىسىز شۇنچە، بۇ دۇنيانىڭ خاپىلىق تارتقۇچىلىكى بارمۇ قىلچە؟ — دېگەنىدى، بۆرە بەگ كۆز ياشلىرىنى تۇتالماي:

— ئاھ، سالۇر قازان، خان قازان، مەن ئۇھ تارتماي كىملەر تارتسۇن! نە قېرىنداشتىن ئېيتماپتۇ ماڭا، نە ئوغۇلدىن... شۇ يىگىتلەردەك بىر يىگىتىم بولسا، خانلار خانىنىڭ ئالدىدا قول قوشتۇرۇپ تۇرسا، مەنمۇ ئەللەردەك ماختانسام نە بولار ئىدى -

ھە! بەرگۈچى ئاللا نېمەت ئۈستىگە نېمەت بەردى، ئەمما نەئەيلەي. كى، نە قول بەرمىدى، نە قانات... بۇ دۇنيادىن كۆچسەم بىر كۈنلەر كېلىپ، ئەل - يۇرتۇم كىم بىلسۇن، قايسى بۆرە، قايسى قۇشقا بولغاي خاراب! — دېدى.

بۇ كۆيۈپ - ئۆچۈشلەر ئوغۇز بەگلىرىنىڭ يۈرەكلىرىگە شۇن. داق تەگدىكى، ھەممەيلەن قوللىرىنى كۆككە كۆتۈرۈشۈپ: «قۇد. رىتى ئۇلۇغ ئاللا باي بۆرىگە خەير - ئېھسان قىلىپ ياراملىق بىر ئوغۇل بەرسۇن!» دەپ دۇئا قىلىشتى. بۇ دۇئا ئۈستىدە بىجان بەگ دېگەن بىر كىشىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ چىن قەلبىدىن:

— ئەي، كەرەملىك بەگلەر، مەن ئۈچۈنمۇ بىر دۇئا قىلىشقاي. لا. ئاللا ماڭىمۇ ئاتا قىلسا بىر قىز ئەۋلاد، ئاسمان - زېمىن شاھىت بولسۇن، باي بۆرە ئوغلىغا بېرەي نىكاھلاپ، — دېگەنىدى، كۆپچىلىك ئۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئاللاغا سېغىنىپ يىلىندى.

ئۇ چاغلاردا ھەركىمنىڭ قەلبى ھەققە مايىل بولغىنى ئۈچۈن كۆپىنىڭ قارغىشى قارغىش، دۇئاسى ئىجابەت بولاتتى. بۇ دۇئالارمۇ بوشقا كەتمىدى. ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئاللا باي بۆرىگە ئالتۇن كوكۇللىق بىر ئوغۇل، باي بىجانغىمۇ سۇمبۇل چاچلىق بىر قىز ئېھسان قىلدى. نوپۇزلۇق ئوغۇز بەگلىرى بۇنى ئاڭلاپ شاد - خۇرام بولۇشتى.

بۆرە بەگ سودىگەرلىرىنى چاقىرىپ:

— ئاللا ھەممەيلەنگە بەرگەي، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىدا ماڭا بىر ئوغۇلچاق بېرىپ كۆڭلۈمنى شاد قىلدى. مەنمۇ بار - يوقۇمنى پىدا قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى شاد ئەيلەي. بۇ ئاي بولمىسا كېلەر ئاي كارۋانلىرىم يولغا چىققاي. يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپنى كې. زىپ، ئوغلۇم ئۈچۈن شۇنداق سوۋغاتلار كەلتۈرۈڭلاركى، ئۆزى يېنىك، باھاسى ئېغىر بولغاي. بىر كۈن يىگىت بولۇپ مەيدانغا چىققاندا خەلقئالەم ئالدىدا يۈزى يەردە قالمىغاي! — دېدى.

سودىگەرلەر «خوپ خانىم» دەپ، كېچە - كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ ئىستانبۇلغا كېلىشتى. ئۇ يەردىن باي بۆرىنىڭ ئوغلىغا بىر

دېڭىز قۇلۇنى[1] بوز ئايغىر، بىر قاتتىق كىرىچلىك يا، بىر ئالتە قاناتلىق چوماق ۋە باشقا ئېسىل سوۋغاتلارنى ئېلىپ، يول هازىرلىقىنى قىلىشتى.

ۋاقىت دېگىنىڭىزگە نە يىل توشسۇن، نە يول. ئىنساننىڭ ئۆمرىنى ئاللا ئۆزى بەرسۇن، كارۋان هەركۈنى بىر ئارپا بويى يول يۈرسە، باي بۆرە ئوغلىمۇ هەر كۈنى بىر ئارپا بويى ئۆستى. بىرى، ئەگرى - توقاي يوللارنى بېسىپ چېگرا بېشىغا كەلسە، يەنە بىرى، قوغلىشىپ كەلگەن يىللارنى بېسىپ بالاغەتكە يەتتى. دەرۋەقە، باي بۆرە ئوغلى ئون ئالتە ياشقا كىرىپ، ئات چاپتۇرسا هەيۋەتلىك، پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق بىر سۇباتلىق يىگىت بولۇپ يېتىشتى.

بىراق، باي بۆرە ئوغلى ئاتمىش يىلدىمۇ ئاتىسىغا يېتەلىسۇنمۇ، ئوۋ ئوۋلىمىغۇچە نامى چىقسۇنمۇ؟ ئۇ ئاتلىنىپ شىكارغا چىقىپ، تالدىن تالغا قۇرغۇي ئۇچۇرۇپ، تاغدىن تاغقا كېيىك قوغلاپ يۈرۈپ بىر سەھەردە ئاتىسىنىڭ يىلقا قوشىغا بېرىپ قالدى. يىلقىچىلار خۇشاللىقىدا قىلغىلى قىلىق تاپالماي قېلىشتى. باي بۆرە ئوغلىنى چۈشۈرۈپ قوندۇرغۇدەك ياخشى جاي تاپالماي كېتىشتى. ئالدىغا ياغلىق، يۈزلۈك تاۋاقلارنى قويۇپ هۆرمەت - ئىززىتىنى قىلىپ كۈتۈشتى.

شۇ چاغدا، سودا كارۋىنى كېلىپ قارا دەرۋەنت ئاغزىغا چۈشكەندى. ئوكىمىغۇر ئاۋنىك قەلئەسىنىڭ جاسۇسلىرى كۇپار بېگىگە خەۋەر قىلدى. كارۋانلار ياتقان چېغىدا، توساتتىن بەش يۈز كۇپار بېسىپ كېلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتى. سودىگەرلەرنىڭ چوڭى تۇتۇلۇپ، بەزىسى قېچىپ ئوغۇز ئېلىگە كىرىپ قارىسا، چېگرا بېشىغا بىر ئالا سايىۋەن تىكىلىپ، بىر سۇباتلىق بەگ ئوغلى قىرىق يىگىتى بىلەن ئولتۇرۇشۇپتۇ. هېلىقىلار هاسىراپ - هۆمۈدەپ كېلىشىپ:

— يىگىت، يىگىت، بەگ يىگىت، يىگىتلەرنىڭ بېشىسىز. بېشىمىزغا كەلگەنلەرنى بىلمەيسىز. بىز ئوغۇز ئېلىدىن بولىمىز،

---

① دېڭىز ئايغىرىنىڭ قۇرۇقلۇق بايتىلى بىلەن چېتىشىشىدىن تۇغۇلغان نەسىللىك ئات.

سودىگەر قۇلمىز. ئۇن ئالتە يىل بولدى، بىز كەزمىگەن زېمىن، ئايلانمىغان دىيار قالمىدى. تاۋار - دۇردۇن دەمسىز، ئۇنچە - مەرۋايىت دەمسىز، ئەڭ ئېسىل قىممەت باھالىق ماللارنى يۆتكەپ قارا دەرۋەنت ئاغزىغا كەلگىنىمىزدە، ھېچقاچان بېشىمىزغا كەلمىگەن پالاكەتكە يولۇقتۇق. بۇ ئاخىرقى قونالغۇدا ئۆز تۇپرىقىمىزنىڭ ھاۋاسىدىن نەپەسلىنىپ راسا ھوزۇرلىنىۋاتقىنىمىزدا، ئاۋۇنىڭ قەلئەسىدىن چۈشكەن بەش يۈز كۇپارغا غاپىل بولدۇق. ھاياتىمىزغا تەھدىت سېلىپ، ئېلىپ كەلگەن مېلىمىز ۋە ئوزۇق - تۈلۈكىمىزنى تالان - تاراج قىلىپ، ياشتىمۇ، باشتىمۇ مەندىن چوڭ بولغان قېرىندىشىم كارۋان بېشىنى ئەسىرگە ئېلىپ كېتىشتى. بىز مىڭ تەسلىكتە ياش جېنىمىزنى ئېلىپ قاچتۇق. قارا بېشىڭىزنىڭ سەدىقىسى ئۇچۇن بىزگە ياردەم بەرگەيسىز! — دەپ بويىنىنى ئەگكەندە، باي بۆرە ئوغلى قولىدىكى ئالتۇن قەدەھنى يەرگە ئېتىپ:

— ئەي، قىرىق ھەمرىيىم، قىرىق قېرىندىشىم، قۇربان بولسۇن سىلەرگە بېشىم! چېگرىمىزنىڭ ئىككى قەدەم نېرىسىدا كۇپارلار باش كۆتۈرۈپ كارۋانلىرىمىزنى تالان - تاراج قىلىۋاتسا، بىزنىڭ قىلىچلىرىمىز قىنىدا ئۇخلىسۇنمۇ؟ مەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا باراي، مېنى دېگەنلەر كەينىمدىن ماڭغاي! — دەپ ئېتىغا مىندى. قىرىق يىگىتمۇ بىللە ماڭدى...

كەلگەن سودىگەر ئالدىغا چۈشۈپ يول باشلىدى. ھەش - پەش دېگۇچە بىر جىلغا ئىچىگە يېتىپ بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، پۇرسەتپەرەس قاراقچىلار بۇلىغان ماللىرىنى بۆلۈشۈۋېتىپتۇ. يارانلار جەڭگاھنىڭ ئارسلانى، پالۋانلارنىڭ قاپلانى بوز ئاتلىق ئوغلان «يائاللا» دەپ قىلىچىنى قىنىدىن چىقارغان پېتى ھايت - ھۇيت دېگۇچە باش كۆتۈرگەن كۇپارلارنى قىرىپ، بىر مەيدان جەڭدىن كېيىن سودىگەرلەرنىڭ مېلىنى قۇتقۇزۇپ بەردى.

سودىگەرلەر دۇنياغا يېڭىۋاشتىن كەلگەندەك بولۇپ، قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالدى. مال يۈكلىگەن تۆگىلىرىنى ئالدىغا تارتىپ:

— بەگ يىگىت، بىزگە ئەرلىك ياردىمىڭىزنى يەتكۈزدىڭىز. قېنى مەرھەمەت، ياقتۇرغىنىڭىزنى ئالغايسىز! — دېدى.

يىگىتنىڭ كۆزى ئۈچ نەرسىگە چۈشتى. بىرى دېڭىز قۇلۇنى بوز ئايغىر، بىرى قاتتىق كىرىچلىك يا، يەنە بىرى ئالتە قاناتلىق چوماق.

باي بۆرە ئوغلىنىڭ بۇ ئۈچ نەرسىگە كۆزى چۈشكەنلىكىنى پەملىگەن كارۋان بېشى بىر نەرسە دېيەلمەي چىرايى بىر قىزىرىپ بىر تاتاردى. باي بۆرە ئوغلى بۇنىڭدىن بىر مەنە چىقىرالماي:

— سودىگەرلەر «مال جاننىڭ ئاكىسى» دەيدىكەن. خۇدا ساق-لاپ، مەن تاللىغان بۇ ئۈچ نەرسە ئۈچ ئوق بولۇپ جېنىڭىزغا پاتقان بولمىسۇن يەنە؟ — دېگەنىدى، كارۋان بېشى دۇدۇقلاپ:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز بېگىم، قۇش بېشىچىلىك جېنىمىز بىلەن سىزگە قەرزدارمىز. بار - يوقىمىزنى ئالدىڭىزغا تۆكسەكمۇ يەنە ھەققىڭىزگە يېتىك بولماس. بىراق، بېگىمىزنىڭ بىر ئوغلى بار، ئۇ ئۈچ نەرسە شۇ ئوغۇلغا ئاتاپ ئېلىپ كەلگەن سوۋغات ئىدى. ئەگەرچەندە سوۋغاتلارنى ئۆز جايىغا يەتكۈزەلمىسەك، قارا يۈزىمىزنى ئاقلىيالماسلىقىمىزدىن قورقىمىز! — دېدى.

— بەگ دېگىنىڭىز كىم، بەگ ئوغلى دېگىنىڭىز كىم؟ — دەپ ئەنسىز سورىدى باي بۆرە ئوغلى.

— بېگىمىز باي بۆرە دېگەن ئاللانىڭ بىر يېقىن قۇلى، ئوغلى-مۇ شۇنداق بىر ئاتىنىڭ قول قانىتى. ئاللا يۇرت - يايلىقىمىزدىن ئايرىمىسۇن سىزنى ۋە ئۇلارنى!

بۇ سۆزنى ئاڭلىغان باي بۆرە ئوغلى بارمىقىنى چىشلىدى ۋە ئۈن - تىن چىقارماي ئېتىنى قامچىلاپ، تاغلاردىن بورانىدەك ئاشتى...

باي بۆرە ئوغلى ئۆيىگە كېلىپ ئاتىسىنىڭ ئوڭ يېنىدا ئولتۇر-دى. لېكىن نە كۆپ‍ـاردىن، نە كارۋاندىن سۆز ئاچمىدى. ئۇياق-تىن - بۇياقتىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىدا، سودىگەرلەرمۇ تۆگى-لىرىنى يېتەكلەپ يېتىپ كەلدى - دە، يىگىتنى كۆرۈپ ھاڭ -

تاڭ بولۇپ دەرھال ئالدىغا باردى.

بۇ ھال باي بۆرىنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنمۇ ياكى ئۇنىڭغا ھار كەلگەنمۇ، ئەيتاۋۇر:

— ئەي كارۋان بېشى، — دېدى ئۇ ، — سەن كۆپ كېزىپ، كۆپنى كۆرگەن، ئىشنىڭ يولى شۇنداقمۇ؟ ئاتىسى تۇرغان يەردە ئوغلىنىڭ ئالدىغا ئۆتكەن بارمۇ؟

كارۋان بېشى بۆرە بەگنىڭ پالىتىنى تاشقا چاپقىنىدى چۈشىنىپ:

— خان بېگىم، خانىمان بېگىم، ئالدى بىلەن بۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا بارغىنىمىزغا قاراپ بىزنى ئەقىلسىز كۆرمىگەيلا. بىز مېھ-لىمىز، جېنىمىز بىلەن بۇ يىگىتكە قەرزدارمىز. ئاللا بىزنىڭ ئۆمرىمىزدىن ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆمرىگە قوشسۇن. دېمەك، سىلىنىڭ ئوغۇللىرى ئىكەن - دە! — دەپ، باشلىرىغا كەلگەنلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلغاندا، باي بۆرىنىڭ قەددى كۆتۈرۈلۈپ:

— ئەي كارۋان بېشى، قولۇڭنى كۆكسۈڭگە قويۇپ ئېيت راستىنى، ئوغلۇمنىڭ تۆككەن قېنى داستان قىلىشقا ئەرزىمدۇ يىگىتلىكىنى؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە دېگەنلىرى بېگىم، تەرىپلەشكە ئاجىزدۇر تىلىم. بىر كۆرسىلىچۇ كاشكى، نام ئەمەس، ئاتاق بېرىشكىمۇ ئەرزىيتتى! نە كۇننى كېچىكتۇرمىگەيلا، نە تويىنى. . . — دېدى كارۋان بېشى.

باي بۆرىنىڭ زىكرى - پىكرىمۇ شۇ تۇرسا، يەنە نېمىگە كۇتسۇن! شۇئان ئوغۇز بەگلىرىنى چاقىرىپ، ئوغلىغا شۇنداق داغ-دۇغىلىق مۇراسىم ئۆتكۈزدىكى، كۆرگەنلەر بارمىقىنى چىشلەپ قالدى. بۇ شاد - خۇراملىق ئىچىدە قورقۇت ئاتىمۇ ھازىر بولۇپ، نام بېرىشكە رىياسەتلىك قىلىپ:

ئەي بۆرە بەگ، باي بۆرە بەگ:
ئاللا سىزگە بىر ئوغۇل ئاتا قىپتۇ،

مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكۈزسۇن.
ئېگىز تاغلار ئاشار بولسا،
ئاشقىلى نېسىپ قىلسۇن.
قارلىق سۇلار كېچەر بولسا،
ئۆتكىلى نېسىپ قىلسۇن.
تۇغ ـ ئەلەم كۆتۈرگەندە،
مۇسۇلمانلار تىرىكى بولسۇن.
كۇپارلارغا ئېتىلغاندا،
قولىغا قۇۋۋەت،
قىلىچىغا نۇسرەت بەرسۇن.
ئۆز ئىسمى بامسى بۆگرەك،
بوز ئېتى يېنىك يۈگۈرۈك بولسۇن.
نامىنى مەن بەردىم، ئۆمرىنى ئاللا بەرسۇن!

دەپ دۇئا قىلدى. ئوغۇز بەگلىرىمۇ بۇ دۇئاغا چىن دىلىدىن «ئا-مىن!» دېدى. ئاتىسىمۇ ئالەمچە سۆيۈنۈپ:

— ئاللا ئوغلۇمنىڭ بۇ كۈننى كۆرسەتتى، ئىنشائاللا تويىنى-مۇ كۆرسەتسۇن، — دەپ ئىستانبۇلدىن ئالدۇرۇپ كەلگەن ئۈچ سوۋغاتنى ئالدىغا قويۇپ، بىرىنچى ئەھدىنى ئادا قىلدى.

كېيىن بۇ كۈننىڭ خاتىرىسى ئۈچۈن بىر شىكار ئۇيۇشتۇر-دى. بۆگرەكمۇ بوز ئايغىرىغا مىنىپ، قاتتىق كىرىچلىك يايىنى ئېلىپ ئالا تاغقا لەشكەر تارتىپ ئوۋغا چىقتى. ئۇ كۆكتە ئۇچقان قۇشلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېتىپ چۈشۈرۈۋاتقىنىدا، ئالدىدىكى تۆپە-لىكتىن بىر توپ كېيىك پادىسى چۈشۈپ كەلمەسمۇ! كۆككە كۆز تىككەنلەر يەرگە بۇرۇلۇپ، كېيىككە قاراپ ئات چېپىشتى.

بامسى بۆگرەكمۇ بۇ سۇرمە كۆز كېيىكلەردىن بىرىنىڭ پېيىـ-گە چۈشۈپ يېتىشەي دەپ قالغاندا، بىر يېشىل ئوتلاق كۆرۈنۈپ، ئوتلاقتا قىزىل سايىۋەنلىك بىر ئوتاق، ئوتاقنىڭ ئالدىدا يېشىل

باشلىق بىر سۇنا[1] نى كۆردى. يا رەببىم، بۇ ئوتاق كىمنىڭدۇ؟ بىجان بەگ قىزى گۇلبانۇنىڭ ئوتىقى بولمىسۇن يەنە! بوز ئايغىرلىق بىر ئوۋچىنىڭ ئەيمەنمەي كېلىپ، ئۆز ئوتىقى ئالدىدا بىر كېيىكنى يەرگە يىقىتقىنىغا غۇرۇرى يول قويمىغان خۇمار كۆزلۈك گۇلبانۇ خىزمەتكار قىزلىرىنى چاقىرىپ:

— تاغۇ تاشنى ئاز دەپ بۇ يەرگە كېلىپ مەرگەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلغان بۇ ئارسىز كىمدۇ؟ بېرىپ ئۇنىڭغا شېرىك بولۇڭلار، قېنى قانداق قىلىدىكىن؟ — دېدى.

— ھەي بەگ يىگىت، بۇ كېيىكتە بىزنىڭمۇ نېسىۋىمىز بار، — دېدى قىزلاردىن بىرى ئۇنى چېكىپ باقماقچى بولۇپ.

— مەن تەلەي سىناپ يۈرگەن ئوۋچى ئەمەسمەن قىزلار. مەنمۇ بىر بەگ ئوغلى بەگمەن. ئىچ پۇشۇقى ئۈچۈن ئوۋ ئوۋلاپ بۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن. سىلەرگە كېرەك بولسا، ھەسسە - نېسىۋە دېگەن قانداق گەپ، ئوۋ سىلەرنىڭ بولغاي. مەن ئارقامغا يانماي يول سىلەرنىڭ بولغاي... لېكىن سوراشقا بارماس تىلىم، ئەيىپ قىلغايسىلەر، بۇ ئوتاق كىمنىڭ بولغاي؟ — دەپ سورىدى.

— بەگ يىگىتىم، بۇ ئوتاق بىجان بەگ قىزى گۇلبانۇنىڭدۇر، — دېيىشتى قىزلار.

بۇنى ئاڭلىغان بامسى بۆگرەكنىڭ قانلىرى ئۇرغىدى. تىلى كالۋالىشىپ بېشىنى ئۇ تەرەپكە بۇرىدى.

قىزلار كېيىكنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، گۈزەللەر شاھى گۇلبانۇنىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇ قارىسا سېمىز بىر چىشى كېيىك ئىكەن.

— قىزلار، بۇ يىگىتنىڭ كۆڭلىنى سىناپ باقتىڭلارمۇ؟ — دېدى گۇلبانۇ.

— يائاللا، سۇلتانىم، — دېدى قىزلار، — چىرايىدىن بەگلىك چىقىپ تۇرىدۇ. يارامىلىق بىر ياخشى يىگىتلىكىدە گەپ يوق. ئەمما قانداق ھېكمىتى باركىن، يۈزى نىقابلىق تۇرىدۇ... — دېگەندە، بۇ گۈزەللەر گۈزىلىنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت چۈشتى.

---

① سۇنا —— ئەركەك ئۆردەك.

— ياشاڭلار قىزلار، ئاتام ھەمىشە، ئاتىقىم بار، سۆزۈم بار. بىر ىمەن سىنى بۆرە بەگنىڭ ئوغلىغا. ئۇ يۈزى ىقابىلىق، بىشى تۆۋەن بىر يىگىت دەيتتى. خۇداغا ئامانەت، بۇ شۇ يىگىت بولمى-سۇن يەنە! چاقىرىڭلارچۇ ئۇنى، قايسى تاغنىڭ گۈلى سىز، قايسى باغنىڭ بۇلبۇلى دەپ سوراپ باقايلى! — دېدى ئۇ.

خان قىزىنىڭ سۆزى يەردە قالسۇنمۇ! قىزلار دەرھال بېرىپ بۆگرەكنى تەكلىپ قىلدى. گۈلبانۇمۇ ياشماق ئۇستىگە ياشماق ئارتىپ، ئىززەت - ئىكرام ئەيلەپ يىگىت بىلەن سۆزلىشىشكە باشلىدى.

— نەدىن بولىسىز يىگىت؟

— ئىچ ئوغۇزدىن.

— ئىچ ئوغۇزدا كىمنىڭ ئوغلىسىز؟

— يات ئەمەس، بۆرە بەگنىڭ ئوغلىمەن. ئىسمىم بامسى بۆگرەك.

— سوراۋەردى دەپ ئەيىبكە بۇيرۇماسىز، بۇ يەرلەردە نېمە ۋەجىدىن ئايلىنىپ يۈرىسىز؟

— بىجان بەگنىڭ بىر قىزى بارمىش، ئۇنى كۆرگىلى كەلدىم.

— بەگ يىگىت، نامى بۈيۈك بىجان بەگنىڭ گۈلبانۇ دەپ بار بىر قىزى، مەن بولسام ئۇ گۈلنىڭ پەرۋىشچىسى. لېكىن ئۇ ھەركىمگە كۆرۈنۈۋەرمەس، بولمىغۇچە كۆڭلىگە ياقىقان بىرى… يۈرىكىڭىز سوقسا ئەگەر، ئىككىمىز ئات چېپىشايلى ئاۋ-ۋال. ئېتىڭىز ئېتىمدىن ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭكىدىنمۇ ئۆتۈپ كەتكەي … چېلىشايلى، مېنىڭ يېنىمنى يەرگە تەگكۈزەلىسىڭىز، ئۇنىڭمۇ تەگكەي. كۆرمەكچى بولسىڭىز پەقەت شۇ چاغدىلا كۆرە-لەيسىز.

«خوپ، سىناشقانغا سوت يوق» دەپ مەيدانغا چۈشتى بۆگ-رەك. ئىككىيلەن ئات چېپىشتى، بۆگرەكنىڭ ئېتى قىزنىڭ ئېتى-دىن ئۆتۈپ كەتتى. ئوق ئېتىشتى، يەنە ئۆتۈپ كەتتى. بىراق،

قىز بالا بىلەن چېلىششقا ئوڭايسىزلاندى.
— ھەي يىگىت، — دېدى قىز، — مېنىڭ ئېتىمدىن ھېچكىمـ
ـنىڭ ئېتى ئۆتۈپ باققان ئەمەس، ئوقۇمدىنمۇ ھېچكىمنىڭ ئوقى
ئۆتۈپ باقمىغاندى. ئەمدى كېلىڭ، چېلىشىپ باقايلى.
غەيرەت بەرسۇنكى، بۆگرەك، «يېڭىلىپ قالسام بىر قىزغا،
قايسى يۈزۈم بىلەن قايتىمەن يۇرتقا!» دەپ مەدەتكە كېلىپ،
دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ تۇتۇشتى. ئىككى پالۋان بولۇپ بىر -
بىرىگە چىرماشتى. بىردەم بۆگرەك قىزنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقـ
چى بولدى. بىردەم قىز بۆگرەكنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرماقچى
بولدى. بۆگرەك يېڭىۋاشتىن كۈچىنى توپلاپ، قىزنى قۇچاقلاپ،
بېلىدىن تۇتۇپ، پۇتىغا چىرماق سېلىپ يەرگە باستى.
مانا شۇ چاغدا گۈلبانۇ ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ ياشمىقىنى ئاچـ
ـماسمۇ! ياش يىگىتنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى. ئۇ
مەشۇقىنى ئۇچىنى سۆيۈپ بىر چىشلىدى. كېيىن ئوتاققا كىرىپ
كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشىپ، مۇھەببەت رىشتىسىنى باغلىغاندىن
كېيىن بۆگرەك:
— ئەي پېشانەمگە يېزىلغان سۆيگۈ رىشتەم، ياراتقان ئاللا
بىزنى بىر - بىرىمىز ئۈچۈن يارىتىپتىكەن، يەنە نېمىگە كۈتۈپ
تۇرىمىز! نىشان ئۈزۈكىمىز بۇ ئۈزۈك بولسۇن، پات ئارىدا تويـ
ـمىز بولۇپ نىكاھىمىز ئوقۇلسۇن، — دەپ بارمىقىدىكى ئالتۇن
ئۈزۈكنى چىقىرىپ گۈلبانۇنىڭ بارمىقىغا سېلىپ قويدى.
ئەمدى ئۇ قاراپ تۇرسۇنمۇ! بىر تال ئالمىنى ئىككىگە بۆلگەنـ
ـدەك، بۆگرەك گۈلبانۇ بىلەن خوشلىشىپ تاغ - داۋانلار ئېشىپ
كەچ كىرگەندە ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.
ئاقساقاللىق ئاتىسى مەغرۇرانە ئالدىغا چىقىپ:
— كەل، ئىسمى چىرايلىق ئوغلۇم، نەلەردە يۈرۈپ شۇنچە
كەچ قالدىڭ؟ يايلاقمۇ يايلاق كېزىپ، ئوغۇز ئەللىرىدە نېمىلەرنى
كۆردۈڭ؟ — دەپ سورىدى.
— نېمىلەرنى كۆرەي، ئاقساقاللىق ئەزىز ئاتا، ئوغلى بارلار

ئۆيلەپتۇ، قىزى بارلار تالالىق قىپتۇ. ھەممە ھەسرەتلىكلەر مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپتۇ...

— ئاللا ساڭىمۇ بەرسۇن ئوغلۇم، كۆڭلۈڭدىن كەچكەن بىرى بولسا، كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بېشىڭنى ئوڭلاپ قوياي. بەختى - پېشانەڭدىكىنى كۆرسەم دەيمەن.

— ئېيتالماسلىقىم مۇمكىن ئاتا، ئېيتاي دېسەم تىلىم قىسقا. ئاللا پېشانەمگە راست يازغان بولسا، دىتىمغا، كۆڭلۈمگە ياققان بىرى...

— چۈشەندىم ئوغلۇم، چۈشەندىم. سېنىڭ كۆڭلۈڭگە ياققان بىرى بولسا ئۇنى كۆرەيلى، بولمىسا بىجان بەگنىڭ قىزى گۈلبانۇ بار. . . ئاللا ئۇنى سەن ئۈچۈن ياراتتى. بىراق ئۇنىڭ تەلۋە قاچار دېگەن بىر ئاكىسى بار، شۇڭا گۈلبانۇغا ئېغىز ئاچقانلارنىڭ ئاغزى ئاۋارە بولغىنى قالىدۇ.

ئۇنداق دەپ باقتى، بۇنداق دەپ باقتى، لېكىن باتۇر يىگىت بۇ تەلۋىنىڭ تىكىنىدىن قوللىرىنى قاناتماي، بۇ گۈلنى بەرگىدىن قانداق ئۈزۈۋېلىشنى بىلەلمىدى. ئاخىرى ئاتىسى «كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ» دەپ يۇرت چوڭى ئوغۇز بەگلىرىنى چاقىردى. ئۇلارمۇ بۇ ھەقتە بىرنېمە دېيەلمىدى. ئۇلار بۇ ئىشنى يەنىلا قورقۇت ئاتا بىر تەرەپ قىلالايدۇ دېيىشىپ، ئۇنى ئەۋەتىشنى لايىق كۆرۈشتى.

— ئەي بەگلەر، — دېدى قورقۇت ئاتا، — بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرغانىكەنسىلەر، ئەلۋەتتە مەنمۇ بۇنىڭدىن باش تارتمايمەن. لېكىن، تەلۋە قاچار سىڭلىسىنى سورىغان كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بايىندىرخاننىڭ دۇلدۇللىرىدىن ئىككىنى توقۇڭلار. بىرى تېكە باشلىق بەيگە ئايغىرى بولسۇن، بىرى توقلا باشلىق تورۇق ئايغىر بولسۇن، بىرى ئويغا، بىرى دۆڭگە يۈگۈرۈك بولسۇن.

توغرا سۆزگە كىم نېمە دېسۇن! ئىككى شاھۋاز ئايغىر كەلتۈرۈلدى. قورقۇت ئاتا ئۇلاردىن بىرىنى مىنىپ، بىرىنى يېتىلىدى ۋە:

— خەير - خوش بەگلەر، ئاتىلار، يول بىرىڭلار يايلاقلار، تاغلار! — دەپ يولغا چىقتى.
قورقۇت ئاتا بىرىپ قارىسا، تەلۋە قاچار ئاق ئوتاق قۇردۇ. رۇپ، دوست - يارانلىرى بىلەن قارىغا ئوق ئىتىشىۋىتىپتىكەن. گويا بۇ تاغلارنى ئۇ ياراتقاندەك كۆرەڭلەپ كىتىپتۇ.
قورقۇت ئاتا يەتتە قەدەم نىرىدىن تەزىم قىلىپ، قولىنى كۆكسىگە ئىلىپ سالام بەردى، لىكىن تەلۋە قاچار ئۇنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالمىدى. ئۇنىڭغا بىشىدىن - ئايىغىغىچە كۆز يۈگۈرتۈپ چىققاندىن كىيىن:
— ئەي يولدىن ئازغان، خۇدا پىشانىسىگە قازا يازغان، ئاياغ. لىقلار بۇ تۇپراقنى باسقان ئەمەس، ئىغىزلىقلار بۇ سۇلاردىن ئىچكەن ئەمەس. سىنى بۇ يەرگە شامال ئىلىپ كەلدىمۇ، قىيان - سەلمۇ؟ بىزدە پۈتتۈرىدىغان بىرەر ئىشىڭ بارمۇ، يا بولمىسا چۇشۇڭ بۇزۇلۇپ ئەجىلىڭ باشلاپ كەلدىمۇ! — دىدى. بۇ سۆزلەرنى ئىغىر ئالغان قورقۇت ئاتا:
— ئەي يىگىت، نە چۇشۇم بۇزۇلسۇن، نە ئۆزۈم، ھەق ئالدى. دىدۇر مىنىڭ يۈزۈم. قىسمەت شۇنداق ئىكەن، قارا - قارا تاغلى. رىڭدىن ئىشىپ كەلدىم، سوغۇق سۇلىرىڭدىن ئىچىپ كەلدىم. ئاللانىڭ ئەمرى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بىلەن، ئاي دىسە ئاي ئەمەس، كۈن دىسە كۈن ئەمەس سىڭلىڭ گۈلبانۇنى باي بۆرە ئوغلى بامسى بۆگرەككە سوراپ كەلدىم. . . — دىدى. تەلۋە قاچارنىڭ ئەقلى ھەيران، قۇيرۇقى سىڭايان بولۇپ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ كەتتى.
— كەلتۈرۈڭلار قارا ئايغىرىمنى، بۇ شۇم ئىغىزنىڭ بىرەي ئەدىپىنى! — دەپ ئىتىغا مىندى ئۇ. قورقۇت ئاتا توقلا باشلىق تورۇق ئايغىرغا مىندى - دە، كەينىگە قارىماي قاچتى. تەلۋە قاچار ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن يەل. دەك ئۆتتى. قورقۇت ئاتا تورۇق ئايغىرى ھىرىپ قالغاندا، تىكە باشلىق بەيگە ئايغىرغا سەكرىدى. شۇنداقتىمۇ تەلۋە قاچار ئۇنىڭغا

يېتىشۋېلىپ، قىلىچىنى بىر چېپىشتا بېشىنى ئۇچۇرماقچى بولۇۋېدى، قورقۇت ئاتا ئاللاغا سېغىنىپ ئىسمى ئەزەم[1] ئوقۇپ:

— ئەي تەلۋە قاچار، ھەققە قىلىچ چېپىلماس. مېنى چاپقان قولۇڭ قۇرۇپ كەتكەي ئىلاھىم! — دېگەنىدى، خۇدانىڭ ھېكمىتى بىلەن تەلۋىنىڭ قورقۇت ئاتىغا كۆتۈرگەن قولى كۆتۈرگەن پېتى قېتىپ قالدى.

«ئامان، ئامان، ئەل ئامان، خۇدانىڭ بىرلىكىگە يوقتۇر گۇمان!» ھەققە قول كۆتۈرگەننىڭ ھالى قانداق بولىدىغانلىقىنى كۆرگەن تەلۋە قاچار قورقۇت ئاتىنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ:

— ئەي كارامەت ساھىبى، مەن قىلغاننى سىز قىلماڭ. قولۇمنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە دۇئا قىلىڭ. ئاللانىڭ ئەمرى پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بىلەن سىڭلىم گۈلبانۇنى بۆگرەككە بېرەي، — دەپ ئۈچ قېتىم تەكرارلاپ تۆۋا - تەسەۋۋۇپ قىلغانىدى، ئاللانىڭ ھېكمىتى بىلەن يەتمىش ئىككى تومۇرىغا قان يۈگۈرۈپ، قولى ئەسلىگە كەلدى. بىراق، ساراڭنىڭ ئوڭى بولسۇنمۇ! ئەسلىگە كېلىۋېلىپلا يەنە تەلۋىلىكىنى قىلدى:

— ئاتا، سىڭلىمنىڭ تويىغا نېمە تەلەپ قىلسام شۇنى بېرەمسىز؟ — دېدى ئۇ.

— خوپ، بەرسەك بېرەيلى، نېمە تەلەپ قىلىسەن؟

— ھىڭگان كۆرمىگەن مىڭ بۇغرا، بايتال كۆرمىگەن مىڭ ئايغىر، ساغلىق كۆرمىگەن مىڭ قوچقار، قۇيرۇقسىز، قۇلاقسىز مىڭ ئىت ۋە پۇت - قولى بولمىغان مىڭ بۇرگە كەلتۈرۈڭ. ئەگەر بۇ نەرسىلەرنى كەلتۈرمىسىڭىز، كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچى بولماڭ! — دەپ كۆزلىرىنى ئالايتتى.

قورقۇت ئاتا ئۇ يەردىن قايتىپ باي بۆرە بەگنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، بۆرە بەگ ئۇنى خۇشال قايتقاندىمۇ، خاپا قايتقاندىمۇ دەپ ئەنسىرىگەنىدى، خۇشال كىرىپ كەلگىنىنى كۆرۈپ:

— قورقۇت ئاتا، ئوغۇلىمۇسىز، قىزمۇ؟ بۆرىمۇسىز،

① ئىسمى ئەزەم — ئاللانىڭ توقسان توققۇز ئىسمىنى ئاتاپ قىلىنغان دۇئا.

قويمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئوغۇلمەن، بۆرىمەن! — دېدى قورقۇت ئاتا.

— ئۇنداقتا ئىش قانداق بولدى؟ ئۇ تەلۋىنىڭ قولىدىن قانداق قۇتۇلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى بۆرە بەگ.

— ئاللانىڭ ياردىمى، ھەربىرىڭلارنىڭ ھىممىتى بىلەن قۇتۇلدۇم. قىزنى بەرمەكچى بولدى، لېكىن ئاڭلاپ باقمىغان سىناقلارنى سالدى، — دەپ بىر - بىرلەپ ساناپ ئۆتكۈزگەندە، ئاڭلىغۇچىلار كۈلۈپ ئۈچەيلىرى ئۈزۈلۈپ قالاي دېدى.

بۆگرەككە، ئانىسىغا ۋە قىز قېرىنداشلىرىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈلدى. ئۇلارمۇ خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي قېلىشتى.

قانداقلا بولسۇن، ھەپتە ئۆتمەي ھېلىقى سىناقلارنىڭ بۈرگىدىن باشقىسىنى تەلۋە قاچارنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى. تەلۋە قاچار ئاتلارنى كۆرۈپ مىنگۈسى كەلدى، تۆگىلەرنى كۆرۈپ سۈرگۈسى كەلدى، قوچقارلارنى كۆرۈپ يېگۈسى كەلدى. . . ئەيتاۋۇر قۇيرۇقسىز، قۇلاقسىزلار بىلەنمۇ نەپسى تويمىدى:

— شۇنداقمىدى ۋەدىمىز، قېنى مېنىڭ بۈرگىلىرىم؟ — دەپ قورقۇت ئاتىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلىدى ئۇ.

— ئەي ئەقىللىقىم، — دېدى قورقۇت ئاتا، — بۈرگە دېگەننىڭ بىرىنىڭ، مىڭىنىڭ گېپى بولامدۇ، ھەممىسىنى بىر يەرگە يىغىپ قويدۇم، سېنى قاچان كېلەركىن دەپ كۈتۈپ تۇرىدۇ. ئۆز قولۇڭ بىلەن ئايرىۋال، چوڭىنى - كىچىكىنى، ئورۇقىنى - سېمىزىنى... خالىساڭ چېدىر قىل، قاپ تېغىغا تىرىسىنى — دەپ، تەلۋە قاچارنى بىر بۈرگىلىك يەرگە باشلاپ بېرىپ، كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ، ئۈستۋېشىنى يالىڭاچلاپ ئېغىلغا سولاپ ئىشىكنى دۈملەپ قويدى. بۈرگىلەر ئۇنىڭ ئانام، دادام دېگىنىگە قويسۇنمۇ! چىدىماي ۋار - ۋار ۋارقىراپ، زار - زار يالۋۇرۇپ باقتى، ھېچ ئامال قىلالمىدى. ئاخىرى قورقۇت ئاتا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئۇنداق چاتاق سالماسلىقىغا ۋەدە ئېلىپ ئىشىكنى ئېچىپ قارىسا، ھېلىقى ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان تەلۋىنىڭ پۈتۈن ئەزايى

قاپىرىپ، يۈز ـ كۆزلىرى تونۇغۇسىز بولۇپ كېتىپتۇ.

— هه ... ئەقىللىقىم، — دېدى قورقۇت ئاتا، — قانداق ئەھۋا-لىڭ؟ بۆرگەڭگە تويدۇڭمۇ، يامان خۇيۇڭنى قويدۇڭمۇ؟

— سورىماڭ ئاتا، سورىماڭ... — دېدى تەلۋە قاچار تىزلىن-رىغا ئۇرۇپ، — چەككەن ئازابلىرىمنى سورىماي قويۇڭ! بىر بۆرگە قوندى بېشىمغا، ھېچ باقمىدى ھالىمغا. بىر تېپىۋىدى بېلىمگە، چىديالمىدىم ئاغرىقىغا. بىرى سەكرىدى يانپېشىمغا، ئۇ يەردىن چاچرىدى يۈزۈمگە، بىرنى تەپتى كۆزۈمگە. ۋايجان، چىدىيالمىدىم دېيىشىمگە ھەممىسى قوزغىلىپ كېلىپ ھۇجۇم قىلدى پۈتۈن ئەزا-يىمغا. ئۆزۈم تاپقان بالاغا نەگە باراي دەۋاغا. ئىككىنچى بىرىگە ئاۋارىچىلىك سالمايمەن، مىڭ توۋا! ئاللا سىڭلىمنىڭ پېشانىسىگە يازغان بولسا، ئەتىدىن تېرى يوق. داقا ـ دۇمباقلار چېلىنسۇن، تويلىرى قىلىنىپ، نىكاھلىرى ئوقۇلسۇن...

قورقۇت ئاتا يەنە ئۇنىڭغا رەھىم قىلىپ:

— بار ئوغلۇم، ئۆزۈڭنى سۇغا تاشلا، — دېدى.

تەلۋە قاچار يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. جان ئاچچى-قىدا سوغۇق سۇغا بوغۇزىغىچە پاتتى، بۆرگىلەر سۇدا ئاقتى، تەلۋىمۇ كىيىمىنى كىيىپ ئۆيىگە قاراپ چاپتى.

قورقۇت ئاتا زەپەر قۇچۇپ يايلىقىغا قايتىپ، توي ھازىرلىقى-نى باشلىۋەتتى.

ئۇ چاغلاردا يىگىت ئۆيلىنىدىغان ۋاقىتتا بىر ئوق ئاتاتتى. ئاتقان ئوقى نەگە بېرىپ چۈشسە، ھۇجرىسى شۇ يەردە بولاتتى.

— يۈر ئوغلۇم، — دېدى قورقۇت ئاتا، — كۈنۈڭ تۇغدى تويۇڭ باشلاندى، ئات ئوقۇڭنى!

بامسى بۆگرەك خۇشاللىقتا ئورنىدىن سەكرەپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇۋالسىمۇ توختىسۇنمۇ! يانى تارتىش بىلەن ئوقنىڭ كىرىچتىن چىقىشى تەڭ بولدى. ئۇ قىرىق يىگىتنى ئې-لىپ، ئوقى چۈشكەن يەرگە بېرىپ ھۇجرىسىنى قۇردى. قىز ئۆيىدىن كۈيئوغۇلغا بىر قىزىل تون كەلدى. بۆگرەك تونني كىي-

گەندە يولداشلىرىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغانىدى. بۆگرەك ئۆلارنىڭ چىرايىدىن سېزىپ:
— ئەي قىرىق ھەمرىيىم، قىرىق قېرىنداشىم، قۇربان بولسۇن سىلەرگە جېنىم! قاش - كۆزلىرىڭلارنى نېمىگە سۇزىسىلەر، ياراشماپتىمۇ ماڭا بۇ كىيىم؟ — دېدى ۋە باشقىلارنىڭ ئاق كىيىپ، ئۆزىنىڭ قىزىل تون كىيگەنلىكىگە يولداشلىرىنىڭ قورسىقى كۆيۈۋەتكەنلىكىنى سېزىپ، — تويلۇق ئەمەسمۇ بۇ! بۈگۈن مەن كىيدىم، ئەتە قولدىشىم كىيسۇن. ئۇنىڭدىن كېيىن ھەر كۈنى بىرىمىز كىيىپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ، ئاندىن بېشىمىزنىڭ سەدىقىسى قىلىپ بىر يوقسۇلغا بېرىپ دۇئاسىنى ئالىمىز، — دەپ تەسەللى بەردى.
«ياخشى سۆز كۆڭۈلنىڭ يايلىقى» ئەمەسمۇ! بۇ سۆزنى ئاڭلىغان قىرىق يىگىتنىڭ قەددى كۆتۈرۈلدى. قىرىق بىر ئېغىزدىن «ھاي - ھاي» تۇۋلاپ تاغۇتاشنى تىترەتتى. بۆگرەكنىڭ تويى ئالەمگە داڭ كەتتى!
ئەلدە ياخشىلار كۆپ بولغىنىدەك، يامانلارمۇ يوق ئەمەس. كۇپار جاسۇسى ئەھۋالنى بايبۇرت قەلئەسىنىڭ بېگىگە يەتكۈزدى. ھالبۇكى، گۇلبانۇ بۇ غايىپلىنىڭ بۇرنىغىمۇ پۇرىغانمىش. ئۇنىڭ بۇ كېچە ھۇجرىغا كىرىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئەقىل - ھوشىنى يوقاتتى. يەتتە بوز ئاتلىقنى كەينىگە سېلىپ، چاچنى توزانغا قېتىپ، ئەل جىمىققاندا ئۆلارنىڭ ئوتىقىنى باستى.
نېمىگە ئۇچرىغىنىنى بىلمەي قالغان بۆگرەكنىڭ قولدىشى دەرھال قىلىچىنى چىقىرىپ: «باي بۆگرەككە پىدا بولسۇن مېنىڭ بېشىم!» دەپ ئالدىغا كەلگەننى چاپتى، لېكىن بۇ قانلىق جەڭنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالىسۇنمۇ! ئاخىرى شېھىتلىك شارابىنى ئىچىپ باقىي ئالەمگە كەتتى. بەختى قارا باي بۆگرەك بىلەن قىرىق يىگىتمۇ غايىل بولۇپ كۇپار قولىغا چۈشتى.
«ئات كىشنەر، ئەر ماختىنار» لېكىن يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقسۇنمۇ؟ بولۇت بولۇپ كۆكتە ئاقالماس، يامغۇر بولۇپ يەرگە

ياغالماس! ئاخىرى بۆگرەكمۇ ئوتتۇز توققۇز يىگىتى بىلەن ئەسىرگە چۈشۈپ، كۆپار ئىچىگە ئېلىپ كېتىلدى.

تۈن كېتىپ كۈن تۇغدى. بۆگرەكنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بېرىپ قارىسا، ھۇجرىنىڭ ئورنىدا شاماللار گۇركىرەۋېتىپتۇ. ئۇلار كۆزلىرىگە ئىشەنمەي يېقىن بېرىپ قارىسا، نە باي بۆگرەك، نە قىرىق يىگىتنىڭ بىرىمۇ كۆرۈنمىدى. توي بولغان يەر قىزىل قانغا بويالغانىدى. ئۇلار نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالدى.

ئاتىسى «ئوغلۇم، ئوغلۇم» دەپ تاغۇ تاشنى يىغلىتىپ، ئاسمان ـ زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۇردى . . . ئانىسى «ئوغلۇم، ئوغلۇم» دەپ چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈز ـ كۆزىنى قىيما ـ چىيما قىلىۋەتتى. سىڭىللىرى يەتتە كۆزدىن يەتتە بۇلاقتەك ياشلىرىنى تاراملاتتى. بەزىلىرى تولا يىغلاپ كۆزىدىن ئايرىلدى، بەزىلىرى ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇپ تىزىدىن ئايرىلدى. باي بۆگرەكنىڭ ئۆيىنى ماتەم باستى. قىزلار نە قوللىرىغا خېنە ياقمىدى، نە چىراي ئېچىپ قاقاقلاپ كۈلمىدى. «ۋاي بەگ ئاكام، مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتمىگەن يالغۇز ئاكام!» دەپ يىغلاپ قاقشاشتى.

بۆگرەكنىڭ كۆڭۈل يايلىقى گۈلبانۇچۇ؟ ئۇنى سىزمۇ سورىماڭ، مەنمۇ ئېيتماي، ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ھېچكىمگە كەلمىسۇن!

گۈلبانۇغا خەۋەر يەتتى. ئۇ قارا كىيىپ، ئاق چىقاردى. نائۇمىدلىك ھەسرىتى ئىچىدە:

ۋاي، كۆز ئېچىپ كۆرگىنىم،
كۆڭۈل بېرىپ سۆيگۈنۈم.
بىر ياستۇقتا باش قويمىغان،
قانغۇچە چىرايىغا باقمىغان،
شاھ يىگىتىم، شاھۋاز يىگىتىم!
مېنى يالغۇز تاشلاپ نەگە كەتتىڭ؟
ۋاي، ئۆيۈم ـ ئوچىقىمنىڭ ئۇمىدى،

ۋاي، يايلىقىم ـ يۈرتۈمنىڭ بۈلبۈلى.
سەنسىز بۇ كۈنلەر دوزاختۇر ماڭا،
كۈنۈم سەن، تۈنۈممۇ سەن يانا!
سەن بىلەن باشلانغان ھاياتىم سەن بىلەن
پۈتسۈن،
يولۇڭدا ئۆلەي، جېنىم ساڭا قۇربان
بولسۇن!

دەپ، ئاھۇزارىنى تۆكتى.

بۇ ئاھۇزارنى ئاڭلاپ، تۇرۇلۇپ ئاققان سەللەر تۈتتى ھازا، چېكى توزىغان يوللارمۇ باغلىدى قارا، ئۆستۋاشلىرىغا قارلىق كىيىپ ئوغۇز ئەللىرى يىغلىدى تازا...

بۇ قارا كۈنلەر ئايلار داۋاملاشتى، يىللار داۋاملاشتى. ئون ئالتە يىل ئۆتتى، نە باي بۆگرەك قايتمىدى، نە ئوتتۇز توققۇز يىگىتتىن بىرى...

ئىشەنگەن تاغلارغا قار يېغىپ، ئۈمىدلىرى ئۈزۈلگەن كۈنلەر-نىڭ بىرىدە، گۈلبانۇنىڭ ئاكىسى تەلۋە قاچار بايىندىرخاننىڭ ھۇ-زۇرىغا باش ئۇرۇپ:

— ئەي دۆلەتلىك خانلار خانى! — دېدى، — ئاللا ئۆمرىڭىزنى بەرسۇن. ھەر ھەقنى سىزنىڭ كۆزىڭىز كۆرىدۇ، ھەر ئىش سىز-نىڭ قولىڭىزدا پۈتىدۇ. مېنىڭمۇ يېتىپ ئاشقۇدەك بىر دەردىم بار. بۇ دەرد مېنىڭ ئەمەس، بىر گۈلنىڭ دەردى... بىر گۈلنىڭ دەردى ئەمەس، بىر يايلاقنىڭ دەردى... تىز چۆكۈرۈپ ئالدىڭىز-غا كەلدىم، دەرد تۆككىلى. باي بۆرە ئوغلى بامسى بۆگرەككە ئون ئالتە يىل بولدى يوقاپ كەتكىلى، بۇگۈنگىچە نە بىر خەۋەر، نە بىر تىۋىش چىقمىدى. بۇنچە يىللار سۇلدۇرمىسۇن قانداق گۈلنى، سۇلدۇرمىسۇن گۈلبانۇنى! بەختى قارا قىرىندىشىم كۆزلىرى يول-دا، كۆڭۈللىرى گۇماندا، كۈتەر ـ كۈتەر سۇلۇپ كەتتى. يەنە ئاتمىش يىل كۈتسۇنمۇ؟ بىر مەرد مەيدانغا چىقىپ، دۇنيانى يېڭد-

ۋاشتىن كېيىن، بۆگرەكنى بىر تاشنىڭ تېگىدە بولسىمۇ كەلسە تېپىپ، تاپان ھەققىگە بويى بىلەن تەڭ بىرەي ئالتۇننى؛ ئىلىپ كەلسە «يوق» دېگەن شۇم خەۋەرنى، ئۆلگەنىنىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولماس، ئۇ چاغدا ئاڭا بىرەي گۇلبانۇنى...

خانلار خانى بايىندىرخان بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىگە يېتىپ، دەيدىغىنىنى دېمەستىنلا، ئۇڭمغۇر يالغانچى ئوغلى يالىنجىق دېگەن بىرى يۈگۈرۈپ كىلىپ:

— ئەي سۇلتانىم، ئىجازەت بەرگەيسىز، بۇ ئىشقا مەن باراي. ئالىمادىس پىلىنىڭ قۇلىقىغا كىرىۋالغان بولسىمۇ، بۆگرەكنىڭ يا ئۆلۈكىنى، يا تىرىكىنى تاپماي قويماي! — دەپ ئالدىنى توستى. ھالبۇكى، بۇ يۈزى قارا ئۆز ۋاقتىدا لولىلىق قىلىپ يۈرۈپ، باي بۆگرەكتىن كەشتە تىكىلگەن بىر كۆڭلەك ھەدىيە ئالغانىدى. بۇ پۇرسەتپەرەس قەيەرلەردە ئوتلاپ، قەيەرلەردە سولاپ بىرقانچە كۈننى ئۆتكۈزۈپ، ئۇ كۆڭلەكنى قانغا مىلەپ ئىلىپ كەلدى.

خانلار خانى پەرىشان ھالدا:

— كىمنىڭ كۆڭلىكى بۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، يالغانچى ئوغلى يالىنجىق يالغان ئۈستىگە يالغاننى قوشۇپ:

— كىمنىڭ كۆڭلىكى بولسۇن، باي بۆگرەكنىڭ كۆڭلىكى! دېپىشكە تىلىم بارمايدۇ، بۇ يىگىتكە قارا دەرۋەنتتە ئوق تېگىپتۇ! — دېگەنىدى، بۇنى ئاڭلىغانلارنىڭ ھەممىسى ئاھ ئۇرۇپ كۆز ياش قىلىشتى.

— نېمىشقا يامغۇر ياغماي تۇرۇپ سەلنى چىللايسىلەر، — دېدى خانلار خانى، — كۆڭلەك كۆڭلەككە ئوخشايدۇ، كومزەك كومزەككە ... راست بولسا تونۇغاي مەشۇقى، ئاپىرىپ كۆرسىتىڭلار ئۇنى! — ئۇلار ئۇ قانلىق كۆڭلەكنى ئاپىرىپ گۇلبانۇنىڭ ئالدىغا قويدى. «قول ئىشنى ئەل تونۇمىسا قول تونۇپتۇ». ئون بارمىقىدا ئون ھۈنەر بولغان گۇلبانۇ ئۆز قولى بىلەن ئىشلىگەن كەشتىنى تونۇماي قالامدۇ! ئۇ كۆڭلەكنى قولىغا ئالا - ئالمايلا:

— ۋاي قىزىل چۇمپەردەمنى ئاچقان بۆگرىكىم، ئۇمىدىم.

سىنى سىغىنىپ تولا كۆتۈپ، قاقشال بولۇپ قۇرۇدۇم. سەندىن قالغىنى شۇ كۆڭلەكمۇ؟ تىكمەس ئىدىم، تۈتماس بولسامچۇ. كۆرمەس ئىدىم، كور بولسامچۇ. كۆرۈشمىكىمىز مەھشەرگە قاپتۇ. بۇ قانلىق كۆڭلەك ماڭا كىپەن بوپتۇ! — دەپ، ئالمىدەك مەڭزىلىرىنى قىيما - چىيما قىلىۋەتسىمۇ، ئۇنىڭ كۆز يېشىغا قارايدىغان كىم! تەلۋە قاچار سىڭلىسىنى يالغانچى ئوغلى يالىنجىققا بەرمەكچى بولدى. كىچىك تويلىرىنى پۈتتۈرۈپ چوڭ تويلىرىغا ۋەدىلەشتى.

بامسى بۆگرەكنىڭ ئاتىسى باي بۆرە يالغانچى ئوغلى يالىنجىقنىڭ سەل ئالدىدىن مال قاچۇرغاندەك ئالدىراپ - تېنەپ تويغا تۈتۈش قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشتا بىر جىن بارلىقىنى سەزدى - دە، تۇر دېگەن يەردە تۇرىدىغان، ئۆل دېگەن يەردە ئۆلىدىغان سودا كارۋىنىنى چاقىرىپ:

— ئەي ئاق كۆڭۈل كارۋانلىرىم، يالغانچى ئوغلى يالىنجىق ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈيدۇ. ئۇنىڭ شۇم ئاغزىغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ. بېرىڭلار، يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپنى كېزىڭلار. جىگىرىمنىڭ پارىسى، كۆزۈمنىڭ يورۇقى ئوغلۇمنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىدىن خەۋەر ئېلىپ كەلسەڭلار، ئاناڭلارنىڭ سۈتىدىن هالال بولسۇن، تۆگىلىرىڭلار بىلەن يوكۇڭلار! — دېدى ۋە بىر ئاخشىمى ئۇلارنى يولغا سالدى.

كارۋانلار كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە پاراسارنىڭ بايبۇرت قەلئەسىگە بېرىپ چۈشتى. ئۇ كۈنى كۇپارلارنىڭ بايرام كۈنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە يەپ - ئىچىپ بايرام قىلىشىۋاتاتتى.

ئاللا هېچكىمنىڭ بېشىغا كەلتۈرمىسۇن، قەلئەگە مەهكۇم قىلىندى دېگەندىن كۆرە زىندانغا تىرىك تاشلاندى دېسە بولغۇدەك. دەرۋەقە، بۆگرەك بىلەن قىرىق يىگىتى شۇنداق بىر قەلئەدە چىرىپ كېتىۋېتىپتىكەن. ئۇ كۈنى بۇلارنىمۇ قوۋۇز چالدۇرغىلى زىنداندىن چىقىرىپ ئېلىپ كەلگەنىكەن. ئاللانىڭ بۇيرۇقى شۇنداقتۇ، بىر ئەسنادا باي بۆگرەك قەلئەنىڭ بېشىدىن پەرىشان هالدا ئەتراپقا

كۆز يۇگۇرتكىنىدە، بىر توپ كارۋانغا كۆزى چۈشۈپ ئالەمچە خۇشال بولدى.
كۇپارلار نە سۆزنى ئۇقسۇن، نە سازنى! باي بۆگرەك قەلئە- نىڭ بېشىدا قوۋۇزنى جاراڭلىتىپ ئۇلار بىلەن خەۋەرلەشتى:

هاۋالىق يايلاقتىن كەلگەن كارۋان،
ئاتام بىلەن ئانامنىڭ سوۋغىتى كارۋان.
ئۇزۇن پۇتلۇق شاهۋاز ئاتقا مىنگەن كارۋان،
ئۇنۇمنى ئاڭلا، سۆزۈمگە قۇلاق سال كارۋان!
ئۇشۇن ئوغلى سالۇز قازان ئامانمۇ؟
تەلۋە دۇندار، قارا پۇتاقلار ئېسەنمۇ؟
ئاتام بىلەن ئانام سالامەتمۇ؟
كۆڭۈل بېرىپ سۆيگۇنۇم ئۆيىدىمۇ؟
يا بولمىسا بىرەرىگە تەگدىمۇ؟

كارۋانلار جاۋابەن مۇنداق دېدى:

ئامانمۇ سەن، ئېسەنمۇ سەن جانىم بامسى؟
ئون ئالتە يىلنىڭ ھەسرىتى خانىم بامسى!
قازان بەگنى سورىساڭ، ئامان بامسى،
تەلۋە دۇندار، قارا پۇتاقلارمۇ ئېسەن بامسى!
ئاتا - ئاناڭنى سورىساڭ ساقتۇر بامسى،
يەتتە سىڭلىڭ يەتتە يول ئاغزىدا زاردۇر بامسى!
ئۇلار ساڭا ئاق چىقىرىپ، قارا كىيدى،
هازا ئېچىپ، ماتەم تۇتۇپ زار قاقشىدى.
مەشۇقۇڭنى يالغانچى ئوغلى ئالماق بولدى،
قاچار بىلەن چوڭ تويغا ۋەدىلەشتى.
بۆگرەك بولساڭ شۇ قەلئەدىن ئۇچۇپ باق،
دەرھال بېرىپ ھۇجرىسىغا كىرىپ باق.

## بارمىساڭ گۈلبانۇدىن ئايرىلىسەن بىلىپ قال!

شۇنداق قىلىپ، بۆگرەك يايلىقىدا، يۇرتىدا بولۇپ ئۆتكەنلەرنى كۆزلىرىگە كۆرۈنگەن، كۆڭۈللىرىگە پۈكۈلگەنلەردىن بىلدى. لېكىن، كۆڭۈل بېرىپ سۆيگەن مەشۇقى گۈلبانۇنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى ئاڭلىغاندا گويا بايبۇرت قەلئەسى بېشىغا دۇم كۆمتۈرۈلگەندەك بولدى.

يالغانچى ئوغلى يالىنجىقنىڭ ئىككى تاشنىڭ ئارىلىقىدا قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى يىگىتلىرىگە ئاڭلاتقىنىدا، ئۇلارمۇ گويا ئوققا تۇتۇلغاندەك بولۇشتى.

«گۆم بولسۇن كۇپارنىڭ قەلئەسى! جېنىمىز تېنىمىزدە بولسا، بىر كۈنى بۇ يەردىن قۇتۇلساق، ئەلنىڭ يايلىقىدىن گۈل ئۈزمەك قانچىلىك ئىش! خەپ، ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسەتمىسەك...» دېيىشتى ئۇلار.

كەچ كىرىپ ئۇلار ھۇجرىلىرىغا سولانغاندا، بامسى بۆگرەك قانداق قىلسۇن؟ ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن قوۋۇزىنى پىراقلىق چېلىپ قوشىقىنى پىغانلىق توۋلاۋاتقاندا، بىردىن قاياقتىندۇر بايبۇرت بېگىنىڭ قىزى ئىشىكنى غىچىلداتتى. ئۇنى كۆرگەنلەر ئاي دېيىشتى... خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن شۇنچە كۇپار ئىچىدە ئادەم چىقمىغاندەك، ئۇ ھەر كېچە كېلىپ باي بۆگرەكنىڭ بېشىدىن ئايلىنىپ كېتەلمەيتتى. لېكىن، دەردمەن بۆگرەك بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپمۇ قويمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ زېرىكمەي ـ تېرىكمەي كۈندە كېلىپ ـ كېتىپ تۇراتتى. بۇ كېچە ئۇ بامسى بۆگرەكنى غەمكىن كۆرگىنىدە:

— شاھ يىگىت، شاھۋاز يىگىت، ھالىڭ نېچۈك؟ ھەر كەلگىنىمدە خۇشال ئىدىڭ، بۈگۈن نېمىشقا قوۋۇزۇڭ مۇڭلۇق؟ — دېدى.

— سورىماڭ بەگ قىزى، سورىماي قويۇڭ. ئاشىق يىغلىتار، دەرد سۆزلىتەر. كىم مۇڭلانسۇن، مەن دەردلىك مۇڭلاناي!

ئايرىدى ئاتىڭىز مېنى ۋەتىنىمدىن ـ ئېلىمدىن، قانچە يىللار دەرد ـ ئەلەمدە داغلاندى يۈرەك ـ باغرىم، ئاتا دەردى، ئانا دەردى يەتمەيدىكەن يار دەردىگە، قوۋم ـ قېرىنداش ۋەسلىمۇ يەتمەيدىكەن نىگار ۋەسلىگە. قانماي تۇرۇپ ۋىسال لەززىتىگە، چىرىپ كېتەر بولدۇم شۇ قەلئەدە، — دەپ، بېشىغا كەلگەنلەرنى بىر ـ بىرلەپ تۆكتى.

بۇ سۆزلەر تاشنىمۇ ئېرىتەر ئىدى. بەگ قىزىنىڭ يۈرىكى تاشتىنمۇ قاتتىق ئەمەس ـ دە! ئۇ قارا كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— ئەي يىگىت، دەردنى دەرد تارتقان بىلەر… ئۆمرۈمدە تارتـ مىدىم ئاتا ـ ئانا دەردىنى، بىراق، سىزنىڭ دەردىڭدە بولدۇم تەلۋە ـ دىۋانە. ئارقان تاشلاپ قەلئەدىن چۈشۈرسەم سىزنى، ئۆي ـ ئوچىقىڭغا، گۈل ـ چېچەكىڭگە يېتىشىپ، ئۇنتۇپ قالار- سەنمۇ مېنى؟ ھالاللىقىڭغا بولمىسا، قۇللۇقۇڭغا بولسىمۇ ئالار- سەنمۇ مېنى؟ — دېگەندى، بۆگرەكىنىڭمۇ كۆزلىرى ياشلاندى.

— ئەگەر بۇ زىنداندىن قۇتۇلۇپ، ئوغۇز ئېلىگە ساق ـ سالا- مەت بارىدىغان بولسام، قايتىپ كېلىپ سىزنى ھالاللىقىمغا ئالمى- سام، قىلىچىمغا چېپىلىپ، ئوقۇمغا سانجىلاي، يەردەك يېرىلىپ، تۇپراقتەك سورۇلاي! — دەپ قەسەم قىلدى ئۇ.

شۇ ئەسنادا قىز ئىمانغا كېلىپ، باغلىدى ئارقاننى بېلىگە، چۈشۈردى ئۇنى قەلئەنىڭ تۈۋىگە.

بامسى بۆگرەك ئۆزىنى يەر يۈزىدە كۆرگىنىدە، تۇزاقتىن قۇتۇلغان قۇشتەك قاناتلىنىپ، قوللىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ئاللاغا شۈكۈر ئەيلىدى.

ئۇ «بىسمىللا» دەپ يولغا چۈشۈپ، كۆپارنىڭ يىلقا پادىسىغا ئۇچراپ، ياخشى ئاتتىن بىرنى تۇتماقچى بولغىنىدا، بىردىن ئۆزد- نىڭ بوز ئايغىرىمۇ يىلقىلار ئارىسىدا ئوتلاپ يۈرگىنىنى كۆردى. جانىۋار ئىگىسىنى تونۇپ، كەينى ئاياغلىرىغا تىزلىنىپ تۇرۇپ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تىلى بىلەن چىشىنىڭ ئارىسىدا شۇنداق ئاچچىق كىشنىدىكى، تاغۇتاشلار جاراڭلاپ كەتتى. بۆگرەكنىڭ

قاناتلانغان يۈرىكى گويا ھاۋالاردا ئۇچۇپ:

ئېتىم، ئېتىم، جان ئېتىم،
يايلىسى سۇمبۇل بوز ئېتىم.
قاردەك ئاپئاق قاشقاڭ سېنىڭ،
شام چىراغقا ئوخشار كۆزلىرىڭ.
قوش خەنجەرگە ئوخشار قۇلاقلىرىڭ،
ئەرنى مۇرادىغا يەتكۈزەر ئاياغلىرىڭ.
ئات ئەمەسسەن ئۇچار قۇش،
قۇشتىن ئىتتىك ئايغىرىم.
كەل بەختى نەقىشلىقىم،
كەل سۇ كەبى ئېقىشلىقىم.
توغرىلاپ يولۇڭنى بىزنىڭ ئەللەرگە،
تىكتۇرەي يوپۇقۇڭنى چېۋەر قوللارغا.

دەپ مەدھىيىلىگەنىدى، ئات گويا ئۇلارنى ئاڭلاپ چۈشەنگەندەك، بېشىنى كۆتۈرۈپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ بۆگرەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۆگرەك ئاتنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ كۆزلىرى ۋە قاشقىسىغا سۆيۈپ قويۇپ ئىرغىپ مىندى. ئۇ ئالدى بىلەن قەلئە دەرۋازىسىغا بېرىپ بىر ئۇن سالغاندىن كېيىن:

— ھەي كۇپار، ھەق نېسىپ قىلدى، قۇتۇلدۇم زىندانىڭدىن. قېچىپتۇ دەپ ئويلىما، ئاز كۈندە كېلىپ ھېساب ئالىمەن سېنىڭدىن. تەگكۈچى بولساڭ ئوتتۇز توققۇز يىگىتىمنىڭ بىر تال موييىغا، كۆمتۈرىمەن بۇ قەلئەنى بېشىڭغا! — دەپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى.

قەلئە بېگىنىڭ يۈرىكىگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ، كەينىدىن قىرىق ئاتلىق چىقاردى. بوز ئايغىرغا قانداق ئات يېتىشەلىسۇن! ئۇ چاڭنى تۇمانغا قوشۇپ كۆزدىن غايىب بولغاندا، كۇپارلار كەينىگە ياندى. بامسى بۆگرەك تۆپىلەردىن يەلدەك، جىلغىلاردىن سەل-

دەك ئۆتۈپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز ئېلىگە ئۇلاشتى. ئۆز يۇرتىغا ئىككى ئوق ئېتىمچە ئارىلىق قالغاندا، ئىنتايىن پەرىشانە بىر ئاشىققا ئۇچرىدى. سالام - سائەت قىلىشقاندىن كېيىن، ئۇ-نىڭدىن سورىدى:

— ئەي ئاشىق، نەگە كېتىۋاتىسىز؟

— بەگ يىگىت، تويغا كېتىۋاتىمەن.

— كىمنىڭ تويىغا؟

— يالغانچى ئوغلى يالىنجىقنىڭ تويىغا.

— ئۇ كىمنىڭ نېمىسىنى ئالىدىكەن؟

— خان بۆگرەكنىڭ لايىقى گۈلبانۇنى ئالىدۇ.

بۇنى ئاڭلىغان بۆگرەكنىڭ كۆزلىرىگە قاراڭغۇچىلىق تولۇپ:

— ئاشىق ئاتا، قوۋۇزىڭىزنى بېرىپ تۇرۇڭ ماڭا، يېنىمدا ئاقچام يوق، ئېتىمنى بېرىپ تۇراي ئورنىغا، — دېدى ۋە شۇئان قوۋۇزنى قولىغا ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇ بىر يولنىڭ ئاغزىغا بېرىپ قارىسا، بىر - بىرىدىن قاۋۇل ئۈچ چوپان يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاش توپلاۋاتاتتى. بۆگرەك ئۇلار-نىڭ بىر يېشىغا، بىر بېشىغا ۋە يىغىپ قويغان تېشىغا قاراپ:

— تاغىلار، كىشىلەر يول ئۈستىدە تاش كۆرسە بىر چەتكە ئېلىۋېتىدۇ. ھالبۇكى، سىلەر يولغا توپلاپسىلەر. يول ئۈستىگە قەلئە ياسىماقچىمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدۇ.

— ماڭ يىگىت يولۇڭغا، — دېدى چوپانلار، — كىشىنىڭ دەردى-نى كىشى بىلمەس. سەن بىزنىڭ دەردىمىزنى بىلسەڭ ئىدىڭ، ئۇ چاغدا بىزنىڭ ھالىمىزغا يېتەتتىڭ.

— نېمە دەردىڭلار بار؟

— يالغانچى ئوغلى يالىنجىق يالغان - ياۋىداق ئىسپات توقۇپ بېگىمىزنىڭ ئوغلىنى «ئۆلدى» گە چىقىرىپ، ئۇنىڭ مەشۇقىنى ئالغىلى كەتتى. قىز بارسا ساپ سۈت ئەمگەن بىرىنگە بارسۇن دەپ، بۇ تاشلارنى ئۇنىڭ بېشىغا ياغدۇرماقچىمىز.

بۇ سۆزلەردىن كۆڭلى يورۇغان بامسى بۆگرەك ئۇلارغا:
— ئۇنداق بولسا، ئىككى ئالەمدە يۈزۈڭلار ئاق بولسۇن. ئاتاڭلارنىڭ بەرگەن نېنى هالال بولسۇن! — دەپ يۈرۈپ كەتتى ۋە بىرهازادا ئاتىسىنىڭ ئوردىسى ئالدىغا كېلىپ قالدى. دەرۋەقە، ئوردىنىڭ ئالدىدا يوغان بىر توپ دەرەخ، دەرەخنىڭ ئاستىدا بىر كۆز بۇلاق بار ئەمەسمىدى! قارىسا كىچىك سىڭلىسى ئىككى قولىدا ئىككى چېلەك تۇتقان، ئىككى كۆزى ئىككى بۇلاق بولغان هالدا، «ئاكام، ئاكام، بۆگرەك ئاكام، گۈلىدىن ئايرىلىپ قالغان ئاكام» دەپ يىغلاپ سۇغا چىقىپتۇ.
بۆگرەككە شۇنداق بىر پىغان كەلدىكى، ئۆزىنى تۇتالماي، كۆز ياشلىرى تاراملاپ ئاققان هالدا:

نېمىگە يىغلايسىز ئاكام دەپ، ياندى باغرىم؟
نېمە بولغانتى ئاكىڭىز، ئاغرىدى ئىچىم؟
قارشى ياتقان قارا تاغنى سورار بولسام، كىم يايلىغان؟
سوغۇق - سوغۇق سۇلىرىنى سورار بولسام، كىم ئىچكەن؟
قاتار - قاتار تۆگىلەرنى سورار بولسام، كىم يۇكلىگەن؟
ئالىيېشىل ئوتاقلارنى سورار بولسام، كىم ئولتۇرغان؟
راستىنى دەپ جاۋاب بېرىڭ ئۆز ئاغزىڭىزدىن،
قارا بېشىم سىزگە بولسۇن قۇربان!

دەپ، ساز بىلەن، سۆز بىلەن سورىمىغىنى قالمىدى. قىزمۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى:

چالماڭ ئاشىق سازىڭىزنى،
بەختى قارا بىر قىزغا سازنىڭ نېمە كېرىكى!
قارشى ياتقان قارا تاغلاردا ئاكام بۆگرەك يايلايتتى،
سوغۇق - سوغۇق سۇلارنى ئاكام بۆگرەك ئىچەتتى،
ئېغىلدىكى شاهۋاز ئاتلارنى ئاكام بۆگرەك مىنەتتى،

قاتار ـ قاتار تۆگىلەرنى ئاكام بۆگرەك يۆكلەيتتى،
ئاق قويلارنى ئاكام بۆگرەك سويۇپ يەيتتى،
ئالىيپىشىل ئۇ تاغلاردا ئاكام بۆگرەك ئولتۇراتتى.
ئاكام بۆگرەك كەتكەندىن بېرى،
مانا بۇلارغا ھېچكىم تەگمىدى.
ئاشىق ئاكا، قارشى تاغدىن كەلگىنىڭىزدە،
بۆگرەك ئىسىملىك بىر يىگىتنى كۆردىڭىزمۇ؟
تاشقىن سۇلارنى كېچىپ ئۆتكىنىڭىزدە،
بۆگرەك ئىسىملىك بىر يىگىتنى كۆردىڭىزمۇ؟
شەھەر بىلەن يېزىلاردىن كەلگىنىڭىزدە،
بۆگرەك ئىسىملىك بىر يىگىتنى كۆردىڭىزمۇ؟
ئەي ئاشىق، كۆرسىڭىز ئېيتىڭ بىزگە،
قارا بېشىم قۇربان بولسۇن سىزگە!

بۇنى ئاڭلىغان بامسى بۆگرەكنىڭ ئىچى ئازابتىن ئۆرتەندى. لېكىن، سىرتىدىن مەلۇم قىلماي، «كۆرمىدىم، كۆرۇشمىدىم» دېگەندەك قىلىپ كالپۇكلىرىنى پۇرۇشتۇردى. بۇ چاغدا قىزنىڭ قەلبىگە بىر پىغان چۈشۈپ يەنە مۇنداق دېدى:

ئالدىمدىكى قارا تېغىم يىقىلدى،
بۇك ـ باراقسان يوغان دەرىخىم كېسىلدى.
دۇنيادا بىر قېرىندىشىم تۇتۇلدى،
يۇرەك باغرىم پارە ـ پارە تىلىندى.
ئەي ئاشىق، سىزنىڭ بۇلاردىن خەۋىرىڭىز يوقكى!

بامسى بۆگرەك ئۆزىنى تۇتالماي، «ئاكىڭىز مەن!» دەۋەتكۇ-سى كەلدىيۇ، يەنە ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ باشقا قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇلار ئاق ئوتاقتىن قارا ئوتاققا كۆچكەن بو-لۇپ، ئۇن ـ تىن چىقارماي ئولتۇرۇشاتتى. بۆگرەك ئۇلارغا

مۇنداق دېدى:

تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان قىزلار،
ئاق ئوتاقتىن قارا ئوتاقتا كۆچكەن قىزلار.
ئاق چىقىرىپ قارا تونى كىيگەن قىزلار،
بېغىردەك ئويۇغان قېتىقىڭلار بارمىدۇ؟
قارا تاۋدا پىشقان كۆمىچىڭلار بارمىدۇ؟
ئۈچ كۈن يول يۈردۈم، سېلىڭلار داستىخىنىڭلارنى،
ئۈچ كۈنگە قالماي ئاللا كۈلدۈرگەي ھەممىڭلارنى.

بۇ سۆز كۆڭلى يېرىم قىزلارنىڭ باغرىغا بىر تەسەللى سۈيى سەپتى. ئۇلار بۇ مېھماننىڭ ئالدىغا بارىنى قويۇپ كۈتكەندىن كېيىن، ئۇ:

— ئاكاڭلارنىڭ باش - كۆزىنىڭ سەدىقىسى بولسۇن، ئۇنىڭ تونلىرىدىن بىرىنى كىيىپ تويغا باراي. تويدا ماڭا تون كىيدۈرسە، تونۇڭلارنى قايتۇرۇپ بېرەي، — دېدى.

قىزلار باي بۆگرەكنىڭ تونلىرىدىن بىرنى ئاچىقىپ ئۇنىڭغا كىيدۈردى. ئۆز تونى ياراشمايدىغان ئىش بولسۇنمۇ؟ بوي بويىغا كېلىپ شۇنداق ياراشتىكى، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئالدىدا گويا ئاكىسى بۆگرەك پەيدا بولدى.

چوڭ سىڭلىسىنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشۈپ، خۇمار كۆزلىرىگە ياش تولدى ۋە ھەسرەت بىلەن مۇنداق دېدى:

قارا خۇمار كۆزلىرىڭىز خىرەلەشمىسە،
ئاپئاق ئېڭىكىڭىزنى ساقال باسمىسا.
قاۋۇل بىلەكلىرىڭىز سوغۇلمىسا،
ئاكام بۆگرەك دەر ئىدىم سىزنى!
يولۋاستەك يۈرۈشىڭىزدىن،
ئارسلاندەك تۇرۇشىڭىزدىن،

قايرىلىپ بېقىشىڭىزدىن،
ئاكام بۆگرەك دەر ئىدىم سىزنى!

— پاھ، ئاشىق ئاكا، — دېدى ئۇتتۇرانچى سىڭلىسى، — گەپ ـ سۆزىڭىز، مىجەز ـ خۇلقىڭىز ئاكام بۆگرەككە ئاجايىپ ئوخشايدىكەن. ئادەم ئادەمگە ئوخشار، لېكىن مۇنداق ئوخشىغاننى كۆرمەپتىكەنمەن. سىزنى ئاكام بۆگرەك دېگۈم كېلىۋاتىدۇ!

بۇ چاغدا بۆگرەك ئۆز ـ ئۆزىگە «قېشىنى تونۇتمەن دەپ كۆزىنى چىقىرىدىغان بولدۇم. قىزلار بۇ تون بىلەن مېنى تونۇپ قېلىۋاتىدۇ. تويدىكىلەرمۇ تونۇپ قالسا قانداق بولغىنى» دەپ ئويـلاپ، تونىنى يېشىپ، ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ قىزلارغا تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئاندىن بىر ئەسكى پالاس تېپىپ ئۇچىسىغا ئارتىۋېلىپ ساراڭ قىياپىتىگە كىرىپ توي بولۇۋاتقان يەرگە بېرىپ قارىسا، كۈيئوغۇل بولغۇچى بىلەن قاراگۇنە ئوغلى قارا پۇتاق، قازان بەگ ئوغلى ئۇرۇز، بەگلەر بېشى يەگىنەك، غەپلەت خوجا ئوغلى شىرشەمسىددىن، قىزنىڭ ئاكىسى تەلۋە قاچارلار ئوق ئېتىـشىۋاتاتتى. بۆگرەك ئۇلارنىڭ ئوق ئېتىشىنى تاماشا قىلىپ تۇردى. ئوغۇز بەگلىرى ئوق ئاتقاندا، ئۇ «ئىلاھىم، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن» دېسە، كۈيئوغۇل بولغۇچى ئاتقاندا، «قوللىرىڭ قۇرۇسۇن، بارماقلىرىڭ چىرىسۇن، ھەي چوشقىنىڭ كۈچۈكى!» دەپ قارغايتتى.

يالغانچى ئوغلى بۇ سۆزلەرنى ئۇنىڭ ساراڭلىقىدىن كۆرۈپ ئاڭلىماسقا سالغانىدى. لېكىن، بىر ـ ئىككى قېتىم تەكرارلانغاندىن كېيىن دەر غەزەپكە كېلىپ:

— ھەي ساراڭ ئاشىق، ماڭا تىل تەگكۈزۈشكە نېمە ھەددىڭ! يىگىت بولساڭ ئېتىپ باققىنا بۇ يانى، ئاتالايسەنكى قانچىلىك؟ ئەگەر ئاتالمىساڭ، كۆرمەيسەن مەندىن ياخشىلىق! — دېدى.

بۆگرەك مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ قولىدىكى يانى يۇلۇۋېلىپ بىر تارتقانىدى، يانىڭ سېپى ئوتتۇرىسىدىن ئىككى

پارچە بولۇپ كەتتى.

— ئەي يالغانچى ئوغلى يالغانچى، يايىم بار دەپ يۈردۈڭمۇ بۇنى؟ بۇنىڭ بىلەن جاڭگالدا ئېتىپ ئوينا قوشقاچنى! — دەپ ئالدىغا تاشلاپ بەرگەنىدى، يالىنجىقنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولۇپ، ئېغىزىغا ئالغۇسىز سۆزلەر بىلەن ھاقارەت ياغدۇرغاندىن كېيىن ئادەملىرىگە قاراپ:

— بۆگرەكىنىڭ بار ئىدى بىر يايى، تۇتقان يوق ئۇنى ئۆزىدىن غەيرىي. ئەپكېلىڭلار مەرگەن بولسا كۆرسەتسۇن بۇ ئاشىق ھۈنىرىنى! — دېدى.

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە يانى كەلتۈرۈپ، بۆگرەكىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇشتى.

بۆگرەك ئۆز ۋاقتىدا ئايغىرلار بېرىپ ئالغان يايىغا قاراپ ئاشىقلاردەك قوشاق قوشۇپ مەدھىيىلىگەندىن كېيىن:

— ھە، مېنىڭ بوغما كىرىچلىك قاتتىق يايىم، خەلقئالەم ئالدىدا چۈشمىگەي يۈزۈم! — دەپ كۇيئوغۇلنىڭ نىشان ئۈزۈكىگە قارىتىپ ئاتقانىدى. ئوق تېگىش بىلەن ئۈزۈك پارە - پارە بولۇپ كەتتى.

ئوغۇز بەگلىرى چاۋاك چېلىپ كۆلۈشۈپ كەتكەنىدى، يالغانچى ئوغلى يالىنجىقنىڭ جەھلى كېلىپ زۇۋانى تۇتۇلدى.

بايىندىرخاننىڭ كۇيئوغلى قازان بەگ ئېگىز يەرگە قورۇلغان ئوتاقتا تاماشا كۆرۈپ ئولتۇراتتى. بۇ ھالنى كۆرۈپ، «بۇ ساراڭ ئاشىق ئانچە بوش ئادەم ئەمەسقۇ!» دەپ پەم قىلىپ ئۇنى چاقىرتتى. «ئاشىق» كېلىپ، قولىنى كۆكسىگە قويۇپ بېشىنى ئېگىپ ئەدەپ بىلەن:

خىلۋەت يەرگە تىكىلگەن ئاق ئۆيلۈك،
شايى ئەتلەستىن قىلىنغان كۆك سايىۋەنلىك،
يايلىقىدا توپ - توپ شاھۋاز ئاتلىق،
تېنىدىن ياغ تامىدىغان مول نېمەتلىك،

يىگىتلەرنىڭ تىرىكى.
يوقسۇللارنىڭ ئۈمىدى،
تۈركىستاننىڭ يۆلىكى،
بايىندىرخاننىڭ كۈيئوغلى،
خان ئۇرۇزنىڭ ئاتىسى،
خان قازان، خانىم قازان!
سولدا ئولتۇرغان سولچى بەگلەر،
ئوڭدا ئولتۇرغان ئوڭچى بەگلەر،
بوسۇغىدا ئولتۇرغان يىقىنلار،
ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان خاس بەگلەر،
مۇبارەك بولسۇن تويۇڭلار!

دەپ سالام بەردى.

— ئەي ئاشىق، نېمە تەلىپىڭ بولسا سورا مەندىن. ئۆي - ئوتاق دەمسەن، قۇل - دېدەكمۇ ياكى بولمىسا ئالتۇن ئاقچىمۇ؟ — دېدى قازان.

— خان قازان، — دېدى بۆگرەك، — ئاللا زاۋال بەرمىسۇن خانلىقىڭىزغا، غەيرىي نەرسە تىلىمەيمەن ئامانلىقىڭىزدىن باشقا. بەرمەكچى بولسىڭىز، بىر كۈنلۈك بەگلىك بەرگەيسىز ماڭا!

قازان بەگ يېنىدىكى بەگلەرگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى:

— ھەي بەگلەر، — دېدى ئۇ، — دۆلەت قۇشى ئىنساننىڭ بېشىغا بىر مەرتىۋە قونىدۇ. لېكىن، بۇ ئاشىق قولىغا كەلگەن نېمەتنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، بىزدىن قۇرۇق بەگلىك تىلەۋاتىدۇ. خوپ، بىر كۈنلۈك بەگلىكىم ئۇنىڭ بولسۇن. قېنى، ئەقلىغا كەلگىنىنى قىلسۇن!

بۆگرەك «ساراڭلىقى» ئۈستىگە بەگلىك ئالغاندىن كېيىن قاراپ تۇرسۇنمۇ! زىياپەت داستىخىنىدا ئولتۇرۇپ قارنىنى تويدۇرۇۋېلىپ ئۇدۇل قازان بېشىغا باردى ۋە قازانلارنى بىر - بىرلەپ دۈم كۆمتۈرۈپ، ئوچاقلارنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلىۋەتتى.

قازان بەگكە خەۋەر يېتىۋىدى، ئۇ:

— ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىڭلار، نېمە قىلسا قىلسۇن، نەگە بارسا بارسۇن، — دېدى.

بۆگرەك ئۇ يەردىن چىقىپ، قىز تەرەپنىڭ توي بولۇۋاتقان ئورنىنى تاپتى. كاناي - سۇنايچىلار ئۇنى قوغلىۋىدى، ئۇلارمۇ ئۇنىڭدىن تاياق يەپ باش - كۆزىنى يېرىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار:

— خوپ ئاشىق، بىزدىن نېمە تەلەپ قىلسىڭىز باش ئۈستىمىزگە! — دېيىشكە مەجبۇر بولدى.

— تىلىكىم شۇكى، كېلىن قىز ئورنىدىن تۇرسۇن. مەن ساز چېلىپ قوشاق قوشاي، ئۇ ئۇسسۇل ئوينىسۇن، — دېگەندە، ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ ئالا - كاللا دېيىشتى. كېلىن قىزنىڭ ئورنىغا قىسىر يەڭگە دېگەن ئايالنى چىقىرىشقانىدى، بۆگرەك قوۋۇزىنى چېلىپ ئۇنى تازا ئوخشاتتى:

قەسەم قىلدىم قىسىر بايتالغا مىنگىنىم يوق،
مىنىپ جەڭگە كىرگىنىم يوق.
ئۆكۈز كەينىدە پادىچىلار ساڭا باقار،
نەدە ئوتلاپ يۈردىكىن دەپ يولغا قارار.
سەن ئۇلارنىڭ يېنىغا بار،
مۇرادىڭغا يەتكۈزەر شۇلار.

بەگ خوتۇنلىرى ياشماقلىرى ئىچىدە قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كېتىپ، بوغاز پاتما دېگەن خوتۇننى قىزچە ياساپ چىقىرىشتى. بۆگرەك ئۇنىمۇ گەپ بىلەن كېلىشتۈرۈپ سوقتى:

قەسەم قىلاي ئەمدى بوغاز بايتالغا مىنمەيمەن،
مىنىپ جەڭلەرگە بارمايمەن.
ھەي خوتۇن، مەن سېنى ياخشى تونۇيمەن،
ئۆيۈڭلارنىڭ كەينى تارچۇق ئەمەسمۇ؟

ئىتىڭلارنىڭ ئىسمى بارچۇق ئەمەسمۇ؟
سېنىڭ ئىسمىڭ قىرىق ئاشىنىلىق پاتمىچۇق ئەمەسمۇ؟
ماڭ، بېرىپ ئورنۇڭدا ئولتۇرۇۋال،
بولمىسا ئەيىبىڭنى ئاچىمەن ياخشى بىلىۋال!

بۇ «ئاشىق»نىڭ تىلىدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن خوتۇن - قىزلار ئاخىرى گۈلبانۇنى ياساپ - جابدۇپ ئۇسسۇلغا چۈشۈردى.

«گۈزەلگە كۆز ئاغرىقىمۇ يارىشىپتۇ.» ئاشۇ تويلۇق تاۋار - توقىلار ئىچىدە گۈلبانۇنى بار دەپ قىياس قىلسۇنمۇ، چىدىسۇنمۇ يوق، ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە چىدىسۇنمۇ بۆگرەك! شۇئاندا ئۇ ئورنىدا تۇرالماي قوۋۇزىنى قولىغا ئېلىپ:

ھەي خان قىزى، خان قىزى،
ئايىنىدىڭمۇ مەن كەتكەندىن بېرى.
كېلىن بولدۇڭمۇ، كېلىن،
ئۇنتۇپ ئەھدۇپەيماننى؟

دېدى. بۇنى ئاڭلىغان گۈلبانۇنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:
— ئەي ساراڭ ئاشىق، ئەيىبلىكمۇ مەن، قوشىقىڭغا قوشقىلى، كۆرۈپ قويغىن بارمىقىمدىكى ئۈزۈكنى! — دەپ سۆتتەك ئاق بىلىكىنى ئېچىپ قولىنى چىقاردى، بۆگرەك سىلىپ قويغان نىشان ئۈزۈكى بارمىقىدا پارقىراپ تۇراتتى. بۆگرەكنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى. ئۇ قوۋۇزىنى چېلىپ يەنە دېدى:

ئەي خان قىزى، خان قىز!
بۆگرەك كېتىپ بامام تۆپە بېشىغا چىقتىڭمۇ قىز؟
تولغىنىپ ئەتراپىڭغا باقتىڭمۇ قىز؟
قۇندۇزدەك قارا چېچىڭنى يۇلدۇڭمۇ قىز؟

قارا كۆزدىن ئاچچىق يېشىڭنى تۆكتۈڭمۇ قىز؟
تىرناق ئۈرۈپ يۈز - كۆزۈڭنى يىرتتىڭمۇ قىز؟
كەلگەن - كەتكەندىن بۆگرەكنى سورىدىڭمۇ قىز؟
سۆيگۈنۈم بامىسى بۆگرەك دەپ يىغلىدىڭمۇ قىز؟
مانا بۈگۈن ئەرگە تېگىپسەن قىز،
بارمىقىڭدىكى ئۈزۈكۈمنى بېرىۋەت قىز!

دەر گۈماندا قالغان قىز مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

بۆگرەك كېتىپ بامام تۆپە بېشىغا چىققىنىم كۆپ،
قۇندۇزدەك قارا چېچىمنى يۇلغىنىم كۆپ،
ئالمىدەك يۈز - كۆزۈمنى يىرتقىنىم كۆپ،
كەلگەن - كەتكەندىن خەۋىرىنى سورىغىنىم كۆپ،
قارا كۆزدىن ئاچچىق ياشلار تۆككىنىم كۆپ،
سۆيۈشكەن بۆگرىكىم دەپ يىغلىغىنىم كۆپ،
ئالتۇن ئۈزۈك سېنىڭ ئەمەس، خاسىيىتى كۆپ،
مېنىڭ دېسەڭ بەلگىسىنى ئېيتقىن ئوچۇق!

بۆگرەك گۈلبانۇ بىلەن دەسلەپ تېپىشقان جەريانلىرىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دېدى:

قاق سەھەردە ئورنۇمدىن تۇرمىدىممۇ؟
بوز ئايغىرنى توقۇتۇپ مىنمىدىممۇ؟
ئوتىقىڭ ئالدىدا چىشى كېيىك ئاتمىدىممۇ؟
سەن مېنى يېنىڭغا چاقىرتمىدىڭمۇ؟
سەن بىلەن بەيگىگە ئات چاپتۇرمىدۇقمۇ؟
سېنىڭ ئېتىڭدىن مېنىڭ ئېتىم ئۆتمىدىمۇ؟
ئوقۇمۇ ئوقۇڭدىن نېرى كەتمىدىمۇ؟
چېلىشقاندا مەن سېنى باسمىدىممۇ؟

ئۇچنى سۆيۈپ بىر چىشلەپ، ئوتنىقىغا كىرمىدىمۇ؟
ئالتۇن ئۈزۈكنى بارمىقىغا سالمىدىمۇ؟
سۆيۈشكەن بامسى بۆگرىكنىڭ مەن ئەمەسمۇ!
ھەرە ۋاز كەچمەس گۈل چېچەكىدىن،
سەن كېچىپسەن يىگىتىڭدىن.
توي ئۈستىگە توي قىلىپ،
يۈز ئۆرۈپسەن مېنىڭدىن.
تەقدىر شۇنداق ئوخشايدۇ،
ئۈزۈكۈمنى بېرىۋەت، چىقىرىپ قولۇڭدىن!

گۈلبانۇ بۇنىڭغا ئىشەنمەي قالسۇنمۇ! كۈتكەن كۈن ـ تۈنلەرگە ئېرىشكەن قىز پەرۋانىدەك ئۆزىنى بامسى بۆگرەكنىڭ ئاياغلىرىغا ئاتتى. توي ھازىغا ئايلاندى، گويا قىيامەت قايىم بولدى. . .

گۈلبانۇ ھوشىغا كېلىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، «مەندىن ئۆزگە ئۇنىڭ يولىغا قارىغانلارمۇ بار» دەپ، قېيناتا ـ قېينانىسىغا خۇش خەۋەر ئېيتقىلى كەتتى:

قارا تېغىڭلار يىقىلغانتى، باش كۆتۈردى،
مۇزدەك سۇيۇڭلار سوغۇلغانتى، ئۆركەشلىدى.
بۇك ـ باراقسان دەرىخىڭلار قۇرۇغانتى، ياشاردى،
شاھۋاز ئېتىڭلار قېرىغانتى، قۇلۇنلىدى.
تۆگىلىرىڭلار قېرىغانتى، بوتىلىدى،
قويلىرىڭلار قېرىغانتى، قوزىلىدى.
ئون ئالتە يىللىق ھەسرىتىڭلار بۆگرەك كەلدى،
خۇش خەۋىرىمگە نېمە بېرىسىلەر ئەمدى؟

خان بۆگرەكنىڭ ئاقساقال ئاتىسى بىلەن ئاقباش ئانىسى خۇشاللىقىدا ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى:

تىلىڭدىن ئايلىناي كېلىنىم،
يولۇڭدىن ئۆرگىلەي كېلىنىم،
ئېيتقىنىڭ كەلسۇن كېلىنىم،
ئاغزىڭغا ياغ، ياشا كېلىنىم!
قارشى ياتقان قارا تاغلار،
يايلاق بولسۇن ساڭا كېلىنىم،
مۇزدەك سوغۇق سۇلىرىم،
ئىچكىلىك بولسۇن ساڭا كېلىنىم،
شاھۋاز ئارغىماقلىرىم،
قانات بولسۇن ساڭا كېلىنىم،
قاتار - قاتار تۆگىلىرىم،
كۆلۈك بولسۇن ساڭا كېلىنىم،
قوتان - قوتان قويلىرىم،
يېگۈلۈك بولسۇن ساڭا كېلىنىم،
تۆڭلۈكى ئالتۇن ئۆيلىرىم،
پاناھ بولسۇن ساڭا كېلىنىم،
مېنىڭ بۇ قارا بېشىم،
قۇربان بولسۇن ساڭا كېلىنىم!

بۇ تەرەپتىكى بەگلەر بۆگرەكنىڭ ئالدىغا يىغىلىشىپ، ئۇنى ئاتىسىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىشتى.

— مۇبارەك بولسۇن بۆرە بەگ، ئوغلىڭىز كەپتۇ، — دېيىشتى ئۇلار.

— ئۆزۈڭلاردىن بولسۇن بەگلەر. ئاللا ھېچقايسىڭلارنى مەن-دەك قىلمىسۇن، مەن تولا يىغلاپ كۆزدىن ئايرىلدىم. كەلگەن يىگىت مېنىڭ ئوغلۇم بولسا، چىمەلتىكنىڭ قېنىنى قولياغلىقىغا تېمىتىپ ئۇنى كۆزلىرىمگە سۈرسۇن. كۆزلىرىم ئېچىلسا، ئوغلۇم دەپ باغرىمغا باساي، — دېدى ئۇ.

بۆگرەك ئاتىسىنىڭ تەلىپىنى بەجا كەلتۈرگەنىدى. ھەق تائا-لانىڭ قۇدرىتى بىلەن كۆزلىرى ئېچىلدى. باي بۆرە ئۆزىنى ئوغلىغا

ئېتىپ، سېغىنىش پىراقىدا باغرىغا باستى.

تۆگىلۈكى ئالتۇن ئۆيۈمنىڭ تۈۋرۈكى ئوغلۇم،
ساھىبجامال قىز - كېلىنىمنىڭ غورۇرى ئوغلۇم.
كۆرەر كۆزۈمنىڭ يورۇقى ئوغلۇم،
پۇت - قولۇمنىڭ قۇۋۋىتى ئوغلۇم.
نوپۇزلۇق ئوغۇزنىڭ ئارزۇسى ئوغلۇم!
سەن كېتىپ ئۆيىمىزنى ماتەم باستى،
قىز - كېلىنلەر ئاق چىقىرىپ قارا كىيدى.
بۇ دۇنيا بىزگە دوزاخ بولدى،
ئاسماندىن چۈشتۈڭمۇ، يەردىن چىقتىڭمۇ ئوغلۇم!

دەپ يىغلاشتى، قاقشاشتى. قادىر ئاللاغا شۈكۈرلەر ئەيلىدى. ئات - تۆگە، كالا - قوي قۇربانلىق قىلىپ، قۇل - دېدەكلەرنى ئازاد قىلدى.

بۆرەخانىنىڭ كۆزلىرىنىڭ چىرىغى يېگىۋاشتىن يانغاندا، يال-غانچى ئوغلى يالىنجىقنىڭ شامى ئۆچتى. ئۇ يەرگە كىرەي دېسە يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە ئاسمان يىراق بولۇپ، بېشىنى ئېلىپ قېچىشقا مەجبۇر بولدى. بۆگرەك ئۇنى قويۇۋەتسۇنمۇ! ئۇ قاچتى، بۇ قوغلىدى. يالىنجىق ئۆزىنى بىر قومۇشلۇققا ئېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. باي بۆگرەك قومۇشلۇققا ئوت قويۇۋەتكەندى. كۆيۈپ كۇل بولۇشقا كۆزى يەتكەن يالغانچى ئوغلى قارا يۈزى بىلەن كېلىپ ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلىپ، «مەن قىلغاننى سەن قىلما» دەپ يېلىنىپ يالۋۇرغاندىن كېيىن، بۆگرەكنىڭ قىلىچى ئاستىدىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭغا قۇل - چاكارلىققا مەھكۇم بولدى.

بۇ كەچۈرمىشلەردىن كېيىن، سالۇر قازان بەگ بۆگرەكنى چاقىرتىپ ھۆرمەت - ئىززىتىنى قىلغاندىن كېيىن:

— يىگىتىم، — دېدى، — بېشىڭدىن ئۆتمىگەن ئىشلار قالمىدى. خۇداغا شۈكۈر، ئامان ئېسەن قايتىپ كەلدىڭ. يالىنجىق

دېگەن كۆڭلى قارىنىڭمۇ نېسىۋىسىنى بەردىڭ. ئەمدى باشقىسىنى قويۇپ، تويۇڭنىڭ ئايغىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇرادىڭغا يەتسەڭ، بىزمۇ بەرمۇراد بولىمىز. . .

— ئەي ئوغۇز ئەۋلادىنىڭ ئارسلانى خانىم قازان، — دېدى بەگ بۆگرەك تىزلىنىپ تۇرۇپ، — بىر كۆڭلى قارىنىڭ نېسىۋىسىنى بېرىش بىلەن قارا كۆنلەر تۈگەرمۇ؟ بىزنى غاپىل قىلغانلارنىڭ ۋاپاسىزلىقى قالارمۇ؟ ئاشۇ كۇپارنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ، زىندانلاردا چىرىپ ياتقان ئوتتۇز توققۇز يىگىتنى قۇتۇلدۇرماي تۇرۇپ ئۆيگە كىرگۈچى بولسام، ئوقـۇم بىلـەن ئېتىلىپ، قىلىچىم بىلەن چېپىلاي!

بۇ قەسەمنى ئاڭلىغان سالۇر قازاننىڭ چىرايىغا كۈلكە يۈگۈ-رۇپ:

— ئاھ بەگلەر، يىگىت بەگلەر، — دېدى، — مەنمۇ بۆگرەكنىڭ ئاغزىدىن شۇ سۆزنى كۈتكەنىدىم. كۇپارنىڭ قەلئەسى قەلئە ئە-مەس، بىر قارا ساپلىق قىلىچ! كۈندۈزى قىنىدا ئۇخلايدۇ، كېچە-سى قىنىدىن چىقىدۇ. تاغ - داۋاندا يا بىر كارۋاننىڭ بېقىنىغا سانجىلىدۇ، يا بىر پادىنىڭ قېنىنى تۆكۈلىدۇ. ئەمدىلىكتە ئۇلار-نىڭ قوللىرى ھۇجرىمىزغا سوزۇلدى. ئۇلارنىڭ قىلغان - ئەتكەن-لىرىنى يېزىپ داستان قىلىش بىلەن ئىش پۈتمەس. بۇ قەلئەنى ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا يىقىتىشىمىز ھەم پەرز، ھەم قەرز! قاچانغىچە سۈكۈت قىلىپ تۇرىمىز؟ مېنى دېگەنلەر كەينىمگە چۈشسۇن، — ئۇ شۇنداق دەپ قىلىچىنى كۆتۈرگەندە، ھەممە ئوغۇز بەگلىرى «ئۆلۈكىمىز قايتىدۇكى، تىرىكىمىز قايتمايدۇ!» دېيىشىپ ئاتلى-نىپ، بايبۇرت قەلئەسى نەدە سەن دەپ سەلدەك ئاقتى. بۆگرەكمۇ ئۇلاردىن ئايرىلىپ قالمىدى...

قەلئە كۆزەتچىلىرى بۇ كەلكۈننى كۆرۈپ، قەلئە بېگىنى تازا قورقۇتتى. لېكىن، بۇ بىر ئوچۇم ئىسيانچىلاردىن قورقۇپ قې-چىشنى مۇناسىپ كۆرمىگەن قەلئە بېگى لەشكەر تارتىپ ئۇلارغا قارشى ئاتلاندى.

ئۇلار ئوغۇز يىگىتلىرىگە بىر ئوق ئېتىم يىراقلىقتا كەلگەندە، قازان بەگنىڭ باتۇرلىرى پاكىز سۇدا تاھارەت ئېلىپ، ھەق يولىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، ئاتلىرىغا مىنىپ، ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەدكە سالاۋات ئېيتىپ، قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقىرىپ تەكبىر ئېيتقاندىن كېيىن كاناي - سۇناي، داقا - دۇمباقلارنى گۇمبۇرلىتىپ مەيدانغا چىقتى. شۇنداق قىيامەت بىر جەڭ بولدىكى، مەيدان چېپىلغان كاللىغا تولدى. بەگ نۆكەردىن، نۆكەر بەگدىن ئايرىلدى. قەلئە بېگىنىڭمۇ جېنى جەھەننەمگە كەتتى. يەتتە كۇپار بېگى قىلىچ ئاستىدىن ئۆتكۈزۈلگەندە، باشسىز قالغان قارا تونلۇقلار ئۆز بېشىنىڭ غېمىگە چۈشتى. ئىسيانچىلار «ئاللا، ئاللا» دەپ قەلئە دەرۋازىسىغا تاقاشقاندا، تەسلىم بايراقلىرى چىقىرىلىپ، دەرۋازا داغدام ئېچىلدى.

قازان بەگ شۆكلى خاقاننى ھۆركىرىتىپ ئاتتىن يەرگە ئېتىپ، كاللىسىنى چاپتى. تەلۋە دۇندار قارا تەكۇر خاقاننى قىلىچلاپ يەرگە ئاتتى. قارا پۇتاق قارا ئارسلان خاننى يەرگە ئېتىپ كاللىسىنى چاپتى. جىلغىلاردا كۇپارلار قىرغىنىدا قالدى. يەتتە كۇپار بېگى قىلىچ ئاستىدىن ئۆتتى. كۇپارنىڭ تۇغ - ئەلەملىرىنى بۆگرەك بىلەن يەگىنەك قىلىچلاپ يەرگە ئاتتى.

ئاندىن ئۇلار توپلىشىپ، خان قازاننىڭ باشچىلىقىدا قەلئەگە يۈرۈش قىلدى.

بۆگرەك قەلئەگە چىقار - چىقماي ئۇدۇل بېرىپ ئوتتۇز توققۇز يىگىتنى قۇچاقلىدى. ئۇلارنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى كۆرۈپ ھەممەيلەن يېڭىۋاشتىن دۇنياغا كەلگەندەك بولۇپ، ئاللاغا شۈكۈر ئەيلىدى. كۇپارنىڭ بۇتخانىلىرىنى كۇمپەيكۇم قىلىپ، ئورنىغا مەسچىتلەر ياساتتى. ئەزانلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇلۇغ ئاللا ھەققىدە قۇتبەلەر قىلىنىپ نامازلار ئوقۇلدى.

ئوغۇز بەگلىرى بايبۇرت قەلئەسىنى ئۆز تۇغى ئاستىغا ئېلىپ، يېڭى بىر ھايات ۋە قانۇن يولغا قويغاندىن كېيىن، كەلگەن يەرلىرىگە قايتىپ، خانلار خانى بايىندىرخانغا بايبۇرت قەلئەسىنىڭ

ئاچقۇچىدىن باشقا، قۇشلارنىڭ قىزىل قېنىدىن، قىزلارنىڭ گۈزەللىرىگىچە توققۇز خىل قىممەتلىك ھەدىيە ۋە جەھدە ئېلىنغان غەنىيمەتلەردىن بەشتىن بىرىنى ئېلىپ بېرىشتى.

خاقاننىڭ قىزىغا بۆگرەك ۋەدە بەرگەندى، ئۇنىمۇ ئېلىپ كېلىشتى.

قەسەملەر ئەمەلگە ئېشىپ، ھەدىيەلەر ئورنىنى تاپقاندا توي ئەتىگە قالسۇنمۇ! شۇئان قىرىق يەردە قىرىق ئوتاق قورۇلدى. بىرى بامسى بۆگرەك بىلەن گۈلبانۇغا، ئوتتۇز توققۇزى ئوتتۇز توققۇز يىگىتكە بولدى...

بۇنداق يىگىتلەرگە كىم قىز بەرمىسۇن! بىرقانچىسىگە خان قازان، بىرقانچىسىگە بايىندىرخان قىزلىرىنى بەردى. بۆگرەكمۇ يەتتە قىز قېرىنداشىنىڭ يەتتىلىسىنى يەتتە يىگىتكە بەردى. شۇنداق قىلىپ، بىر - بىرىدىن داڭلىق، بىر - بىرىدىن بويلۇق ئوتتۇز توققۇز قىز «بەختىمگە!» دەپ بىردىن ئوق ئېتىشتى. ئوتتۇز توققۇز يىگىت بۇ ئوقلارنىڭ كەينىدىن ئوقتەك ئېتىلدى. قايسى يىگىت قايسى قىزنىڭ ئوقىنى تېپىپ كەلسە، «يارانتقۇچى ئاللا بىر - بىرىمىزنى پېشانىمىزگە پۈتۈپتۇ!» دەپ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئوتاققا كىرىشتى. قىرىق كېچە - كۈندۈز شۇنداق كاتتا توي بولدىكى، ئەلمىساقتىن بېرى بۇنداق توي بولمىغانمىش!

ئۇلار مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشكەندىن كېيىن، قورقۇت ئاتا كېلىپ قوۋۇز چېلىپ قوشاق قوشۇپ بېيىت ئېيتتى. غازى قالغانلارنىڭ بېشىدىن كەچكەنلەرنى بىر - بىرلەپ ھېكايە قىلىپ، «بۇ ئوغۇزنامە بۆگرەكنىڭ بولسۇن، مەندىن كېيىن سازلارغا ئېلىنىپ، تىللاردا داستان بولسۇن» دېدى ۋە:

قېنى ئۇ مەن ماختىغان بەگلەر،
دۇنيا مېنىڭ دېگەنلەر؟
ئەجەل ئالدى، يەر يۇتتى،
پانىي دۇنيا كىمگە قالدى؟

كېلىپ ـ كېتىدىغان ئۆتەڭ بۇ دۇنيا،
ئاقىۋىتى ئۆلۈملۈك دۇنيا!

دەپ، خانلار خانىغا بەش كەلىمە دۇئا قىلدى:
«ئالدىڭدىكى تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن! بۈك ـ باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! قارلىق ـ مۇزلۇق سۇلىرىڭ قۇرۇمىسۇن! ئاقساقاللىق ئاتاڭنىڭ يېرى جەننەت بولسۇن! ئاقباش ئاناڭنىڭ يېرى بېهىش بولسۇن! ئوغۇل بىلەن قىرىنداشتىن ئايرىمىسۇن! «ئامىن دېگەنلەر ئاللانىڭ جامالىنى كۆرسۇن! گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەد مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!»

# سالۇر قازاننىڭ ئوغلى ئۇرۇزنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى

بۇرۇنقى زاماندا، ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىدا سالۇر قازان دېگەن ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان بىر خان ئۆتكەنىدى. ئۇ كېيىن نەختكە چىققانلاردەك خىيالىغا كەلگەننى قىلمايتتى، كىم بىرنېمە دېسە ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كەتمەيتتى. شۇنداقتىمۇ چوڭلارنىڭ سۆزىدىن چىقمايتتى.

كۇنلەردىن بىر كۇنى، يارانلارنىڭ ئارسلانى، يوقسۇللارنىڭ ئۇمىدى، يىگىتلەرنىڭ تىرىكى، نوپۇزلۇق ئوغۇزنىڭ پاسىبانى، قان ئاپقازنىڭ[1] رەقىبى، قارا گۇنەنىڭ قىرىنىدىشى، قارا پۇتاقنىڭ تاغىسى، خان ئۇرۇزنىڭ ئاتىسى ئۇلاش ئوغلى سالۇر قازان بەگ ئورنىدىن دەس تۇردى. قارا يەرنىڭ ئۇستىگە ئوتاقلارنى تىكتۇردى. مىڭ يەرگە يىپەك زىلچا جايىنامازلارنى سالدۇردى. ئالىيېشىل سايىۋەنلەر كۆك يۇزىگە ھۆسن بەردى.

توقسان تۇمەن ياش ئوغۇز قازان بەگنىڭ سۆھبىتىگە تەرەپ - تەرەپتىن يېتىپ كەلدى. ئاغزى يوغان شاراب كۇپلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلغان، توققۇز يەرگە كىچىك كۇپلەر قويۇلغان، ئالتۇن قەدەھلەر تىزىلغانىدى. توققۇز نەپەر قارا كۆز، ساھىبجامال، ئۆرۈمە چاچ، قوللىرى بىغىشغىچە خىنىلىك، بارماقلىرى نەقىشلىك، بويۇنلىرى ئۇزۇن ئوماق كۇپار قىزلىرى قىزىل شارابنى ئالتۇن قەدەھلەر بىلەن نوپۇزلۇق ئوغۇز بەگلىرىگە سۇنۇشۇپ ئەيش - ئىشرەتتە ئولتۇرۇشاتتى.

ئۇلاش ئوغلى سالۇر قازان ھەممەيلەننىڭ سۇنغان ھۆرمەت

① قان ئاپقاز —— كۇپارلار يۇرتى.

شارابىنى ئىچكەچ، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ ھەددىيە قىلىنغان ئاق ئۆي ـ ئورتاقلار، توپ ـ توپ يۇڭ رەختلەر، قارا كۆزلۈك قارا قۇل ـ دېدەكلەر، قاتار ـ قاتار ئات ـ تۆگىلەرنى قوبۇل قىلاتتى.

قازان بەگنىڭ ئوغلى ئۇرۇز ئالدىدا يايىغا تايىنىپ ئۆرە تۇراتتى. ئوڭ يېنىدا قازاننىڭ قېرىندىشى قارا گۈنە، سول يېنىدا تاغىسى ئارۇز ئولتۇراتتى.

قازان بەگ ئوڭ يېنىغا قاراپ خىرىلداپ كۈلدى؛ سول يېنىغا قاراپ سۆيۈنۈپ كۈلدى؛ ئالدىدىكى ئوغلى ئۇرۇزغا قاراپ قولىنى قولىغا ئۇرۇپ يىغلىدى.

بۇ ئىشقا ھەيران بولۇپ مەيۇسلەنگەن ئۇرۇز ئاتىسىنىڭ ئالدىغا تىز چۆكۈرۈپ دېدى:

ئۇنۇمنى ئاڭلاڭ، سۆزۈمنى تىڭشاڭ ئاتام قازان!
ئوڭ يېنىڭىزغا قاراپ خىرىلداپ كۈلدىڭىز،
سول يېنىڭىزغا قاراپ سۆيۈندىڭىز،
ئالدىڭىزدا ماڭا قاراپ يىغلىدىڭىز،
نېمە كۆردىڭىز مەندە،
بىر قارا پۈتۈلگەنمۇ يا پېشانەمگە؟
شۇنداق بولسا، ئۇ يۇقمىسۇن سىلەرگە،
بېشىمنى ئېلىپ كېتەي يات ئەللەرگە،
قان ئاپقاز ئېلىگە كېتەي مەن،
ئالتۇن كرېستنى بوينۇمغا ئاساي مەن،
قارا كۆز كۇپار قىزىنى ئالاي مەن،
ئالدىڭىزغا قايتىپ كەلمەيمەن،
يىغلىشىڭىزنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىڭ ماڭا،
قارا بېشىم قۇربان بولسۇن ئاتام سىزگە!

قازان بەگ قىزىرىپ كېتىپ شۇنداق دېدى:

بىرى كەل قۇلۇنۇم ئوغلۇم!
بۇ ئىشقا بۇنچىۋالا كايىپ كەتمە،
قۇياشتا قارا باركى، يوقتۇر سەندە.
ئوڭۇمدا ئىنىم گۇنەنى كۆرۈپ ئىپتىخارلاندىم،
سولۇمدا تاغام ئارۇز خوجىنى كۆرۈپ غورۇرلاندىم.
ئۇلار بىلەن كىممۇ ماختانمىسۇن،
باتۇرلۇقى تىللاردا داستان بولدى!
سىنى كۆرۈپ يىغلىشىمدا سەۋەب شۇكى،
ئاتام ئۆلۈپ مەن قالدىم،
ئەل - يۇرتنى مەن تۇتتۇم.
كۆز تەگمىسۇن، سەن ئەمدى ئون ئالتىگە قەدەم
قويدۇڭ،
تىخى نە بىر يا تۇتمىدىڭ، نە بىر ئوق ئاتمىدىڭ،
ياخشى كۇنىنىڭ يامىنى بولۇپ ئۆلۈپ كەتسەم،
تاجۇتەختىمنى ساڭا تۇتقۇزامدۇ؟
كىملەرنىڭ قولىغا چۇشۇپ كىتىشىنى كىم بىلىدۇ!

ئۇرۇز ئاتىسىنىڭ سۆزلىرىگە مۇنداق رەددىيە جاۋاب قايتۇردى:

ئاھ، بەگ ئاتا!
تۆگىدەك بويىڭىز بولغان بىلەن بوتىلاقچىلىك ئەقلىڭىز يوقىكەن.
تاغدەك قەددىڭىز بولغان بىلەن تىرىقچىلىك كاللىڭىز يوق-ىكەن!
«تاپان يىغىدا ياغلاپ، قامقاق بىلەن داغلىدىڭىز»①
گۇناھىنىڭ چوڭى ئۆزىڭىزدە تۇرۇپ، يەنە نىمىدەپ يىغلىدىڭىز!

① «ئىغىزنىڭ ئۇچىدىلا دىيىلگەن گەپ» دىگەن مەنىدە.

ھۈنەرنى بالا ئاتىدىن ئۆگىنەمدۇ ياكى ئاتا بالىدىنمۇ؟
سىز ماڭا ئوق ئېتىشنى ئۆگەتتىڭىزمۇ ياكى قىلىچ چېپىشنىمۇ؟
باش ئالغۇدەك بىلىكىم، قان تۆككۈدەك يۈرىكىم تۇرسا،
تاشلاپ قويمىغان بولسىڭىز ئانامنىڭ قۇچىقىغا،
مېنىڭمۇ باتۇرلۇقۇم ئايان بولار ئىدى ئەل - يۇرتقا!

«توغرا سۆزگە جاۋاب يوق.» قازان بەگ قوللىرىنى تىزىغا ئۇرۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— خۇدا ھەققى توغرا ئېيتتىڭ ئوغلۇم، شېكەردەك گەپ قىلدىڭ. ۋاقتىدا تېرىپ - تىكىلمىسە زىرائەتتىن ھوسۇل چىقماس. قازاندا ئاش بولمىسا، چۆمۈچكە ئەلۋەتتە چىقماس. ئويلىماي ئېغىز ئاچقىنىم ئۈچۈن كۆيىدۇ تىلىم... ئىشەندىم، ئىمان ئېيتتىم، بۇ بىلەك، بۇ يۈرەك بار ئىكەن سەندە، ئاۋۋال خۇدا، شۇ مەقسەتكە يەتكۈزمەك سېنى قەرزدۇر بويىنۇمدا. تۆمۈرنى قىزىقىدا سوققان ياخشى. يەتتە كۈنلۈك ئوزۇقىمىزنى ئالايلى، ئەتىلا تاغ - داۋانلار ئاشايلى. ئوق ئاتقان، قىلىچ چاپقان يەرلىرىمنى ساڭا كۆرسىتەي. ئوقنى ئاتا - ئاتا كۆز پىشىدۇ، قىلىچنى چاپا - چاپا قول كۆنىدۇ. بىرەر يېغى بولۇپ قان تۆكۈلسە، پۈتۈن بىر بۈركۈت بولۇپ قاناتلىنارسەن، — دەپ، قازان بەگ ئوغلىنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى، ئۇرۇزمۇ ئاتىسىنىڭ قوللىرىغا بېشىنى قويدى...

تاڭ سۈزۈلۈپ شەپەق كۆتۈرۈلگەندە، سالۇر قازان ئورنىدىن تۇرۇپ قوڭۇر ئېتىنى توقۇتۇپ، قورال - ياراغلىق ئۈچ يۈز ئاتلىقنى ئايرىدى. ئۇرۇزمۇ ئېتىغا مىنىپ، قىرىق يىگىتى بىلەن ئاتىسىغا قوشۇلدى. ئۇلار قارايغان تاغلار كۆكسىگە قادىلىپ يولغا چىقتى. ئوۋ ئوۋلىدى، قۇش قۇشلىدى. تاغ - داۋانلار ئېشىپ، دەريا - ئېقىنلار كېچىپ، چەت بىر جايدىكى چىمەنلىككە چۈشۈپ چېدىر تىكىپ، بىرنەچچە كۈن كۆڭۈللۈك ئويناپ كۈلۈشتى.

ئۇرۇز بۇ يەردە يىگىتلەرنىڭ ئويناپ - كۈلۈش، قونۇپ -

كۆچۈشلىرىگىچە سەپسېلىپ، ھۈنەر ئۈستىگە ھۈنەر كۆرۈپ تەلىم ئالدى.

بىر كۈنى، ئاتا ـ بالا تاغدىن ـ باغدىن سۆزلىشىپ ئولتۇرۇپ، گەپ دوستلۇق ـ دۈشمەنلىككە كەلگەندە، ئۇ ئۇرۇز:

— دوست ـ دۈشمەن دېگىنىڭىز كىم بولىدۇ، ئاتا؟ — دەپ سورىدى.

— ئەقلىڭ بىلەن ياشا، ئوغلۇم! قىلنى قىرىق يېرىپ سوئال قويىدۇڭ. بۇ ئىنچىكە سوئالغا مەن جاۋاب بېرەلمەيمەن. بۇنداق سوئالغا قورقۇت ئاتا جاۋاب بېرەلەيدۇ. ھەرقانچە چوڭقۇر سوئالىڭ بولسا ئۇنىڭدىن سورا. . . لېكىن، يىغىپ ئېيتقاندا، دوست دېگىنىمىز، بىر ـ بىرىنىڭ يولىدا جېنىنى پىدا قىلغانلار؛ دۈشمەن دېگىنىمىز، بىر ـ بىرىنىڭ بېشىغا چىققانلار. . . ئۆيدە بول، قىردا بول، نېمە قىلساڭ قىل، دوست تۇتۇشقا دىققەت قىل. دۈشمەننى ئاناڭمۇ تۇغىدۇ، ئۇلار ئەتراپىمىزدا تولۇپ ياتىدۇ. . . بەزىلىرى سامان تېگىدىن سۇ يۈگۈرتىدۇ، بەزىلىرى يالغان قىمار ئۆگىتىدۇ. لېكىن، دوست يۈزىدىن، دۈشمەن كۆزىدىن بىلىنىدۇ. ھەممىدىن ئاۋۋال دوستۇڭ بىلەن دۈشمىنىڭنى تونۇۋال! دوستۇڭ بىلەن دوست بول، لېكىن دۈشمىنىڭگە پوست بولما. يا ئەل بىلەن بىر ياپراق چىقار ئەل ـ بېغىڭدىن، يا بىر ئوچۇم تۇپراق بەر ئۆز تېغىڭدىن. . . دۇنيا دېگەن شۇ، يا سەن ئۇنىڭ لەززىتىنى ئالىسەن، يا ئۇ! شۇ چاغدا نە سەن ئېلىڭنى تۇتالايسەن، نە ئۇ تىلىنى سوزالايدۇ! خۇددى ئىككى كورنىڭ ئۇرۇشقىنىدەك، سەن تالا ـ تالا ئۇنىڭ بېغىنى قۇرۇتىسەن، ئۇمۇ يالا ـ يالا سېنىڭ تېغىڭنى خورىتىدۇ. ئەلھاسىل، دۇنيادا يا بويۇن ئېگىپ يۈر، يا باش كۆتۈرۈپ ئۆل. چۈمۈلە بولساڭمۇ پىلدەك كۆرۈن. دەريا بولساڭمۇ نىلدەك كۆرۈن. «دۈشمەن قايرالمىغان قولنى سۆيەر» ئوغلۇم! شۇنداقتىمۇ ھەرگىز بىر ـ ئىككى دېمە، قالقان بولۇپ تاقابىل تۇر، قىلىچ بولۇپ كۆكسىگە ئۇر، ئۇلار سېنى چايناپ يۇتۇۋەتكۈچە، سەن ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەت!

بۇ سۆزلەر ئۇرۇزغا ئاجايىپ تۇيۇلدى:
— خوپ ئاتا، — دېدى ئۇ، — بىراق ئۇلار كېيىن قانغا قان ئالمامدۇ، قان دەۋاسى قىلمامدۇ؟
— ئىلاھى، ئوغلۇم، — دېدى سالۇر قازان مەنىلىك كۈلۈپ، — «ھەق دېگەندە ئېقىن سۇلار توختاپتۇ». پەلەكنىڭ چاقى چۆرگىلىدى. ھازىر كۈچى يەتكەن ئالىدۇ، كۈچى يەتمىگەن قالىدۇ. بۇ دېگەن يىغا، كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ. قانۇنى يوق، نىزامى يوق، دەۋاسى يوق، سورىقى يوق زامان بۇ. بىراۋنىڭ بىر تال مويىغا تەگسەڭ سورىقى بولىدۇ، لېكىن يىغىدا مىڭ ياۋنىڭ بېشىنى ئالساڭمۇ سورۇشتۇرۇلمەيدۇ، سورۇشتۇرۇلسە ئەتە ھەق ئالدىدا سورۇشتۇرۇلىدۇ. لېكىن، خۇدا كۆرۈپ تۇرىدۇ، ئۇلار يۇرت ـ يايلىقىمىزغا كۆز تىكمىسە، كىممۇ ئۇلارغا كۆزىڭىز-نىڭ ئۈستىدە قېشىڭىز بار دېسۇن...
بۇ خوش ـ پەشتىن كېيىن، ئۇرۇز ئاتىسىنىڭ يېنىدىن چىقىپ قىرىق يىگىتنىڭ يېنىغا كەلدى. ئاردىن بىر چاي قاينام ۋاقىت ئۆتكەن ـ ئۆتمىگەن ئارىلىقتا تاغ بېشىنى قارا تۇمان قاپلىدى.
بىرى «كېيىك پادىسى» دېسە، بىرى «كۈپارلار توپى» دېدى. سالۇر قازان بوراننىڭ نەدىن چىققانلىقىنى بىلدى.
— كېيىك بولسا بىر ـ ئىككى توپ بولار ئىدى، قاراڭلار، بۇ توپا ـ چاڭ ئۇن ئالتە يەردىن چىقىپتۇ. دېمەك، ئۇن ئالتە مىڭچە كۈپار بۇ! — دېدى ئۇ.
دەرۋەقە، ئەھۋال قازان بەگنىڭ دېگىنىدەك ئىكەن. ھالبۇكى، كۈپارلارنىڭ پايلاقچىلىرى قەلئەدىن قەلئەگە خەۋەر يەتكۈزۈشۈپتۇ:
«ئىتىمىزنى ھاۋشىتمىغان، مۈشۈكىمىزنى مىياۋلاتمىغان پالۋانلار بېشى سالۇر قازان ئوغلى ۋە خىزمەتكارلىرىنى ئېلىپ ئازغىنە ئادەملىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپتۇمىش... كۈندۈزى تاغ ـ تاشنى قىدىرىپ، قىرىدىغاننى قىرىپ، كېچىسى يەپ ـ ئىچىپ،

ئۆزلىرىنى ئۇنتۇغان هالدا ئەيش - ئىشرەتكە غەرق بولارمىش... پۇرسەت دېگەن مانا شۇ، بۇلارنىڭ دەپتىرىنى ياپايلى ئەمدى!»

بۇ خەۋەر قۇلاقتىن - قۇلاققا يېتىپ، ئاخىر كۇپارلار بېگىنىڭ قۇلىقىغا چۈشتى. ئۇ ئەمدى قاراپ تۇرسۇنمۇ! ئون ئالتە مىڭ قارا تونلۇقنى ئاتلاندۇرۇپ قازاننىڭ ئۈستىدىن بېسىپ كەلدى. بايىقى قارا تۇمان مانا شۇلار ئىدى.

ئۆمرىدە كۆرمىگەننى كۆرگەن ئۇرۇز ئاتىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمىدى.

— ئاتام قازان، — دېدى ئۇ، — نېمىدۇر ئۇ دېڭىزدەك يېيىلىپ كېلىۋاتقان؟ نېمىدۇر ئۇ دېڭىز ئىچىدە كۈندەك چاقناپ يۇلتۇزدەك پارلىغان؟

سالۇر قازان كۈلۈپ كېتىپ:

— قارا تونلۇق كۇپاردۇر، دېڭىزدەك يېيىلغان بېشىدىكى تاج دۇبۇلغا[1] دۇر، كۈندەك چاقنىغان، يۇلتۇزدەك پارلىغان قولىدىكى قىلىچ، مىزراكدۇر[2]. ئوغلۇم، بۇ پۇرسەتپەرەسلەر جېنىدىن تويغان بولسا كېرەك، كەلسە كەلسۇن، كۆرىدىغىنى بولسا كېرەك! «يىگىت كۆزى قاننى كۆرسە قانغا تولىدۇ»، ئالىماللا قىلىچىم قىنىدىن چىقىپ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالسا كېرەك! يامان يەردە ئايىغىمغا پۇتلىكاشاڭ بولدۇڭ، خەپ! — دېدى.

بۇ سۆز ئۇرۇزنىڭ قېنىنى قىزىتتى. ئۇ قوۋۇزىنى قولىغا ئېلىپ شۇنداق دېدى:

كېلىڭ، هەي، ئاتام قازان، بېرى كېلىڭ!
نىچۈك پۇتلاشتىم ئايىغىڭىزغا،
دەستەك بولاي تايىنىڭ يالغۇز ئوغلىڭىزغا.
قارا قۇندۇز تۇلپار باقتىم، بەيگە بولسۇن دەپ،
قىرىق يىگىتكە ئۇن سالدىم، قۇربان بولسۇن دەپ.

---

① دۇبۇلغا — ئۇزۇن تۆمۈر قالپاق.
② مىزراك — نەيزە.

كۈتكەن كۈنۈم كەپتۇ بۈگۈن مانا شۇ مەيدان،
كۆزلىرىمنى قاپلىدى ئەمدى قىزىل قان!
رۇخسەت قىلغىن ياۋ ئالدىغا بارايلى ئاتا،
قىرىلمىز قىرىق ياندىن قىرايلى ئاتا!

قازان بەگ ئوغلىغا مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

ئۆيۈمنىڭ تىرىكى، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى ئوغلۇم!
ئىشەندىم، بۇ تىلەك، بۇ يۈرەك بار ئىكەن سەندە،
ئاۋۋىلى خۇدا، ئوغۇزلارنىڭ يېنى تەگمىسۇن يەرگە،
لېكىن، بۇ كۈپارلار سەن بىلىدىغان كۈپار ئەمەس،
مۇنتىزىم قوشۇن بۇ، جەڭگە ئۇنداق ئاسان چىقماس!
كەلگەن ياۋ ماڭا كەلدى، ماڭا قويۇۋەت،
ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى ئۆزۈملا بېرەي پەقەت.
كۆرۈپ قىلىچ چېپىشىمنى بولغىن ئارقا سەپ،
بىر كۈنى سېنىڭ بېشىڭغىمۇ كېلەر بۇ كۈلپەت.

خوپ، شۇنداق بولسۇنمۇ دەيلى، بىراق ئۇمۇ يېغىنىڭ پۇرىقىـ
نى پۇراپ باقسۇن ـ دە! ئۇرۇز يەنە يالۋۇردى:

ئەي ئاتا، بەگ ئاتا بىرىڭ ئىجازەت!
ئاراپاتتا قوچقار قۇربانلىق ئۈچۈن،
ئاتا ئوغۇل تاپار نام ـ ئاتاق ئۈچۈن.
ئوغۇل بالا قىلىچ تۇتار ئاتىسى ئۈچۈن،
مېنىڭ بېشىم قۇربان بولسۇن جېنىڭىز ئۈچۈن!

ئاتىسىنىڭ سۆزى بىر، ئۇرۇز بۇ سۆزنىڭ ئالدىغا ئۆتەلىسۇنـ
مۇ؟ ئۇ قىرىق يىگىتنى باشلاپ ئاتىسى كۆرسەتكەن تاغقا چىقىپ
نەيزىلىرىنى يەرگە سانجىپ تەق بولۇپ تۇردى.

قازان خان ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇپ، قوللىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ دۇئا قىلغاندىن كېيىن يىگىتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، چۇقان سېلىپ، ئات سۈرۈپ يېقىنلاپ كەلگەن دۈشمەنگە قاراپ ئېتىلدى. ئاپىرىن، بۇ يىگىتلەرنى قانداق ئانا تۇغقاندۇ! شۇنداق دەھشەتلىك بىر جەڭ بولدىكى، قويۇۋېرىڭ! ئوقلار شۇڭقاردەك ئۇچۇشتى، قىلىچلار كېپىكتەك ئوينىدى، پالۋانلارنىڭ «ئاللا! ئاللا» دېگەن سادالىرى يەر - زېمىننى تىترىتىپ ئەرشنى زىلزىلىگە كەلتۈردى. نامەردلەر، رەزىل قورقۇنچاقلار قاچىدىغان يەر تاپالماي قالدى. بۇنى كۆرگەن قازان ئوغلى ئۇرۇزنىڭ يۈرىكى قىنىغا پاتماي قالدى. ئۇ يىگىتلىرىگە قاراپ:

— ھەي، قىرىق ھەمرىھىم، قىرىق قېرىنداشىم، قۇربان بولسۇن سىلەرگە جېنىم. كۆردۈڭلارمۇ ئاتام قازاننى، ئۇنىڭ يېنىدىكى تەلۋە ئوزاننى! راستىمنى ئېيتسام، تۇتالمايۋاتىمەن ئۆزۈمنى! يۈرىكىگە ئاتالايدىغانلار يۈرەيلى، قۇيۇندەك ئالدىغا ئۆتەيلى، كۇپارلارنىڭ بىر قانىتىنى كېسەيلى! — دەپ قوچقار باشلىق قارا تۇلپارنى ئوينىتىپ، كۇپارنىڭ ئوڭ قانىتىغا ئات تېپىپ. ئوڭنى سولغا، سولنى ئوڭغا سۈرۈپ تىرىپىرەن قىلىۋەتتى. يىگىت بولار ئوغۇز يىگىتلىرىچە بولار! بىرەرىمۇ نامەردلەرچە قارا تاشنىڭ كەينىگە مۆكۈۋالسۇنمۇ! قىرىق ئاتلىق قاناتلاندى. قارا غاز توپىغا بۆسۈپ كىرگەن شۇڭقاردەك ئېتىلىپ، دۈشمەننى گويا ئازگالغا چۈشكەن مۆلدۈردەك قاپساپ، ئاللا - توۋۋىسىنى كۆرسەتتى.

كۇپارلار ئوڭىمىزمۇ، چۈشىمىزمۇ دەپ قېلىشتى. دەرۋەقە، ئۇلار يامغۇردىن قېچىپ مۆلدۈردە قالغاندەك ۋەتۆەرىكى چىقىپ، سېرىم - سېرىم يىقىلىپ سايىنىڭ تېشىدەك يېتىشتى... شۇ ئەسنادا، دالىدا تاشنىڭ قارشىسىدىن كەلگەن بىر ئوق ئۇرۇزنىڭ ئېتىغا تەگمەسمۇ! ئۇ تىك موللاق چۈشۈشىگە، كۇپارلار قارا قاغىدەك يېپىلىپ كېلىشتى.

ئۇرۇزنىڭ قىرىق يىگىتى ئاتلىرىدىن تەڭلا سەكرەپ چۈشۈپ بىر قولىدا قالقان، بىر قولىدا قىلىچ تۇتۇپ ئۆزىنى بۇ يىگىتكە

پىدا قىلىشتى. چىشلار چىشقا، تىرناقلار تىرناققا كىرىشىپ،
دەرغەزەپتە ئېلىشتى. بىراق، ئۇلار مۇھاسىرە ئىچىدە قالغاچقا،
ئاقىۋەت شېھىتلىك شارابىنى ئىچىپ باقىي ئالەمگە كېتىشتى.

كۇپارلار ئوغلان بىلەن باشمۇباش ئېلىشىپ، ئاخىرى ئۇنى
ھالسىرىتىپ تۇتۇپ، ئاق قوللىرىنى ئارقىسىغا چەمبەرچاس باغ-
لاپ، بوينىغا قىل ئارقان سېلىپ، ئاتام - ئانام دېگىنىگە قويماي
تاغ - تاشتا ئىتنىڭ كۈچۈكىنى سۆرىگەندەك سۆرەپ ئېلىپ
كېتىشتى.

ئۇرۇز تۇتقۇن بولدى. قازاننىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوق
ئىدى. ئۇ يېغا بېسىلدى دەپ ئويلاپ، ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بۇراپ
كەينىگە يېنىپ قارىسا، ئوغلى قالغان يېرىدە يوق! بولغان ئىشلار-
نى ئۇقتۇرىدىغان تاغ - تاشنىڭ زۇۋانى يوق - دە، سالۇر قازان
ئەھۋالنى چۈشىنىپ يېتىدىكىلەرگە:

— ھەي، يىگىتلەر، بىزنىڭ ئوغۇل نەگە كەتكەندۇ؟ — دېدى.

ھېچكىم بىرنېمە دېيەلمىدى. ئارىدىن بىر تەلۋە چىقىپ:

— بالا دېگەن توخۇ يۈرەك كېلىدۇ. ئۇلارنى سورىسىلا ئانىلى-
رىنىڭ قۇچىقىدىدۇر... — دەپ ئېچىتتى.

بۇ سۆز سالۇر قازانغا شۇنداق ئېغىر كەلدىكى، ئۇ تاغ يېرىلى-
غۇدەك گۈركىرەپ:

— نېمە دەيسەن تەلۋە ئوزان! پېشانەمگە قارا سۇرتۇپ، ئانى-
سىنىڭ قۇچىقىدا ياتقان ئوغۇلنى ئوغۇل ئەمەس، قۇلمۇ دېمەيمەن.
يىلان چىشلىق خەنجىرىم بىلەن پارە - پارە قىلىپ، ھەر پارىسىنى
بىر يولنىڭ ئاغزىغا تاشلاپ، ئۆتكەن - كەچكەنگە سازايى، كۆپكە
ئىبرەت قىلىمەن! — دېگىنىچە ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، غەزەپ
بىلەن ئۆيىگە قاراپ يول ئالدى.

ئۇرۇزنىڭ ئانىسى زىلۋا بويلۇق بۇرلا خېنىمنىڭ بۇ ئىشلار-
دىن خەۋىرى يوق ئىدى. «بۇ ئوغلۇمنىڭ تۇنجى شىكارغا چىقىشى»
دەپ، ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرا، قويدىن قوچقار سويدۇ-
رۇپ، كاتتا داستىخان سېلىپ ئوغۇز بەگلىرىگە توي بېرىپ،

ئوغلىنى كۈتۈۋالماقچى بولۇپ تۇراتتى.
قاش قارايغان چاغدا ئۇلار يېتىپ كەلدى. خان قىزى ئورنىدىن تۇرۇپ، قاما جۇۋىسىنى ئۈچىسىغا ئارتىپ قازان بەگنى كۈتۈۋالدى. ئۇ قازاننىڭ چىرايىغا قارىدى، ئوڭ - سولىغا كۆز يۈگۈرتتى. بىراق، كەلگەنلەر كۈتۈپ تۇرغانلارغا قاراپمۇ قويمىدى، گويا ئېغىزلىرىنى چاپلاپ قويغاندەك، ھېچبىرىدىن نە سالام، نە كالام چىقمىدى.
زىلۋا بويلۇق بۇرلا خېنىم بۇ ھالنى ھېچ چۈشىنەلمىدى. بىراق، ئوغلى كۆزىگە چېلىقمىغانچە كۆڭلىگە بىر قورقۇنچ چۈشۈپ، قارا كۆزلىرى قان - ياشقا تولۇپ قازان بەگكە مۇنداق دېدى:

كەلسىلە، ھەي، سالۇر قازان كەلسىلە،
كەلسىلە، كۆتۈرۈپ تۇمان كەلسىلە.
كەلسىلە، بېشىم بەختى، كۆڭلۈم تەختى،
ئىككى كېتىپ بىر كەلدىلە، بىر يېنىپ بىر ئۆچتىلە،
قېنى ئوغلۇم — ئۇرۇزۇم قېنى؟
قېنى مېنىڭ جانجىگىرىم، يالغۇزۇم قېنى؟
يولدا قالدىمۇ، تاشتا ياتتىمۇ؟
بۆرە يېدىمۇ، قاغا - قۇزغۇنمۇ؟
قىيالاردىن ئۇچقان بولسا، جوتۇ بىلەن قارايمۇ؟
قانلىق سۇدا كەتكەن بولسا، دەريا بولۇپ ئاقايمۇ؟
كۇپار قولىغا چۈشكەن بولسا، ئاتەش بولۇپ ياقايمۇ؟

بۇرلا خېنىم يەتتە قېتىم يالۋۇردى. يەتتىنچىسىدە تاشتىن زۇۋان چىققىنىكى، سالۇر قازاندىن زۇۋان چىقمىدى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت چۈشۈپ، يەنە زار قاقشىدى:

ئوغلۇم، ئوغلۇم، ئاي ئوغلۇم، يالغۇز ئوغلۇم!
كەتكەنلەر يېنىپ كەلدى، كېتىپ كەلمىگەن ئوغلۇم!
ئۈمىدلىرىم ئۈچتى كەتتى، باغرىمدا ئۈچمىگەن ئوغ-
لۇم!
كۆزۈمنىڭ چىرىغى سەن، سەنسىز دۇنيا زىندان ئوغ-
لۇم!
كۆڭلۈمنىڭ گۈلى سەن، سەنسىز باغلار ۋەيران ئوغ
لۇم!

ئورنۇمدىن دەس تۇراي دەيتتىم،
يايلىسى قارا غاز بويۇن ئاتقا مىنەي دەيتتىم،
نوپۇزلۇق ئوغۇز ئىچىگە كىرەي دەيتتىم،
خۇمار كۆزلۈك بىر كېلىن ئالاي دەيتتىم.
قارا يەرگە ئاق ئوتاقلار تىكەي دەيتتىم،
شۇ ئوغلۇمنى ئاق هۇجرىغا كۆچۈرەي دەيتتىم،
مۇرادىغا - مەقسىتىگە يەتكۈزەي دەيتتىم،
ئارمىنىمغا يەتكۈزمىدىڭ قازان مېنى،
قارا بېشىمنىڭ ئۈۋالى تۇتقاي سېنى!
ئاھ، قازان، چاچلىرىمنى يۇلايمۇ؟
ئاق يۈزۈمنى قىيما - چىيما قىلايمۇ؟
ئورداڭدا ئېغىر ماتەم تۇتايمۇ؟
ئوغلۇم، ئوغلۇم دەپ يىغا - زارە قىلايمۇ؟
قايتاپاندا تۆگىلەرنىڭ بوتىسى بار،
قارا قوچتا يىلقىلارنىڭ قۇلۇنى بار،
ئېغىللاردا قويلىرىمنىڭ قوزىسى بار،
قوزىچىقىمدىن ئايرىلدىم دەپ هازا تۇتايمۇ؟

ئۇرۇزنىڭ ئانىسى ئۆزىنى ئۇرۇپ، باش - كۆزىنى ئوتىغان هالدا يىغلاپ - قاقشىغاندا، قازان بەگ ئەس - هوشىنى يوقاتتى. ئۇ ئەمدى قايسى دەرد - ئەلەمگە ئېچىنسۇن! ئوغلىنىڭ ئۈۋالىغا

قالغىنىغىمۇ ياكى خانىشىنىڭ ئاھ - زار بىلەن قىلغان تاپا - تەنىلىرىگىمۇ؟

ئۇ خان قىزىنىڭ قوللىرىغا ئېسىلىپ:

— ئەي گۈزىلىم، — دېدى، — نېمانچە ئۈپرىتىسەن ئۆزۈڭنى! ئوغلۇڭ بىر ھادىسىگە ئۇچرىسا، سورايتتىمۇ سەندىن ئۇنى؟ مەن ئۇلارنى قايتتى دېسەم، ھالبۇكى ئۇلار قايتماپتۇ. . . كىم بىلسۇن، تاغدىن تاغقا قايسى كېيىكنىڭ پېيىدا يۈرگەندۇ. ماڭا يەنە يەتتە كۈن سۈرۈك بەر، يەردە بولسا چىقىراي، ئاسماندا بولسا چۈشۈرەي. ھېچ يەردە بولمىسا دۇنيانى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتەي. تاپسام تاپتىم، تاپالمىسام پېشانەمدىن كۆرەي. خۇدا بەردى، خۇدا ئاپتۇ، ئەلھۆكمىلىللا دەي ۋە ساڭا ئوخشاش قارىلىق تۇتاي. لېكىن، ئاللا ئۇ كۈنلەرنى كۆرسەتمىگەي!

— ئاھ، خان ئاتامنىڭ كۈيئوغلى، — دېدى بۇرلا خېنىم قازان بەگنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، — ئەيىبكە بۇيرۇمىسىلا بۇ ئاھۇ - زارىمنى، يەتتە يىلدا بىر تاپتىم ئۇنى. خۇدا بىلىدۇ، شۇنچىلىك قىلغۇچە نېمىلەرنى كۆرگىنىمنى. ئۇ مېنىڭ تىلىمغا قونغان بۇلبۇل ئىدى، كېچە - كۈندۈز سايراپ تۇراتتى، خۇش ئاۋازىدىن كۆڭلۈم شاد ئىدى ... نە ئەيلەيكى، تىلىم سۇندى، بۇلبۇلۇم ئۇچتى، كەلمىدى. ئامالىم يوق يېمەسكە ئۆز گۆشۈمنى! يەتتە كۈن سۈرۈك بېرەي، ئاڭلىسىلا، تەرلىرىنى قۇرۇتماي، شۇ تاپتىلا يولغا چىقسىلا. ئوغلۇمنىڭ ئۇۋدا ئىكەنلىكىگە ئىشىنەي، كاۋاپ بولغان يۈرىكىمگە بىر سۇ سېپەي!

ئەمدى باغلاپ قويسىمۇ تۇرسۇنمۇ قازان! ئۇ «يائاللا!» دەپ ئېتىغا مىندى ۋە كەلگەن يولىغا راۋان بولدى. لېكىن، خانىشقا ئۇقتۇرماي توقسان تۈمەن ياش ئوغۇزنى كەينىگە سېلىپ، جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن يەلدەك ئۆتۈپ، كېچە - كۈندۈزلەپ يۈرۈپ كۆزلىگەن يەرگە باردى. قارىغۇدەك بولسا، قىرىق يىگىتنىڭ قىرىقلىسى قىزىل قاننىڭ ئىچىدە قىزىل گۈلدەك يېتىپتۇ. ھەممىسىنىڭ كۆزلىرى كۈلۈپ تۇرۇپتۇ. ياش مۇرادىغا يەتكەن بۇ

جەننەت قۇشلىرىنى كۆرۈپ كىمنىڭمۇ زوقى كەلمىسۇن! ئۇلارنى كۆرگەندە كىمنىڭمۇ ئىچى سىيرىلمىسۇن!

سالۇر قازان قىرىق تاياق يېگەندەك ئەس ـ ھوشىنى يوقىتىپ ئاتتىن يەرگە يىقىلدى... بىرھازادىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ، ھەممىسىنىڭ پېشانىسىگە بىر ـ بىرلەپ سۆيۈپ چىقتى. لېكىن، ئوغلى بۇلارنىڭ ئىچىدە يوق ئىدى. ئۆلگەن ئاتلارنىڭ ئىچىدە ئوغلىنىڭ ئېتى بىلەن ئالتۇن ساپلىق قامچىسىنى تاپتى.

«شۇ ئوي كەلگەندى مېنىڭ كۆڭلۈمگىمۇ، دېمەك، ھەقىقەتەن كەلگەن سادا ئىكەن بۇ! ئىش پۈتۈپتۇ، ئۇرۇزۇم، ئاق قوزام كۈپارلار قولىغا چۈشۈپتۇ. ئەسىر چۈشكۈچە شېھىت بولسىچۇ! كىم بىلسۇن قانداق ئازابلار چېكىۋاتقاندۇ؟...» دەپ كۈپارلار تەرەپكە ئېتىنى قامچىلىدى.

راست، ئاللا ياۋغا ئامانلىق بەرمىسۇن، ئۇرۇزنىڭ بوينى باغلاقلىق ئەمەسىدى! كۈپارلار ئۇنىڭ نە ئاھىغا باقسۇنمۇ، نە ۋايىغا... سۆرە ـ سۆرە ئۇنى «قانلىق دەرۋازا» دېگەن يەرگە ئېلىپ بېرىپ، قارا كېپەن كىيدۈرۈپ، كىرگەن ـ چىققان دەسسەپ ئۆتسۇن، ھەر نەپەستە بىر جېنى چىقسۇن، ئۇستىخانلىرى ئېزىلىپ كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ ئۆلسۇن، دەپ دەرۋازىنىڭ بوسۇغىسىغا ياتقۇزۇپ قويغانىكەن.

ياراتقان ئاللا نېمىگە قادىر بولمىسۇن! بىرھازادا، تۆپىلىكتە چاڭ ـ تۇمانلار كۆتۈرۈلۈپ، سالۇر قازان قوڭۇر ئېتىنى ئوينىتىپ كۆرۈنمەسمۇ! دىنى سۇس كۈپارلار نە قىلارىنى بىلمەي قالدى. بىرى، يوشۇرۇنىدىغان يەر ئىزدىسە، بىرى، ئېتىنىڭ ئېگەر ـ توقۇمىنى ئىزدىدى. بىرى، قىلىچىنى بېلىگە تاقىسا، بىرى، نەيزىسىنى قولىغا ئالدى. ئەلھاسىل، بىر ئۆرىتۆپىچىلىك بولۇپ كەتتى. ئۆلۈمگە ھازىر بولغانلار ئايىسۇنمۇ كۆزىنى تالدىن ـ پۇتاقتىن، ئايىسۇنمۇ ئۆزىنى نەيزە ـ مىزراكتىن!...

ئۇرۇز بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ھەي كۈپار، بۇ نېمە ئۆرىتۆپە؟ — دېدى.

— نېمە بولماقچىدى، بۆرىنىڭ ئوغلى بۆرە، — دېدى جېنى تۇمشۇقىغا كەلگەنلەردىن بىرى، — ئاتاڭ كەپتۇ. ئاقىدىغان قان تومۇردا تۇرمىغاندەك، ئاتاڭ ئۆلۈمگە تەشنا بوپتۇ. نوچى بولساڭ قۇتقۇزۇۋالمامسەن!

بۇنى ئاڭلىغان ئۇرۇزنىڭ يەتمىش ئىككى مىڭ تومۇرى زىڭىلداپ كەتتى. ئۇ چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ:

ئامان بەر كۇپار ئامان،
ئاللانىڭ بىرلىكىگە يوقتۇر گۇمان،
زامىن بولساڭ ماڭا بول، ئۇ قالسۇن ئامان!
ئوغۇزلارنىڭ باتۇر يىگىتى ئۇ،
يايلىقىمىزنىڭ سەرۋى[1] سۆگىتى!
ھېرىپ ـ ئاچقانغا ئارام بېرەر ئۇنىڭ سايىسى!
كۆزلىرىڭگە قان تولسا، نەيزە ئېلىپ ئېتىل ئاڭا،
تۇزاق قۇرما يولىغا، پۇتلىشار بىر كۇنى ئۆز ئايىغىڭغا!

دېگەندە، كۇپارلار بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى ۋە يورۇق دۇنيادا ئاتىسىنى كۆرۈۋالسۇن، دەردلىرىنى تۆكۈۋالسۇن، دەپ قولىنى يېشىپ كۆزىنى ئېچىۋەتتى.

ئۇرۇز زەنجىرلىرىنى سۆرەپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ مۇڭداق دېدى:

بېرى كېلىڭ، خانىم ئاتا، جانىم ئاتا!
نەدىن بىلدىڭىز مېنىڭ تۇتقۇن بولغىنىمنى،
قارا كۆزلۈك يىگىتلىرىمنىڭ قىرىلغىنىنى؟
خان ئاتا، ئەجەل چاقىرىپ كەلدىمۇ سىزنى،
نېمىشقىمۇ كەلگەنسىز، قولتۇققا قىسىپ بېشىڭىزنى،

[1] مەجنۇنتالغا ئوخشاش كۆلەڭگىلىك بىر خىل دەرەخ.

ياۋ بىر ئەمەس، مىڭ بىر ئەمەس،
نە قول تەڭ كەلسۇن ئاڭا، نە قانات،
نە قالقان چىدىسۇن ئاڭا، نە بۇ قوڭۇر ئات.
ئۇنىڭدىن ئۇستۇن تۇزىقىڭىز يوق، ھىيلىڭىز يوق،
ئوق تەگسە ماتەم تۇتىدىغان تېغىڭىز يوق،
بولغۇلۇق ماڭا بولدى، سىزگە بولمىسۇن،
ھەممىنى بەرگەن ئاللا يەنە بىر ئوغۇل بەرسۇن!
ئوغۇل ئۇچۇن ئاتا ئۆلمەك بەكمۇ ئەيىب،
ئانام يىغلاپ ئايرىلسا كۆزدىن
قانداق چىقىسىز ھەق ئالدىغا يۈزىڭىز ئېچىپ.
خۇدا ھەققىدە قايتىڭ ئۆيگە مەندىن ۋاز كېچىپ،
ئانام مېنى سورىسا، راستىنى ئېيتىڭ،
ئۇ مەندىن ھەرگىز قايغۇرمىسۇن،
بىر ئاي كۇتسۇن،
بىر ئايدا بارمىسام، ئىككى ئاي كۇتسۇن،
ئىككى ئايدا بارمىسام، ئۇچ ئاي كۇتسۇن،
ئۇچ ئايدا بارمىسام، ئۆلدى دەپ بىلسۇن!
بوز ئايغىرىمنى سويۇپ نەزىرىمنى قىلسۇن،
ئەل قىزى لايىقىمغا رۇخسەت بەرسۇن،
ماڭا ھازىرلىغان ھۇجرىغا باشقىسى كىرسۇن.
جان ئانام كۆك تون كىيىپ قارا باغلىسۇن،
ئوغۇز ئېلىدە ھازا ئېچىپ ماتەم تۇتسۇن.
قارشى ياتقان قارا تاغلار ئامان بولسا ئەل يايلار،
قار - مۇزلۇق سۇلار ئامان بولسا تېشىپ ئاقار،
قوچقار باشلىق ئاتلار ئامان بولسا قۇلۇن تۇغار،
قايتاپاندىكى تۆگىلەر ئامان بولسا بوتا بېرەر،
ئېغىلدىكى قويلار ئامان بولسا قوزىلار،
بەگ يارەنلەر ئامان بولسا ئوغۇل تاپار،
ئامان بولۇڭ، ئاللا يەنە بىر ئوغۇل بېرەر.

ئانام ماڭا بەرگەن سۈتىگە رازى بولغاي،
قارا بېشىم سىلەرگە قۇربان بولغاي!

بۇ سۆزلەر ئاتىسىنىڭ يۈرىكىگە ئوق بولۇپ تەگدى. ئۇ ئۆزىـ
ـنى يوقاتقان هالدا مۇنداق دېدى:

ئوغلۇم، ئوغلۇم، ئاي ئوغلۇم،
يىگىت ئوغلۇم، يالغۇزۇم!
كۇپار قولىغا چۈشۈپسەن ئوغلۇم،
قارا باغرىم بولدى تۆمۈر - تاش.
ئاناڭ دەردىڭدە بولدى سەۋدايى،
مەشۇقۇڭنىڭمۇ قارا كۆزى ياش.
يىغلاپ - قاقشاپ سورىسا ئاناڭ،
قوللىرى كەينىدىن باغلاقلىق دەيمۇ؟
سورىسا كېلىپ دوست - يارەنلەر،
بوينىغا قىل ئارقان سېلىقلىق دەيمۇ؟
قارا تاغلار قېرىسا، ئەل يايلىماس،
ئېقىن سۇلار قۇرۇسا، يەر كۆكەرمەس.
بۇغرا - ھىنگان قېرىسا، بوتا بەرمەس،
ئايغىر - بىيە قېرىسا، قۇلۇن بەرمەس.
قوچقار - ساغلىق قېرىسا، قوزا بەرمەس،
ئاتا - ئاناڭ قېرىدى، ئاللا بىزگە ئوغۇل
بەرمەس،
بەرسىمۇ سېنىڭ ئورنىڭنى باسالماس!
قەلئەم سەن ئوغلۇم ھەم يۆلەنچۈكۈم،
نە قانات ئىزدىمەسمەن ئەمدى، نە بىر قول،
سەن بىلەن باشلانغان، سەن بىلەن پۈتسۇن،
هاياتىم، بارىم - يوقۇم سەن بىر ئوغۇل!
كۆك يۈزىدە بۇلۇت بولۇپ ئاقايمەن،

كۆپارنى ئوت بولۇپ ياقايمەن،
بىر ئورنىغا توققۇزىنى تۇتايمەن،
ئەھدە قىلدىم يا سېنى كۆپار قولىدىن
قۇتقۇزايمەن،
يا شۇ يەردە جان ئۈزەيمەن!

قازان ئېتىدىن يەرگە چۈشۈپ، ئېقىن سۇدا تاھارەت ئېلىپ، ئاق پېشانىسىنى يەرگە قويۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى، قوللىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ قادىر ئاللادىن مەدەت تىلىدى ۋە ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەد مۇستاپاغا سالاۋات ئېيتقاندىن كېيىن، ئېتىغا مىنىپ، تۆگىدەك بۆركىرەپ، يولۋاستەك ھۆركىرەپ چۇقان سېلىپ، كۆپارغا قاراپ ئارسلاندەك ئېتىلدى، چاقماقتەك چېقىلدى. ئاتتى، چاپتى، يىقىتتى، قىردى. توساتتىن، بىر قىلىچ كۆز قاپىقىنى سۈرۈۋېتىپ، باش ـ كۆزى قانغا مىلەندى. «جىن تارقىمىسا خىزىر كەلمەس» دېگەندەك، قاياقتىندۇر، ئۇرۇزنىڭ ئانىسى بۇرلا خېنىم قىرىق كېنىزىكى بىلەن يېتىپ كەلدى.
— يارىلىنىپلا خان قازان، تارتسىلا ئۆزلىرىنى، ماڭا تاشلاپ كۆپارنى تېگمۇالسىلا كۆزلىرىنى! — دەپ قىرىق كېنىزەكنى يېنىغا ئېلىپ ياۋ بىلەن قىلىچۋازلىققا چۈشتى. باش كەلسە باشنى، تاش كەلسە تاشنى چاپتى...
يەنە بىر تەرەپتە، قازان بەگنىڭ ئوغلىنىڭ كۆپارغا تۇتقۇن بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، قازاننىڭ كەينىدىن كەلگەن ئوغۇز بەگلىرى بىر ـ بىرلەپ ئوتتۇرىغا چۈشتى.
ئالدى بىلەن قازان بەگنىڭ قېرىندىشى قارا گۆنە، ئۇنىڭ كەينىدىن قايا سەلچۇق ئوغلى تەلۋە دۇندار، ئۇنىڭ كەينىدىن قارا گۆنە ئوغلى قارا پۇتاق، ئۇنىڭ كەينىدىن غەپلەت خوجا ئوغلى شىر شەمسىدىن، ئۇنىڭ كەينىدىن قازان بەگنىڭ مەسلىھەتچىسى بەيرەك ۋە غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەك، ئارۇز خوجا، ئەمىنلەر كەينى ـ كەينىدىن:

— چاپ قىلىچىڭنى ئاغام قازان، خان قازان، مەن كەل-
دىم! — دەپ قىلىچلىرىنى قىنىدىن چىقاردى.
يەنە كىملەرنىڭ كەلگىنىنى ساناپ تۈگەتكىلى بولمايتتى. تۆ-
پىدىن ـ بەلدىن، يايلاقتىن ـ ئەلدىن كەلكۈندەك بېسىپ كەلگەن
ئوغۇز بەگلىرى هايت ـ هۇيت دېگۈچە كۈپارغا ئات سالدى، قىلىچ
چاپتى. جىگەرلىك يىگىتلەر ئۆزىنى كۆرسەتتى، نامەردلەر قاچىدى-
غان يەر تاپالمىدى. مەيدان باشقا تولدى. بەگ نۆكەردىن، نۆكەر
بەگدىن ئايرىلدى. قۇش قانىتى قەلەم بولسا، ئاسمان ـ زېمىنغا
يېزىپ تۈگەتكۈسىز داستان بولغۇدەك بىر جەڭ بولدى. قىلىچلار-
نىڭ بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلۇشىدىن چىققان سادادىن بۇلۇتلار پارچىلى-
نىپ، چاقماقلار بىر ـ بىرىگە تۇتاشتى. تاغلار كۆيۈپ كۈل
بولدى، قانلار ئېقىپ كۆل بولدى. ئەلهاسىل، «قانلىق دەرۋازا»
قانلىق جەهەننەمگە ئايلاندى. بۇ جەهەننەمدە قايسى كۈپارنىڭ بېشى
ئامان قالسۇن!
ئاۋانگارت ئوغۇز بەگلىرى بىلەن دۈندار ئوڭغا، جىلاسىن بەگ
يىگىتلىرى بىلەن قارا پۇتاق سولغا، قازان بەگ ئۆز يىگىتلىرى
بىلەن ئوتتۇرىغا ئات تېپىپ، كۈپار خاقانلىرىدىن تەكۇر خاقان،
شۆكلى خاقان، تۇكەن خاقان، بۇقىچاق خاقانلارغا قاقشاتقۇچ زەربە
بېرىپ، ئۇلارنى ئاتلىرىدىن يەرگە ئېتىپ ئىت كاللىسىنى ئالدى.
زىلۇا بويلۇق بۇرلا خېنىم كۈپارنىڭ قارا تۇغىنى قىلىچلاپ
يەرگە ئۇردى. بۇ جەڭدە كۈپارنىڭ ئون بەش مىڭ ئادىمى قىرىلدى
ۋە ئەسىرگە چۈشتى. ياۋنىڭ قول ـ قانىتى قىرىلىپ، بىر قوشۇق
قېنىنى تىلەپ ئىمانغا كەلگەندىلا قىلىچلار قىنىغا كىرىپ ئالەم
تىنجىدى.
مانا شۇ چاغدا بۇرلا خېنىم ئۆزەڭگىسىز ئېتىدىن سەكرەپ
چۈشۈپ، ئوغلىنىڭ ئاياغلىرىدىكى كىشەنلەرنى چېقىپ ئوغلىنى
باغرىغا باستى. سالۇر قازانمۇ كېلىپ ئۇرۇزنىڭ پېشانىسىگە
سۆيدى.
بۇ مۇبارەك جەڭدە ئوغۇزدىن ئۈچ يۈز يىگىت شېھىت بولدى.

قازان بەگ ئوغلىنى قۇتقۇزۇپ كەينىگە ياندى. ئوغۇز بەگلىرى رازى بولدى.

قازان ئاقچا قەلئە، سۇر مەھەللىگە كېلىپ، قىرىق ئوتاق تىكتۇرۇپ يەتتە كېچە - كۈندۈز توي بېرىپ، قىرىق قۇل - دېدەكنى ئوغلىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ ئازاد قىلدى. كىم نېمە تەلەپ قىلسا نائۈمىد قىلمىدى. ئاتتىن ئات، تۆگىدىن تۆگە ھەتتا تاغ تەلەپ قىلغانلارغا تاغ، دەريا تەلەپ قىلغانلارغا دەريانىمۇ ئايىمىدى. كۆپنىڭ ئالدىدا ئوغلى ئۇرۇزغا:

— ھەي ئوغلۇم، — دېدى، — ئاۋۋال خۇدا، ئوغۇزلارنىڭ ھىيىلىسى كۇپارلارنى يەڭدى. سەنمۇ پەلەكنىڭ بىر چاقىدىن ئۆتتۈڭكى، ئەمدى بۇنداق تۇزاققا چۈشمەسسەن! ئاللا سېنى بىزگە يېڭىۋاشتىن بەردى. مەنمۇ يېرىمنى، يۇرتۇمنى ساڭا ئاتىدىم. باتۇرلۇقتا يېنىڭ يەرگە تەگمىسۇن، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە يۈزۈڭ ئاق بولسۇن! ...

مانا شۇنىڭدىن كېيىن سالۇر قازان بىلەن بۇرلا خېنىمنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، كۆكسى - قارنى ئېچىلىپ، ئوچۇق يۈز، شېرىن سۆز بىلەن كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈپ، دەۋرانلىرىنى سۈرۈشتى...

قورقۇت ئاتىمۇ كېلىپ، قازان ئوغلى ئۇرۇز ھەققىدە بۇ ئوغۇزنامىنى تۈزۈپ مۇنداق دېدى:

قېنى ئۇ مەندۇرمەن دېگەن يارەنلەر،
يالغان دۇنيانى مېنىڭ دېگەنلەر،
ئەجەل ئالدى، يەر يۇتتى،
پانىي دۇنيا كىمگە قالدى؟
كېلىپ - كېتىدىغان ئۆتەڭ بۇ دۇنيا،
ئاقىۋىتى ئۆلۈملۈك دۇنيا!

دەپ، خانلار خانىغا بەش كەلىمە دۇئا قىلدى:

«ئەي خانىم، ئالدىڭدىكى قارا تېغىڭ يىقىلمىسۇن، بۈك - باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! قاندەك ئاققان دەريالىرىڭ قۇرۇمىسۇن، قاناتلىرىڭنىڭ ئۇچى قىرقىلمىسۇن! ئاق بوز ئېتىڭ پۇتلاشمىسۇن، مىسران قىلىچىڭ پۇچۇلمىسۇن! ئاللا بەرگەن ئۈمىدىڭ ئۈزۈلمىسۇن، ئاللا نامەردكە موھتاج قىلىپ، ئۇنىڭغا ئالقان ئاچتۇرمىسۇن! ئاخىرقى نەپەستە ئىمانىمىزدىن ئايرىمىسۇن! بۇ دۇئاغا ئامىن دېگەنلەر ئاللانىڭ جامالىنى كۆرسۇن!

# دۇخا خوجا ئوغلى تەلۋە تۇمرۇل

ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىدا دۇخا خوجا ئوغلى تەلۋە تۇمرۇل دېگەن بىر يوغان بۇرۇن بەگ بار ئىدى. ئۇ قىلغىلى ئىش تاپالمىغاندەك، شۇنچە دەريالارنى كۆزى كۆرمەي، سۇيى قۇرۇپ كەتكەن بىر سايغا كۆۋرۈك سالدۇرۇپ، كۆۋرۈكتىن ئۆتكەنلەردىن ئوتتۇز ئاقچا، ئۆتمىگەنلەردىن ئۇرۇشۇپ يۇرۇپ قىرىق ئاقچا ئالاتتى.

ئۇ ماڭا تەڭ كېلىدىغان باتۇر بولسا چىقسۇن مەيدانغا، باتۇرلۇقۇمنى كۆرسىتىپ قوياي ئۇنىڭغا، چىقسۇن نامىم، داستان بولسۇن تىللاردا، دەپ شۇ ئىشنى قىلغانىدى. «ساراڭ ساراڭنى كۆرسە تايىقىنى يوشۇرۇپتۇ» دېگەندەك، ئەقلى بارلار بۇ بالايىئاپەتكە يېقىن يولىسۇنمۇ!

شۇ جايغا يېقىن بولغان بىر يۇرتتا بىر ياخشى يىگىت بار ئىدى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يىگىت ئالەمدىن ئۆتتى. پۈتۈن يۇرت ماتەم تۇتۇپ قان يىغلاشتى.

توساتتىن تەلۋە تۇمرۇل يېتىپ كېلىپ:

— ئەي خالايىق، نېمانچە يىغلايسىلەر. كۆۋرۈكۈمنى سەلگە ئاققۇزامسىلەر! — دەپ ئۆكتە قوپتى.

— بىز يىغلىماي كىم يىغلىسۇن، خان بېگىم، ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان بىر يىگىتىمىز ئۆلدى بۈگۈن! — دېيىشتى كۆپچىلىك.

ئۇلارنىڭ بۇ كەيپىياتى تەلۋە تۇمرۇلنىڭ قۇلىقىنى قىزىتتى.

— بۇ يىگىتىڭلارنى كىم ئۆلتۈردى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— يائاللا بېگىم، — دېدى كۆپچىلىك، — بۇنداق يىگىتنىڭ جېنىغا كىم زامىن بولالىسۇن، پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەنىكەن، ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن تۈن يېرىمىدە قىزىل قاناتلىق ئەزرائىل

كېلىپ جېنىنى ئالدى...

تەلۋە تۇمرۇل ئەزرائىلنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ھېلىقى يىگىتكە ئىچىنغانمۇ ياكى قەستەن ئۇلارنىڭ چىشىغا تەگكەنمۇ:

— جاننى ئالىدىغان ئەزرائىل دېگىنىڭلار كىم؟ قادىر ئاللانىڭ بىرلىكى، بارلىقى ئۈچۈن ئۇنى ماڭا كۆرسىتىڭلارچۇ، ئۇنىڭ بىلەن بىر ئېلىشىپ، ياخشى يىگىتلەرنىڭ جېنىنى قۇتقۇزۇۋالاي، — دېدى.

بۇ گەپ ئاسمان - زېمىننى ياراتقان ئاللاغا يەتمەي قالسۇنمۇ؟ تەلۋە تۇمرۇلنىڭ ئاتقان پوسىنى ئاللا خوپ كۆرمىدى. كۆكتىن: «ئى ئەزرائىل، تەلۋە تۇمرۇل دېگەن مەلئۇن ئۆزىنى شۇ قەدەر ئۇنتۇدىكى، ئۇلۇغ دەرگاھىمغا تىل تەگكۈزۈپ، ھالىغا شۈكۇر قىلىشنىڭ ئورنىغا مەنمەنلىك دەۋاسى قىلغىلى تۇردى. بار، ئۇ ئەخمەقنىڭ كۆزىگە بىر كۆرۈنۈپ قوي. . . » دېگەن ندا كەلدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، تەلۋە تۇمرۇل قىرىق يىگىتى بىلەن يېيىشىپ - ئىچىشىپ، كۆڭۈللىرىنى ئېچىشىپ ئولتۇرغىنىدا، تۇيۇقسىز ئەزرائىل كېلىپ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە كۆرۈنۈۋىدى، كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالدى. يەنە بىر كۆرۈنۈۋىدى، قوللىرى تۇتماس بولۇپ قالدى. تەلۋە تۇمرۇل نېمە بولغىنىنى بىلمەي قېلىپ مۇنداق دېدى:

زەپ ھەيۋەتلىك خوجا سەن،
كىم بولىسەن، نېمە سەن؟
بىر كۆرۈپ قېنىم قىزىپ، جېنىم سىرقىرىدى،
پەرق ئېتەلمىدىم ئاق - قارىنى. . .
يەنە بىر كۆرۈندۈڭ، قول - ئايىغىم تىترىدى،
ئىچەلمىدىم قىزىل شارابنى.
ئەي، چىرايىنىڭ خۇنى يوق،
كۆزلىرىنىڭ نۇرى يوق ئاقساقال خوجا،

سەن مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمىسەڭ كېرەك،
كەشكىنى توغرىلا، قولۇمدىن بىر ھادىسە چىقماستا.

بۇنى ئاڭلىغان ئەزرائىلنىڭ تازا ئاچچىقى كېلىپ:

ئەي، بىھايا تەلۋە، چىشلەپ تارتىۋاتىسەنغۇ تېخى،
قاش - كۆزۈم ۋە چىرايىمنى؟
ئاھۇ كۆزلۈك گۈزەللەردىن ئاقساقاللىق خوجىلارغىچە،
مېنىڭ كۆزۈمدىن قېچىپ قۇتۇلالماس،
نۆۋىتى كەلگەندە ھېچبىرى جېنىنى ئېلىپ قاچالماس.
ئۆلۈم چاچقان نەپەسىمدىن چىراغ تۇرماق قۇياش ئۆچەر،
كۆلەڭگەم چۈشسە كۆككە، جىمى ئالەم بۇلار مەھشەر.
كەلسەم ئەگەر ھەيۋەت بىلەن زېمىن ئۇركۇپ، يانار
كۆكلەر،
قۇدرەت كۆرسىتىپ قەھرىنى، ئالەمنى خاراب ئەيلەر.
ھازىر بول ئەجىلىڭگە، جېنىڭنى ئالغىلى كەلدىم!
ياخشىلىقچە ئامانەتنى تاپشۇرامسەن،
ياكى مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرامسەن؟

دېگەندە، تەلۋە تۇمرۇل قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى.
— قىزىل قاناتلىق ئەزرائىل دېگەن سەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.
— ھەئە، مەن، تەلۋە تۇمرۇل!
— باتۇر يىگىتنىڭ جېنىغا زامىن بولغان سەنمۇ؟
— شۇنداقتۇ، تەلۋە تۇمرۇل!
— ئەمدىغۇ قولغا چۈشكەنسەن؟ دېمەك، ئۆلۈمىڭگە تەشنا بولۇپ بۇ يەرگە ئېزىپ - تېزىپ كېلىپ قالغان ئوخشايسەن. ئەمدى سېنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇ يىگىتنىڭ جېنىنى ئازاد قىلمىسام!...
تەلۋە تۇمرۇل شۇنداق دەپ قىلىچىنى سىيرىغانىدى، قىزىل

قاناتلىق ئەزرائىل شۇئان بىر كەپتەر بولۇپ تۈڭلۈكتىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى...

تەلۋە تۇمرۇلنىڭ خۇشاللىقىدىن ئاغزى قۇلاقلىرىغا يەتتى. ئۇ يىگىتلىرىگە قاراپ:

— ئەي يىگىتلىرىم، ئەزرائىلنى شۇنداق قورقۇتتۇمكى، كەڭ دەرۋازىنى تاشلاپ تار تۈڭلۈكتىن قاچتى. ئۇ مېنىڭ قولۇمدا گويا كەپتەردەك بىر قۇش بولۇپ ئۇچتى. مەن ئۇنى قورغۇيغا ئالدۇرماي قويمايمەن! — دېدى.

ئۇ قورغۇيىنى قولىغا قوندۇرۇپ، ئېتىغا مىنىپ، ئەزرائىل-نىڭ جېنىنى ئالدىم دەپ تالاي كۆك كەپتەرنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا، قىزىل تونلۇق، قىزىل قاناتلىق پەرىشتە تۇيۇقسىز ئېتىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ، ئات ئۈر-كۈپ ئۇنى يەرگە ئۇردى. تەلۋە تۇمرۇلنىڭ بېشى يېرىلىپ هوشى-دىن كەتتى. ئەزرائىل ئۇنىڭ كۆكسىگە قونغانىدى، بايا ئىنجىقلى-غان بولسا، ئەمدى خىرقىراشقا باشلاپ:

ئەزرائىل ئاتا ئامان،
خۇدانىڭ بىرلىكىگە يوقتۇر گۇمان.
قىزىل شاراب ئىچىپتىمەن،
ئەقلىمدىن ئېزىپتىمەن،
يىگىتلىكىمگە ئېلىپتىمەن،
سىزنى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىمەن،
ئۆزۈمنى چاغلىماي لاپ ئېتىپتىمەن.
تاتلىق جېنىمغا زامىن بولماڭ،
سىزگە تىل تەگكۈزگۈچى بولمايمەن!

دەپ، بىر قوشۇق قېنىنى تىلىدى. ئەزرائىل:

— ئەي ئەخمەق، مەنمۇ بىر ئەمىر قۇلىمەن. ماڭا نېمىدەپ يېلىنىسەن؟ يېلىنساڭ ئاللاغا يېلىن! — دېگەندە، تەلۋە تۇمرۇل

يېڭىۋاشتىن توقۇمنى قارنىغا ئېلىپ:

— ھە. . . دېمەك، بىزگە جان بەرگەنمۇ، جاننى ئالىدىغانمۇ ئاللا ئىكەن - دە! ئۇنداق بولسا، سەن نېمىدەپ ئاللا بىلەن قۇلنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇۋالىسەن؟ يوقال كۆزۈمدىن، ئاللا بىلەن ئۆزۈم سۆزلىشىمەن، — دەپ، ئاللاغا ئىمان كەلتۈرۈپ، مەنمەنلىكنى تاشلاشقا ۋەدە قىلىپ:

ئۇلۇغلاردىن ئۇلۇغسەن،
شېرىكى يوق بىر ئاللا.
تېخى قانمىدىم بۇ دۇنياغا،
ئەي، ئاسمان - زېمىننى ياراتقان ئاللا!
جېنىمنى ئالساڭ ئۆزۈڭ ئال،
قويۇپ بەرمە شۇ ئەزرائىلغا!

دەپ يىلىنغاندا، ئاللانىڭ رەھمى كېلىپ، قىزىل تونلۇق بۇ پەرىشتىگە: «ئى ئەزرائىل، تەلۋە تۇمرۇل تەلۋىلىكنى تاشلىدى. بىرلىكىمگە ئىشىنىپ، بارلىقىمغا ئىمان كەلتۈردى. ئى ئەزرائىل، تەلۋە تۇمرۇل ئۆزىنىڭ ئورنىغا جېنىنى بېرىدىغان بىرىنى تاپسا، ئۇنىڭ جېنىنى ئازاد قىل…» دەپ خىتاب قىلدى.

ئەزرائىل ئاللانىڭ ئەمرىنى يەتكۈزگەندە، تەلۋە تۇمرۇل ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— خۇداغا مىڭ شۇكۇر، مېنى ئۆلتۈرمەسكە ئەمر قىپتۇ، لېكىن مەن ئۈچۈن جېنىنى بېرىدىغان كىم بار؟ بەرسە ئاتام بىلەن ئانام بېرەر. دەرۋەقە، ھەر ئىككىسىنىڭ بىر ئايىغى گۆرگە ساڭگىلىدى. قېنى، ئۇلارغا دەپ باقاي، — دېدى ۋە ئېتىنى چاپتۇرۇپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، قولىنى سۆيۈپ دۇئاسىنى ئالغاندىن كېيىن:

ئاقساقاللىق ئەزىز، ئىززەتلىك ئاتا،
بىلدىڭىزمۇ بېشىمغا كەلگەنلەرنى؟

كۈپۈر سۆزلەپ ئۇلۇغ خۇدا ئالدىدا،
تۇتۇلدۇم قىزىل قاناتلىق ئەزرائىلغا.
سىز ئەمدى كۆرىدىغىنىڭىزنى كۆرۈپ بولدىڭىز،
دەۋرانىڭىزنى سۈرۈپ بولدىڭىز.
مەن تېخى قانىدىم يىگىتلىكىمگە،
ئۆز جېنىم ئورنىغا جېنىڭىزنى سوراپ كەلدىم.
بەختىم ئۈچۈن جېنىڭىزنى بېرەمسىز،
ياكى ئوغلۇم دەپ كەينىمدىن يىغلاپ قالامسىز؟

دېگەندى، ئاتىسىنىڭ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ مۇنداق دېدى:

جان ئوغلۇم، جېنىم ئوغلۇم،
تۇغۇلغىنىڭدا توققۇز بۇغرا قۇربان قىلغان ئوغلۇم،
ئۆيۈمنىڭ تىرىكى، كېلىن، قىزلىرىمنىڭ گۈلى
ئوغلۇم.
يېشىل سۇمبۇللۇق تاغلىرىمنى بەر ئۇنىڭغا يايلاق
بولسۇن،
مۇزدەك سوغۇق بۇلاقلىرىمنى بەر ئۇنىڭغا ئىچەر
بولسۇن،
شاھباز ئاتلىرىمنى بەر ئۇنىڭغا مىنەر بولسۇن،
تۆگىلىرىمنى بەر ئۇنىڭغا كۆلۈك بولسۇن،
قويلىرىمنى بەر ئۇنىڭغا يېيەر بولسۇن،
مال - مۈلكۈمنى بەر ئۇنىڭغا خەرجلىك بولسۇن،
بارىم - يوقۇم يولۇڭغا پىدا بولسۇن،
دۇنيا شېرىن، جان تاتلىق،
جېنىمنى بېرەلمەيمەن بىلىپ قويغىن،
مەندىن ئەزىز، قەدىردان ئاناڭ بار،
بەرسە ئۇ بېرەر، ئېيتىپ باققىن.

تەلۋە تۇمرۇل ئاتىسىنى كۆندۈرەلمەي، ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

ئەي ئاقباش ئانا، جان ئانا،
نە خوۋلۇق كۆردۈم، كېلىپ دۇنياغا؟
قارىمامسىز نەلەر كەلدى بېشىمغا؟
ئەزرائىل جېنىڭنى بەر دەپ قوندى تېنىمغا.
بىر جان قەرزىم بار ئاللاغا،
بەختىم ئۈچۈن يىلىنىپ كەلدىم ئالدىڭىزغا.
جېنىڭىزنى بېرەمسىز جېنىم ئورنىغا؟
ياكى كەينىمدىن يىغلاپ قالامسىز ئوغلىڭىزغا؟

دېگەندە، ئانىسىمۇ ئەس - ھوشىنى يوقاتقان ھالدا:

قېنىمدا قېنىم، جېنىمدا جېنىم بار ئوغلۇم،
توققۇز ئاي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان ئوغلۇم.
ئالتۇن بۆشۈكتە ياتقان ئوغلۇم،
ئاق سۈتۈمنى ئەمگەن ئوغلۇم!
قەلئەلەردە تۇتۇلساڭ،
چاچلىرىمنى يا قىلىپ ئاتار ئىدىم.
ھارامىلەرگە[1] ئەسىر چۈشسەڭ،
ئالتۇن بېرىپ قۇتقۇزار ئىدىم.
دۇنيا شېرىن، جان تاتلىق،
مەنمۇ جېنىمغا قىيمايمەن ئوغلۇم!

دېگەندە، تەلۋە تۇمرۇلنىڭ يەتمىش ئىككى مىڭ تۈكى تەتۈر ئۆرۈل-
دى. شۇ ئەسنادا ئەزرائىل كېلىپ ئۇنىڭ كۆكسىگە قونۇپ:
— ئەي ئەخمەق، كۆردۈڭمۇ، ئاتاڭمۇ، ئاناڭمۇ قىيمىدى جې-

① ھارامى — قاراقچى.

ىنى، يولدىن تېپىۋالىدىغان نەرسە ئەمەس جان دېگەننى. تولا يورغىلىماي ئادا قىل ئۆز قەرزىڭنى، — دەپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالماقچى بولغاندا، تەلۋە تۇمرۇل بىردىن تىترەپ:
— توغرا ئېيتىسىز، ئەزرائىل ئاتا، جانجىگەردۇر ئاتا - ئانا. لېكىن، بۇ دۇنيادا ئوڭ كۆزدىن سول كۆزگە يوقتۇر ۋاپا. يەنە كىمگە نېمە دېيىشكە بارسۇن تىلىم، ئەمدى ئالىدىغىنىڭىزنى ئېبلىڭ. لېكىن، پانىي دۇنيادا بار بىر ھالىلىم، ئۇنىڭدىن بار ئىككى ئوغۇلچىقىم. ھەسرەت بىلەن كەتمىسۇن ئۇ دۇنياغا، بىر دەقىقە سۇرۇك بېرىڭ ماڭا. ئامانەت قىلاي، ھالال سۈت ئەمگەن شۇ خوتۇنۇمغا! — دېدى ۋە ئۇ بەختى قارىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ھەققىڭگە رازى بول ھالىلىم،
بىلەمسەن بېشىمغا كەلگەنلەرنى؟
ئەزرائىل ئاتا كۈتۈپ قالدى مېنى،
تېپىلمىدى مەن ئۈچۈن جان پىدا قىلغان بىرى.
تاپسام ئىدىم، نەسىپ قىلار ئىدى ساڭا ئاللا مېنى،
ئاتامدىن سورىدىم ئاتام بەرمىدى،
ئانامدىن سورىدىم، ئانام بەرمىدى،
كېتەر بولدۇم مەن ئۇ دۇنياغا،
قوزىلىرىم ئامانەت ئاۋۋال ئاللا، ئاندىن ساڭا.
ئۇلارنى ئېلىپ قانات ئاستىڭغا،
يېتىم قىلمىساڭ، قالمايدۇ كۆزۈم ئارقامدا.
بۇ ۋەسىيىتىمگە ئەمەل قىلساڭ،
بار - يوقۇم ھالال بولسۇن ساڭا:
ئات دېسەڭ، توپ - توپ،
تۆگە دېسەڭ قاتار - قاتار،
قوي دېسەڭ قوتان - قوتان...
باھار - ياز يايلاقلىرىمغا كۆچ،
مۇزدەك سوغۇق سۇلىرىمدىن ئىچ،

ئەگەر كۆڭلۈك بىرىنى تارتسا،
كۈنۈك كۈنۈمدىن، تويۇك تويۇمدىن بولسۇن ئەلا.
مەن يېتەلمىگەن مۇرادىمغا،
يېتىۋالغىن سەن شۇ يالغانچى دۇنيادا...

دېگەندە، خوتۇنىنىڭ ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە تومۇرىغا بىردىن ئوت چۈشۈپ شۇنداق دېدى:

نېمە دېدىڭ، كۆزۈم ئېچىپ كۆرگىنىم،
نېمە دېدىڭ، كۆڭۈل بېرىپ سۆيگۈنۈم،
سەندىن كېيىن قالار بولسام، شاھ يىگىتىم،
بۇ يالغانچى دۇنيادا نە ئەيلەيىن!
سەندىن كېيىن يايلىقىڭدا يايلار بولسام،
ئۇ ماڭا مازار بولسۇن.
بۇلاقلىرىڭدىن ئىچەر بولسام،
سۇلار ئۆز قېنىم بولسۇن.
ئاقچاڭنى خەجلەر بولسام،
ئۇ ماڭا كېپەن بولسۇن.
ئاتلىرىڭغا مىنەر بولسام،
ئۇ ماڭا تاۋۇت بولسۇن.
ئۆزگە يار سۆيەر بولسام،
سۆيگۈنۈم يىلان بولسۇن!
ئامان يىگىتىم ئامان،
نە نامەردمىش ئاتا - ئاناڭ...
ئاسمان - زېمىن ئاڭلىسۇن،
شاھىت بولسۇن ياراتقان.
جېنىم ساڭا پىدا بولسۇن،
بېشىم يولۇڭغا قۇربان!

دەپ رازىلىق بىلدۈردى. قىزىل قاناتلىق ئەزرائىل كېلىپ خوتۇن-نىڭ جېنىنى ئالغىلى تىكىلگەندە، تەلۋە تۇمرۇل ھەقتائاللاغا يېلى-نىپ مۇنداق دېدى:

ئەي، ئەرش - زېمىننى ياراتقان ئاللا،
راۋامۇ شۇ ئاق كۆكۈلنىڭ جېنىنى ئېلىش، مېنىڭ ئورنۇمغا؟
ئالساڭ ئىككىلىمىزنى ئال، ئالمىساڭ ئىككىلىمىز-نى قوي،

بىر - بىرىمىزدىن ئايرىما.
ئۆمرىمىزگە ئۆمۈر قوشساڭ،
ئىلتىپاتىڭدىن نە كەم بولغاي؟
بۇ مۇرادىمىزغا يەتكۈزگىنىكى،
مەنمۇ زىممەمدىكىنى ئادا قىلاي:
ھەر يول ئاغزىغا ساراي سالاي.
يېتىم كۆرسەم يېگۈزەي،
يېسىر كۆرسەم تويدۇراي،
يالىڭاچنى كۆرسەم كىيدۈرەي.

تەلۋە تۇمرۇلنىڭ چىن دىلىدىن ئېتىقاد باغلاپ، ئۆز ئاغزى بىلەن توۋا قىلغانلىقى ئۇچۇنمۇ ياكى خوتۇنىنىڭ ئاق كۆكۈللۈكى-دىنمۇ، ئۇلۇغلار ئۇلۇغى ئىلتىپاتىدىن ئىككى قەترە ئېھسان ياغ-دۇرۇپ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلىدى ۋە ئەزرائىلغا: «ئەي، قىزىل تونلۇق، قىزىل قاناتلىقىم، مەنمەنلىكنى تاشلاپ، ئىنسان-دەك ياشاشقا ئەھدۇپەيمان ئەيلىگەن بۇ قۇللىرىمغا يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر بەردىم. بۇلارنىڭ ئورنىغا دەرھال بېرىپ ئاتا - ئانىسىنىڭ جېنىنى ئالغايسەن. . . » دەپ نىدا قىلدى.

ئەي ئاللا، نېمىگە قادىر ئەمەسسەن!

تەلۋە تۇمرۇلنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆز جىگەر - پارىلىرىدىن

ئايغان جاننى بىر نەپەستە ئەزرائىلغا تاپشۇردى. تەلۋە تۇمرۇل جان قەددىنىسى بىلەن يۈز قىرىق يىل ئۆمۈر سۈردى. ئۇلار نە بىرىنىڭ بىر تال مويىغا تەگمىدى، نە بىر چۈمۈلىگە ئازار بەرمىدى. بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ مۇرادىغا يېتىشتى.

قورقۇت كېلىپ قوشاق قوشۇپ، بېيىت ئېيتىپ، «بۇ داستان تەلۋە تۇمرۇلنىڭ بولسۇن. مەندىن كېيىن سازلارغا ئېلىنىپ تىللاردا داستان بولسۇن، پېشانىسى ئوچۇق مەرد يارەنلار ئاڭلىسۇن!» دەپ، خانلار خانىغا بەش كەلىمە دۇئا قىلدى:

«ئالدىڭدىكى قارا تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن، بۈك ـ باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! مۈزدەك سوغۇق سۇلىرىڭ قۇرۇمىسۇن! ئاللا ھېچكىمنى نامەردكە موھتاج قىلىپ، ئاڭا ئالىقان ئاچتۇرمىسۇن! گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەد ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن! ئامىن دەيلى، ئامىن دېگەنلەرنى ئاللا ئىماندىن ئايرىمىسۇن…»

# قانلىق خوجا ئوغلى قانتۇر ئەلى

بۇرۇنقى زاماندا، ئوغۇزلارنىڭ يۇرتىدا قانلىق خوجا دېگەن ياشانغان، نامى چىققان ئاللانىڭ بىر قۇلى ئۆتكەنىدى. بۇ كىشى-نىڭ دۇنيادا بار - يوقى قانتۇر ئەلى ئىسىملىك بىرلا ئوغلى بار ئىدى. ئاللا نەزەردىن ساقلىسۇن، ئۇ تاغدەك بىر يىگىت ئىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، قانلىق خوجا بىر زامانلاردا بىللە ئوۋ ئوۋلىغان، قوش قوشلىغان دوست - يارەنلىرى بىلەن يارەنلىشىپ ئولتۇرۇشقاندا، قانتۇر ئەلىمۇ ئۇلارنىڭ يېنىدا خىزمىتىگە هازىر بولۇپ، سۇ دېگەنگە سۇ، ئوت دېگەنگە ئوت يەتكۈزۈپ بەرگەچ، قول قوشتۇرۇپ ئۆرە تۇراتتى. ئۇ دادىسىغىمۇ بىر كاسا سۇ بەرگە-نىدى، دادىسى سۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن:

— ئىلاهىم، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن ئوغلۇم. سۆيۈڭنى هەر يۇتقىنىمدا يۇرىكىم بىر قات ياغ باغلىدى. بىراق، پايدىسىز! ئاتام ئالەمدىن ئۆتتى، مەن قېلىپ يۇرت - ماكانىغا ۋارىسلىق قىلدىم. مانا ئەمدى مېنىڭمۇ بىر ئايىغىم ئۇ دۇنيادا، ئەتە - ئۆگۈن مەن كېتىمەن، سەن قالىسەن. كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا سېنىڭ بېشىڭنى ئوڭلىماي كەتسەم، ئىككى كۆزۈم ئارقامدا قالىدۇ. سەن «هە - هۇ» دېگىن - دە، مەنمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە، چامىمنىڭ يېتى-شىچە هالال سۇت ئەمگەن بىرى بىلەن بېشىڭنى باغلاپ. بەختى - پېشانەڭدىكىنى كۆرەي ••• — دېگەنىدى، يۈزى ئېچىلمى-غان بۇ يىگىت ئىزا تارتقىنىدىن شۇنداق قىزىرىپ كەتتىكى، بېشىدىن بىر چېلەك قايناق سۇنى قۇيۇۋەتكەندەك بولۇپ، يەرگە كىرەي دېسە، يەر قاتتىق، ئاسمانغا چىقاي دېسە، ئاسمان يىراق

كەلدى. لېكىن، دادىسى بىر ياندىن، دادىسىنىڭ يېنىدىكىلەر بىر ياندىن تەسەللى بېرىشكەندى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ئەي خوجا ئاتا، ساقاللىرى ئاق ئاتا، تىلىڭىز قانداق باردى، ئۆلۈمنى ئاغزىڭىزغا ئېلىشقا؟ ئاللا ئۆمرىمىزدىن ئېلىپ ئۆمرىڭىزگە قوشسۇن، بۇ قايغۇلۇق كۈنلەرنى هارام قىلسۇن. كۈنىمىزنىمۇ كۆرگەيسىز، تويىمىزنىمۇ، نەۋرىلىرىڭىزنىمۇ كۆرگەيسىز، چەۋرىلىرىڭىزنىمۇ، ئىنشائاللا... — دېگەندىن كېيىن جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئى ئاتا، مېنى ئۆيلەپ قوياي دەيسىز، لېكىن ماڭا قانداق قىز ئېلىپ بەرمەكچىسىز؟ كۆڭلۈم ئۇنداق قونۇپ يۈرمەس، شاختىن ـ شاخقا! مەن بىلەن بىر ياستۇققا باش قويىدىغان قىز ئويغىنىشى كېرەك، مەن ئويغانماستا، ئاتلىنىشى كېرەك، مەن ئاتلانماستا. قارىمايمەن يۈز ـ كۆزى ئوپا ـ ئەڭلىك، ئون بارمىقى خېنىلىك قىزلارغا! — دەپ كېسىپ جاۋاب قايتۇردى.

قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ ئاغزىدىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— ياشا ئوغلۇم، سەن كۆڭلۈڭنىڭ خۇشلۇقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سايىسىدا سايىدىغۇدەك بىر باتۇر خوتۇن ئىزدەيدىكەنسەن. خوپ، بۇنداق خوتۇننىڭ قاندىقى كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— نە ئەيلەيكى ئاتا؟ — دېدى ئوغلى يەنە كەسكىن هالدا، — قېشى قەلەم قارىسى، كۆزى بادام غورىسىدەك قىزلارنى ئالسام بولاتتىمۇ؟ بۇنداقلار قاشلىرىنى يا قىلىپ، كىرپىك ئوقى ئېتىشتىن باشقا نېمىنى بىلىدۇ دەيسىز؟ راستىنى ئېيتسام، ئۇلارنىڭ سازىنى ـ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كۆرە، بىر تاشنى ياستۇق قىلىمەنكى، ئۇنداقلار بىلەن بىر ياستۇققا باش قويمايمەن. ئەڭ ياخشىسى، مەن بىلەن شۇنداق ئەر ـ خوتۇن بولغۇدەك بىر قىز تېپىڭكى، ئۇ كۆڭلۈمگە جور، يولۇمغا يولداش بولسۇن، تۇر دېگەن يەردە تۇرسۇن، ئۆل دېگەن يەردە ئۆلسۇن!

قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ قەتئىي پوزىتسىيىسىنى كۆرۈپ، يېنىدىكى يارەنلىرىگە قارىدى، ئۇلارمۇ قانتۇر ئەلىنىڭ كېيىنكى

سۆزىگە دىققەت قىلغانىدى.
— ئەي قانلىق خوجا ئوغلى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى، — ئالىدىغان قىزىڭ ئېرىم - نومۇسۇم دېسۇن، ئۆيى - ئوچىقىنى بىلسۇن ۋە يەنە قانداق بولسۇن دېسەڭ شۇنداق بولسۇن. گۈل سېنىڭ، كۆڭۈل سېنىڭ. ئەلدە قىز يوق ئەمەس، بۈگۈندىن قىزىقى يوق، تۆمۈرنى قىزىقىدا سوق. بار، ئىزدە، ياقتۇرغىنىڭنى ئال. ئاتاڭمۇ زىممىسىگە چۈشكەننى قىلار، بىزمۇ قولىمىزدىن كەلگەننى ئايىمايمىز، — دەپ مەدەت بېرىشتى.
قانتۇر ئەلىنىڭ چىرايى تەبەسسۇملەندى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سورۇندىكىلەرنىڭ قولىنى سۆيۈپ، قىرىق يىگىتنى يېنىغا ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇ سەھەر، بۇ ئاخشام ... يايلاقنىڭ قارلىقى، ئوينىڭ تاشلىقى دېمەي، ئىچ ئوغۇزنىڭ ھەممە يېرىنى ئارىلاپ چىقتى. قىزلارنىڭ قەلەم قاشلىقى، سۇمبۇل چاچلىقى قالمىدى، ئۇلارنىڭ يېنىدا قوندى، مۇڭداشتى، ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ گۈزەللىكلىرىدىن بىرەر قۇسۇر تاپالمىدى. بىرىنىڭ سۇدەك ئېقىشى بولسا، بىرىنىڭ ئوتتەك يېقىشى بار ئىدى. بىراق، ھېچقايسىسىنىڭ ئات مىنىشى، ئوق ئېتىشى كۆڭلىگە ياقماي، قانداق بارغان بولسا شۇنداق قايتىپ كەلدى.
— ئىزدىگىنىڭنى تاپتىڭمۇ ئوغلۇم؟ — دەپ سورىدى ئاتىسى.
قانتۇر ئەلى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:
— قۇرۇسۇن بۇ يۇرت ئاتا، دىتىمغا ياققۇدەك بىر قىز تاپالمىدىم، — دەپ ھەسرەت قىلغىنىدا، قانلىق خوجا بېشىنى لىڭشىتىپ:
— ئەي ئوغلۇم، ئۆي بىر غېرىچ، يايلاق بىر غۇلاچ. بۇنداق ئالىقانچىلىك يەردىن سىرتقا چىقماي تۇرۇپ ئىزدىگىنىڭ تېپىلامدۇ... سەن مال - ۋارانلىرىمىزغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇر، مەن بىر ئارىلاپ چىقاي. خېلى بوپتۇ، نە ئوۋ ئوۋلىماپتىمەن، نە قۇش قۇشلىماپتىمەن. قوينىڭ - قوزىنىڭ يېنىدا ياتا - ياتا يانلىرىم يېغىر بولدى. يول يۈرسەم ئاياغلىرىمغا قان يۈگۈرەر.

پېشانەڭگە يېزىلغان بولسا، سەن ئىزدىگەن ئۇ «كېپىك» تاغدا -
بەلدە ئالدىمىزغا چىقار، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

شۇنداق قىلىپ، كۈنلەردىن بىر كۈنى قانلىق خوجا خۇ-
شال - خۇرام ئورنىدىن تۇرۇپ ئېتىغا مىندى ۋە ئاقساقاللىق
يارەنلىرىنى يېنىغا ئېلىپ يولغا چىقتى. ماڭدى - ماڭدى،
دەريا - تۆپىلەردىن ئۆتتى، ئالتە ئاي ياز بىلەن بىر كۈز يول
مېڭىپ، ئىچ ئوغۇزنى كەزدى، قىز تاپالمىدى. سىرت ئوغۇزنى
ئارىلىدى، يەنە تاپالمىدى. مانا - ئەنە دەپ ترابزونغا بېرىپ
چۈشتى.

ترابزون[1] ئەمىرىنىڭ سەلجانىبانۇ ئىسىملىك تىللاردا داستان
بىر قىزى بار ئىكەن، گۈزەللىكتە ھېچكىم ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتەلمەي-
دىكەن. ئايغا تەڭلەشتۈرسە كۈن بولۇپ تۇغىدىكەن، باتۇر دېسە
باتۇر دېگۈچىلىكى بار ئىكەن. ئوڭىغا، سولىغا جۈپ يا ئاتىدىكەن.
ئاتقان ئوقى زايە كەتمەيدىكەن... ئىخ، كىمنىڭمۇ كۆڭلى چۈشمە-
سۇن! ئۇنىڭغا كۆز تىككەنلەر كۆك يۈزىدىكى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپ
ئىكەن. كىشىلەر ئوڭ كۆزلىرىدىن سول كۆزلىرىگە بەرگۈسى
كەلمىگۈدەك گۈزەل بولغىنى ئۈچۈن، ئۇنى ئالىمەن دېگەن يىگىتكە
ئەمىرنىڭمۇ كۆرۈلمىگەن بىر شەرتى بار ئىكەن. ئۇ قىزلىرىنىڭ
يېنىغا ئۈچ يىرتقۇچ ھايۋان قويغانمىش. كىم بۇلارنى ئۆلتۈرۈپ،
قانلىرىنى شەربەتتەك ئېقىتسا، بۇ قىزنى ئۇنىڭغا بېرەرمىش،
ئۆلتۈرەلمىسە ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالارمىش. بۇنىڭ بىلەن، ئوتتۇز
ئىككى كۇپار بېگىنىڭ ئوغلىنىڭ كاللىسى تېنىدىن جۇدا بوپتۇ.
بۇ يىرتقۇچلارنىڭ بىرى قارا بۇقا، بىرى قارا بۇغرا، يەنە بىرى
بوز ئارسلان ئىكەن.

ھېلىقى ئوتتۇز ئىككى باش ئارسلان بىلەن بۇغرانى كۆرمەي
تۇرۇپ بۇقىنىڭ مۈڭگۈزىدە جان بەرگەن بولۇپ، قەلئەنىڭ بېشىغا
ئېسىپ قويۇلغانىدى. قانلىق خوجا بۇ باشلارنى ۋە يىرتقۇچ ھايۋان-
لارنى كۆرۈپ پاچىقىغا پىت چۈشتى. ئۇ «قايتىپ ئوغلۇمغا خەۋەر

① ترابزون — قارا دېڭىزنىڭ شەرقىدىكى بىر چوڭ شەھەر.

قىلاي، بىڭىسى بولسا كېلىپ ئالسۇن، بولمىسا ئۆيدىكى قىزغا رازى بولسۇن» دەپ ئويلاپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇرىدى، يارەنلىرىمۇ ئاتلىرىنى قامچىلاپ يۇرت ـ يايلاقلىرىغا يېتىپ كەلدى.

قانتۇر ئەلى ئاتىسىنىڭ قايتىپ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، قىرىق يىگىتى بىلەن ئالدىغا چىقىپ ئۇنىڭ قولىنى سۆيدى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا ئېغىز ئاچماي، ھەممەيلەن تارقىشىپ، ئاتا ـ بالا ئىككىيلەن قالغاندا:

— سادىغاڭ كېتەي جان ئاتا، ماڭا يارايدىغان قىزنى تاپتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئاتىسى:

— تاپتىم ئوغلۇم، بىڭىسىڭ بولسا... — دېدى.

— تىللا، تەڭگە ئىزدەمدىكەن، ئات ـ تۆگىمۇ؟ — دېدى قانتۇر ئەلى.

— ئوغلۇم، ماھارەت كېرەك، ماھارەت... — دېدى يەنە ئاتىسى.

— ئاتا، يايلى قارا غاز بويۇن ئېتىمنى ئېگەرلەي، قانخور كۆپار ئېلىگە سەلدەك باراي، كاللا كېسىپ قان تۆكەي، كۆپارغا قان قۇستۇراي، ھۇنىرىمنى كۆرسىتىپ قىزنى ئالاي... — دەپ جاۋاب قايتۇردى ئوغلى تاقەتسىزلىك بىلەن.

— ئىزدىگەن تاپماي قالمايدۇ، لېكىن ئوغلۇم، تېپىلغاننىڭ ھەممىسى قولغا كېلەمدۇ ـ كەلمەمدۇ؟... — دەپ ياپتا گەپ قىلدى قانلىق خوجا.

قانتۇر ئەلى بۇنىڭدىن بىر مەنە چىقىرالماي يەنە:

— ئاپئاق ئاتا، ئاقساقال ئاتا، تىلىڭىزنىڭ تېگىدىكىنى ئېيتىۋېرىڭ. ئاللانىڭ ئەمرىگە قىلىچ كۆتۈرۈپ چىقسا، قىلىچىمنى ئېلىپ ئالدىغا باراي؛ تويلۇقنى ئېغىر سالسا، ئاق تەڭگە ئۇستىگە بوي بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرەي، دىمىغى ئۇستۇن بولسا، تۆگە ـ تۆگە تاۋار ـ دۇردۇن ئېلىپ باراي! — دېگەندە، ئاتىسى:

— ئۇنداق ئەمەس ئوغلۇم، ئالدىمىزغا نە قىلىچ بىلەن قالقان تۇتۇپ چىققىنى يوق، نە تەڭگە بىلەن تىللا ئىزدىگىنى يوق.

قۇلىقىڭنى دىلىڭ تۇت: بارغان يېرىمىز ترابزون، ئاڭلىغىنىمىز ترابزون ئەمىرىنىڭ قىزى. لېكىن يېقىن دېمە، يىراق. ئاسان دېمە، بىر مۇشكۇلات. قۇش ئۇچماس تاغلىرى بار، كارۋان كەزمەس يوللىرى، يىلان ئۆتمەس ئورمانلىرى. . . قۇش بولۇپ ئۇچالمايسەن، كارۋان بولۇپ كېزەلمەيسەن، يىلان بولۇپ ئۆتەلمەيسەن. ئۇ يەرگە بارىمەن دېسەڭ، تاغدا، بەلدە قېلىشمۇ بار، بۇ بىر! ترابزونغا باردىڭ، خان هۇزۇرىغا چۈشتۈڭ دەيلى، سەلجانبانۇ يۈزىنى ئېچىپ، سازىنى چېلىپ ئالدىڭغا كۈلۈپ چىقمايدۇ! بۇ قىز قەپەستىكى قۇش ئەمەس، قازاندىكى ئاش ئەمەس، ئۇيقۇدىكى چۈشتەك ئۈچ يىرتقۇچنىڭ بىرىنىڭ ئاغزىدا! بۇ قىزنى بۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئالالىساڭ ئالدىڭ، بۇ بېشىڭنى بۇ يولدا بەرمەكمۇ بار، بۇ ئىككى! — دەپ ئۇقتۇرغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

ئۆيۈمنىڭ تىرىكى ئوغلۇم،
ئوغۇز ئېلىنىڭ پۈكۈلمەس بىلىكى ئوغلۇم!
بىر قىز ئۈچۈن ئۆلمەك راۋامۇ؟
بۇ سەۋدادىن ۋاز كەچ ئوغلۇم!
ساڭا تېپىلمىغان ئۆزگىگە يار بولسۇن،
يامان يەرگە جابدۇدۇڭ، بارما ئوغلۇم،
ئاق ساقاللىق ئاتاڭ بىلەن ئاق چاچلىق ئاناڭ-
نى يىغلاتما ئوغلۇم!

بۇ گەپلەر قانتۇر ئەلىنىڭ قۇلىقىغا كىرسۇنمۇ! ئۇ ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي:

ئەي مېنىڭ ساقاللىرى ئاق ئاتام،
نېمىلەرنى دەۋاتىسىز جان ئاتام،
يولۇمنى توسۇيدىغان ئادەم بۇنى ماڭا نېمىشقا ئېيتقان؟
ئاڭلاپ تۇرۇپ بارمىسام بۇ دىيار ماڭا زىندان!

ئۆلۈمدۈر ماڭا ئۆز بېشىمدىن قورقسام!
باغلاپ قويسىمۇ تۇرماسمەن راستىنى ئېيتسام!
قۇش ئۇچماس تاغلىرىدىن شامال بولۇپ ئۆتەي ئاتا!
كارۋان كەزمەس يوللىرىنى سەل بولۇپ كېزەي ئاتا!
يىلان ئۆتمەس ئورمانلىرىنى ئاتەش بولۇپ ياقاي ئاتا!
ئاۋۋال ئاللا، ئۇچ يىرتقۇچنىڭ ئۇچىلىسىنى يەرگە
ئاتاي ئاتا!
كۆز تىكىپ كۆڭۈل ئالغان گۈزىلىنى قۇچاقلاپ سۆيەي
ئاتا!
قىلىچ تۇتۇپ قالقان ئويناتقان لەشكىرىنى قىراي ئاتا!
بۇ يولدا ئۆلسەم شېھىت، قالسام غازى،
خوش قېلىڭلار بەگ ئاتا، ئاقباش ئانا!

دەپ، ئاتىسى بىلەن ئانىسىنىڭ ئالدىغا باردى. ئۇلارنىڭمۇ ئوغلىنىڭ غۇرۇرىغا نۇقسان كەلتۈرگۈسى كەلمىدى.

— بار ئوغلۇم، يولۇڭ ئوچۇق بولسۇن. خۇرسەن بولۇپ بار، مەمنۇن بولۇپ يان. ئامان بېرىپ، ئېسەن قايت. يىگىت يېنىڭ يەرگە تەگمىسۇن! — دەپ دۇئا قىلىپ ئۇنىڭغا ئاق يول تىلىدى.

قانتۇر ئەلى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قولىنى سۆيۈپ، قىرىق يىگىتىنى يېنىغا ئېلىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن يەلدەك ئۆتۈپ، كۇپارنىڭ چېگرىسىغا يېتىپ بېرىپ، باغدىن، باغچىدىن كۆڭۈللۈك بىر بوستانلىققا چۈشتى. ئۇ يەردە بارگاھ قۇرۇپ بىكار ياتمىدى. بىر كۈن ئات چاپتۇرسا، بىر كۈن ئوق ئاتتى. ئاشىقلىرى[1] بىلەن نۆۋەتلىشىپ تاڭ ئاتقۇچە قوۋۇز چېلىپ بېيىت ئېيتىشتى:

ئەي قىرىق ھەمرىھىم، قىرىق يولدىشىم،
يۈگۈرۈك بولسا چېپىشسام،

① ئاشىق — قوشاقچى، خەلق شائىرى.

كۆچلۆك بولسا چىلىشسام،
ئۇلۇغ ئاللا مەدەت بەرسە،
ئۈچ يىرتقۇچنى ئۆلتۈرسەم.
گۈزەللەر شاھى —
سىرىق كىمخابلىق سەلجانبانۇنى ئالسام،
ئەي قىرىق ھەمرىھىم، قىرىق يولدىشىم،
قىرىقىڭلارغا قۇربان بولسۇن بېشىم!

ئۈچ كۈن، بەش كۈن ئۆتتى. بۇ خەۋەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتۈپ، ترابزون ئەمىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ باردى.

«ئوغۇزلاردىن قانتۇر ئەلى ئىسىملىك بىر يىگىت سەلجانبانۇنىڭ يولىغا باش قويۇپتۇ. ئۇ تاكى چېگرىمىزغىچە كەپتۇ...»

ترابزون ئەمىرى ئۆزىدىن باشقىلارنى ياقتۇرمايدىغانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئەل يامانمۇ، بەگ يامانمۇ، نە بىلسۇن؟ ئادەملىرىگە قول شىلتىپ:

— ئەي قۇللىرىم، قۇربانلىرىم، — دېدى، — ئەجىلىگە تەشنا بولغانلاردىن بىرى كەپتىمىش. بارىكاللا، تاش كەلسە قەلئە ياسايلى، باش كەلسە قەلئەگە ئاسايلى. پەقەت يىگىتلىك يەنە بىزدە قالسۇن. بېرىڭلار، ئۇلارنى قىزىل چېدىرغا چۈشۈرۈپ راسا كۈتۈپ قويۇڭلار! — دەپ قايتا - قايتا تاپىلىدى.

بەگنىڭ ئەمرى يەردە قالسۇنمۇ! بۇنىڭ ئارقىسىدا بىر قانلىق ئويۇن باردەك قىلاتتى... ئۇلار دەرھال يولغا چىقىپ، قانتۇر ئەلى بار يەرگە يېتىپ كەلدى. قارىغۇدەك بولسا، ئەمىر سەل قارىغان بۇ ئادەملەر بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان جەسۇر يىگىتلەر ئىدى. ئەمىرنىڭ ئادەملىرى قورققىنىدىن كالپۇكلىرى تىترەپ كەتتى. «سىلەرنىڭ يىگىت بېشىڭلار كىم؟» دېيىشكىنمۇ تىلى بارماي، يەتتە يەردە تەزىم قىلىپ، سەككىزىنچىسىدە ئالدىغا كېلىشتى. توققۇزىنچىسىدا قانتۇر ئەلىنى تونۇپ، ئونىنچىسىدا قوللىرىنى قوشتۇرۇپ تىك تۇرۇشتى ۋە ئەدەپ بىلەن سالماقلىق سۆز باشلاپ:

— شاھ يىگىت، شاھۋاز يىگىت، ترابزون ئەمىرىنىڭ سالىمى بار. ئۇ بىزنىڭ بېگىمىز، بىزمۇ ئۇنىڭ قۇلى. ئېغىز بىزنىڭ، سۆز ئۇنىڭ ...— دەپ ئىككى ئېغىز بىرنېمە دېگەندىن كېيىن، ئالدىغا چۈشۈپ قىرىق يىگىتنى ترابزونغا باشلاپ كەلدى ۋە قىزىل ئوتاق تىكىپ، ئاستىغا قىزىل گىلەملەر سالدى. قوي - قوزىلار سويدۇرۇپ، ھاراق - شارابلار سۇنۇشتى. شۇنداق ئۈچ كېچە - كۈندۈز مېھمان قىلغاندىن كېيىن، بۇلارنى ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

ئەمىر تەختىدە ئولتۇراتتى، ساۋۇت كىيگەن يۈز كۆپار يېنىدا تەق تۇراتتى.

قانتۇر ئەلى كېلىپ، قارا قالپاقلىق ئەمىرگە سالام بېرىپ گىلەمدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى.

ترابزون بېگى بىر - بىرىدىن قاۋۇل بۇ قىرىق يىگىتنى ۋە قىرىق يىگىتنىڭ بېشى بولغان قانتۇر ئەلىنى كۆرۈپ، گويا ھېچ- نېمىدىن خەۋىرى يوقتەك:

— ئەي شاھ يىگىت، شاھۋاز يىگىت، قايسى تاغدىن كەلدىڭ قىرىق يىگىتنى كەينىڭگە سېلىپ؟ بىزدە بارمىدى يوقتۇرىدىغان بىرەر ئىشىڭ؟ بارمىدى يا سودىگەرلىرىمىزدە ئېلىش - بېرىشىڭ؟ — دەپ سورىدى.

قانتۇر ئەلى ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇيان - بۇيان مېڭىپ:

— ئەي خان بېگىم، خانىمان بېگىم، بۇنى ئېيتمىشقا بارمايدۇ تىلىم. ئوغلى بولغان ئۆيلەيدۇ، قىزى بولغان چىقىرىدۇ. ئاتا - ئانا پەرزەنتىنىڭ بەخت - پېشانىسىدىكىنى كۆرۈشنى ئويلىمامدۇ؟ — دېدى ۋە قوۋۇزىنى قولىغا ئېلىپ مۇنداق بېيىت ئېيتتى:

ئەي بېگىم، بىزنىڭ ئەل ئوغۇز ئېلى،
بال بىلەن قايماقتۇر تىلى.
باھار - ياز ئېچىلغاندا غۇنچە - گۈللىرى،
سايرىشار باغلىرىدا بۇلبۇللىرى.

كېزىلمەس تاغلارنى كېزىپ كەلدىم،
ئۆتەلمەس سۇلاردىن ئۆتۈپ كەلدىم.
سەلجانبانۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ،
ئەجەل شەربىتىنى ئىچىپ كەلدىم.

ترابزون بېگىنىڭ قولى سازغا بارماي قالدى.

— باتۇر يىگىت، پالۋان يىگىت، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇنداق ساز بىلەن ئېيتىشالمايمەن. سۆز بىلەن بايان قىلاي: بۇ دۇنيادا ئوغلى بولغان ئۆيلەيدۇ، قىزى بولغان چىقىرىدۇ. ئاتا - ئانا بولغۇچى ئۆز پەرزەنتىنىڭ بەخت - پېشانىسىنى ئويلىماي قالامدۇ؟ لېكىن، مېنىڭ قىزىم سەن بىلگەندەك قىز ئەمەس. ھەركىمنىڭ بېشىغا تۇغىدىغان ئاي ئەمەس، يۇلتۇز ئەمەس! ياراتقان يالغۇز ياراتمىدى. بىراق، بۇگۇنگىچە تېپىلمىدى ئۇنىڭ تەڭتۇشى. ئەشەنمىسەڭ شۇ قەلئەنىڭ تېشىغا باق، ئۇنىڭ يولىدا ئۆلگەنلەرنىڭ بېشىغا باق. سەنمۇ ئۇنىڭ يولىغا بېشىڭنى قويغانىكەنسەن، پىدا بولسۇن. بىراق، ئۇنىڭ ئىشىكىدىكى يىرتقۇچلار سەن بىلىدىغان ھايۋان ئەمەس. تاتلىق جېنىڭغا زامىن بولما!

قانتۇر ئەلى ترابزون بېگىنىڭ ساز بىلمەيدىغىنىنى كۆرۈپ، ئۇنى يەنە بىر قېتىم سۆزدە چېكىپ باقتى:

— بېگىم، سىزنى بەگ دەپ بىلىپ كەلدىم، قول - قانىتىڭىزغا سېغىنىپ. ئاللانىڭ ئەمرى، پەيغەمبەرنىڭ سۈننىتى بىلەن قىزىڭىزنى بەرسىڭىز بېرىڭ، قانلىق ئويۇن چىقارماي، يىرتقۇچلىرىڭىزغا ئىشىنىپ. قانلىق خوجا ئوغلى دەيدۇ مېنى، شۇنچىلىك ئېيتاي سۆزۈمنى، ئەمدى قىلىڭ بىلگىنىڭىزنى! — دېدى.

ترابزون ئەمرى قانتۇر ئەلىنىڭ تىغدەك سىياقىنى كۆرۈپ، ئادەملىرىگە بۇرۇلۇپ قاراپ:

— ئەي قۇللىرىم، قۇربانلىرىم، بۇ يىگىت ئوغۇز ئەللىرىدىن كەلگەنمىش. سۆزىدىغۇ يۇگۇرۇك ئىكەن، تىلىدىن كەلگەن قولىدىن كېلەمدۇ، كۆرۈپ باقايلى! قېنى سورۇن تۈزۈلسۇن. خالايىق

يىغلىسۇن...— دەپ، ئەمر ئۈستىگە ئەمر ياغدۇردى.

بىر چاي قاينام ۋاقىت ئۆتكەن - ئۆتمىگەن ئەسنادا، داقا - دۇمباقلار ئۇرۇلدى، مەيداننىڭ ئىككى بېشىغا ئىككى چېدىر قۇرۇلدى. ئۇلارنىڭ بىرى ئاق، بىرى قىزىل چېدىر بولۇپ، ئاق چېدىر بەگ چېدىرى، قىزىل چېدىر بولسا تاماشا كۆرۈش چېدىرى ئىدى. ترابزون بېگى قۇلى - قۇبانلىرىنى جەم قىلىپ بەگ چېدىرىدىن ئورۇن ئالدى. سەلجانبانۇمۇ قىز دېدەكلىرىنى كەينىگە سېلىپ كېلىپ، تاماشا كۆرۈش چېدىرىدىن ئورۇن ئالدى. خالايىقمۇ «بەگكە تاماشا لازىم، مېنىڭ نېمە كارىم» دېمەي، ھەممىسى دېگۇدەك كېلىشتى. مەيداننىڭ ئىككى يېنىغا ئىككى قارا ئۆي قاتارلاندى. شۇ ئەسنادا، قانلىق خوجا ئوغلى قانتۇر ئەلى بېلىگە كاناپتىن بەلۋاغ باغلاپ، قىرىق يىگىتنىڭ ئارىسىدىن مەيدانغا سۆرىغۇرۇلۇپ چىقتى.

ئۇ كۈنى سەلجانبانۇ سېرىق كىيىنگەن، قىرىق قىزنىڭ قىرىقىلىسى قىزىل كىيىنگەن بولۇپ، بۇلار باشلىرىنى ئۇزىتىپ، «بۈگۈن بېشىدىن ئايرىلىدىغان بۇ يىگىت كىمدۇ؟» دېيىشىپ قاراپ تۇرغىنىدا، بىردىن قەددى - قامىتى كېلىشكەن، سۇباتلىق بىر يىگىت كۆرۈنمەسمۇ! ھەممىسىنىڭ بارمىقى ئاغزىدا قالدى. سېرىق كىمخابلىق سەلجانبانۇنىڭمۇ يۈرىكىدىن قان كېتىپ، قارىغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. قارىغانغا كۆزى تويسۇنمۇ! ئىزا - نومۇسنى بىر ياققا قايرىپ، قىزلارغا ئېگىلىپ:

— ئەي قىرىق قىزىم، قىرىق سىرداشىم، شۇ يىگىتكە قۇربان بولسۇن جېنىم! قاراڭلارچۇ، قانداق ئانا تۇغقاندۇ ئۇنى؟ بىر قارىۋىدىم، يۈرىكىم ئوينىدى، يەنە بىر قارىۋىدىم، قېنىم قاينىدى. ئېھ، سادىغاڭ كېتەي، مېنىڭ قەلبىمگە تۇغۇلغان ئاي بىلەن كۈن مانا مۇشۇ! ئۇلۇغ تەڭرى ئاتامنىڭ كۆڭلىگە رەھمەت ئەيلىسە، شۇ يىگىتنى يىرتقۇچلارغا يەم قىلىپ بەرگۈچە، نىكاھىمنى قىلىپ مېنى ئۇ يىگىتكە بەرسە نە بولغاي! — دەپ نالە قىلدى.

ئۇلار شۇ ھاي - ھۇيدا تۇرغان ئەسنادا، ئۈچ يىرتقۇچنىڭ بىرى

بولغان بۇقىلارنىڭ بۇقىسى قارا بۇقىنى زەنجىرگە باغلاپ ئېلىپ كېلىشتى.

بۇقا يەرگە تىز چۆكۈرۈپ، مۈڭگۈزى بىلەن بىر ئۇسۇشتە بىر مەرمەر تاشنى كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى. سېرىق كىمخابلىق سەلجانبانۇنىڭ تۇكلىرى تەتۈر ئۆرۈلدى. قانتۇر ئەلىنىڭ بىر تال موييمۇ تەۋرىمىدى. لېكىن، ئوڭغا قارىسا، خالايىقنىڭ كۆزلىرىدىگە ياش تولغانىدى، سولغا قارىسا، قىرىق يىگىتمۇ ئۆكسۈشۈۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ تۇرالمىغان قانتۇر ئەلى:

— سادىغاڭ كېتەي قىرىق يولدىشىم، قىرىق بۇرادىرىم، ئەل يىغلىسا بىلمەي يىغلار، سىلەر نېمىگە ئۆكسۈيسىلەر؟ بۇقىدىن يىقىلغان يىگىت يىگىت بولسۇنمۇ! قىرىقىڭلار قىرىق جۈپ كۆزدىن ياش تۆكۈپ، يۈرەك ـ باغرىمنى داغلىغۇچە، ئېلىڭلار قوۋۇزلارنى، چېكىڭلار تارىنى، ئاڭلىسۇن داڭقىمنى كۈپار ئېلى. بىلسۇن خان، كۆرسۇن سېرىق كىمخابلىق سەلجان! — دېگەنىدى، قىرىق يىگىت قوۋۇزلىرىنى قولىغا ئېلىپ، سازىنى چاڭ كەلتۈرۈپ قانتۇر ئەلىنى مەدھىيىلەشتى:

سۇلتانىم قانتۇر ئەلى!
قەددىڭ رۇسلاپ ئورنۇڭدىن دەس تۇرمىدىڭمۇ؟
يايلى قارا غاز بويۇن ئېتىڭغا مىنمىدىڭمۇ؟
ئەگرى بەللىك ئالا تاغلار ئۈستىدىن
ئوۋ ئوۋلاپ، قۇش قۇشلاپ ئاشمىدىڭمۇ؟
ئاتاڭنىڭ مۇبارەك ئاق ئۆيىدە
قاراۋاشلار[1] ئىنەك ساغار كۆرمىدىڭمۇ؟
بۇقا، بۇقا دېيىشكىنى
قارا ئىنەك موزىيى ئەمەسمۇ؟
باتۇر يىگىتنىڭ يېنى يەرگە تەگسۇنمۇ!
نەچچە يىرتقۇچنىڭ تۆكتۇڭ قېنىنى،

[1] قاراۋاش — قۇل ئايال ياكى قىز.

بۇ مەيدانمۇ يەنە قانغا مىلەنگۈسى.
شۇلار قاپتىمۇ ماڭا رەقىب چىققىلى،
ئۈچىلىسى بىر يانغا قاتارلانغۇسى!
سەلجانبانۇ ساڭا قاراپ تۇرۇپتۇ،
قاراپتۇيۇ، يۈرەكلىرى كۆيۈپتۇ.
بۇ كۈرەشكە قارا بۇقا چۈشۈپتۇ،
بىر پەشۋادا ئۇمۇ چەتكە چىققۇسى!
خوجا ئوغلى بار رەقىبىڭ ئالدىغا،
تۇت مۈڭگۈزىدىن، ئۇر يەرگە ئۇنى.
يىگىتنىڭ قانداقلىقىنى كۆرسۇن ئەمىرى،
ئۇنىڭ يۈزى بىر قارىلانغۇسى!
تاغلاردىن، يەللەردىن خەۋەر چۈشۈپ،
ئوغۇز ئەللىرىگە بارار ئۇلىشىپ،
توي بولسۇن ئەلگە، قوۋم - قېرىنداشقا،
قانتۇر ئەلىنىڭ نامى ئۇلۇغلانغۇسى!

قىرىق يىگىت بۇ مەدھىيىگە يەنە بىر مەدھىيە قوشقۇچە، قانتۇر ئەلى كۆكرىكىنى كېرىپ مەيدان ئىچىنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ:

— قويۇۋەت بۇقاڭنى، يامان بولسا چىقسۇن مەيدانغا! — دەپ ھەيۋىسىنى كۆرسەتتى.

بۇقىنى قويۇۋېتىشتى. زەنجىردىن قۇتۇلغان قارا بۇقا تىغدەك مۈڭگۈزىنى قانتۇر ئەلىگە قارىتىپ شۇنداق دەھشەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتىكى، سورۇندىكىلەرنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلدى. قانتۇر ئەلى بولسا، ۋەھشىي بۇقىنى مۇشتۇمى بىلەن يەرگە يىقىتىپ كاللىسىنى كەسكەن بوغاچ خاندەك، ياراتقان ئىگىسىگە سىغىنىپ، مۇھەممەد مۇستاپاغا سالاۋات ئېيتىپ، بۇقىنىڭ مېڭىسىگە بىر مۇشت ئۇرغاندى، مەيداندىكىلەر، «بارىكاللا، يەنە بىرنى...» دېيىشىپ كەتتى. بۇقا كەينىگە داجىپ قۇيرۇقىچە زوڭ ئولتۇرۇپ قالغان-

دى، قانتۇر ئەلى ئۇنىڭ مېڭىسىگە مۇشتىنى تىرەپ سۇرگىنىچە مەيداننىڭ بېشىغا چىقاردى. بۇقا قارا تەرگە چۆمۈپ، ئاغزى كۆپۈكلىنىپ ھاسىراشقا باشلىدى. قانتۇر ئەلى «ياپىر» دەپ مۇشتۇمنى تارتىۋالغانىدى، بۇقا مۈڭگۈزىگە تىرىنىپ قالدى. قانتۇر ئەلى ئۇنى قۇيرۇقىدىن ئۈچ گەز ئاسمانغا كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇۋەتتى، سۆڭەكلىرى چۇل - چۇل بولۇپ كەتتى. ئاندىن ئۇنى بوغۇزلاپ تېرىسىنى سويۇپ، ئەمىرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى.

— قىزنى بېرىپ، ئۇنى شەھەردىن چىقىرىۋېتىڭلار! — دېدى ئەمىر.

ئەمىرنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن ئوغۇللىرى چۇۋۇرلىشىپ:

— يىرتقۇچلارنىڭ بېشى ئارسلاندۇر. بۇ يىگىت باتۇر بولسا ئۇنى يەڭسۇن ... — دېيىشتى.

ئارسلاننى مەيدانغا ئېلىپ كەلگەندە، ئۇ بىر ھۆۋلىغانىدى، مەيداندىكى ئاتلارنىڭ ھەممىسى ئۈركۈپ كىشنىشىپ كەتتى.

قانتۇر ئەلىنىڭ يىگىتلىرى يەنە قوۋۇزلىرىنى قولىغا ئېلىپ، بېيىت ئېيتىپ مەدەت بەردى:

قارا پولات مىسران قىلىچتىن ھېچ قاچمىغان،
قانتىق كىرىچلىك ئوقيادىن زادى قورقمىغان،
ئاق پەيلىك ئۈچلۈق ئوقتىن باش تارتمىغان،
يىرتقۇچلار پادىشاھى ئارسلاننى قىرغان،
سۇلتانىم قانتۇر ئەلى
ئالا كىيىك ئوغلىقىغا ئۆزىنى تالدۇرامۇ!
باتۇر يىگىت جەڭدە جېنىدىن قايغۇرارمۇ!

— قېنى، ئارسلىنىڭنى قويۇۋەت، — دېدى قانتۇر ئەلى ھەيۋە بىلەن، قارا پولات مىسران قىلىچىم قولۇمدا بولسا، تۇتقان ھامان ئىككى پارچە قىلىۋېتەتتىم. ساڭا سىغىندىم، ئەي ئاللا مەدەت بەرگىن!

شۇ ئەسنادا، ئارسلاننى قويۇۋەتكەنىدى، ئارسلان چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ خىرىس بىلەن ئېتىلىپ كەلدى. قانتۇر ئەلى يەڭسىز تونىنى قولىغا يۆگەپ ئارسلاننىڭ ئالدى پۇتىغا ئۇزاتتى ۋە ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەدكە سالاۋات ئېيتىپ، ئارسلاننىڭ مېڭىسىنى كۆزلەپ بىر مۇشت ئاتقانىدى، مۇشت ئۇنىڭ ئالدى پۇتىغا تېگىپ، پاچىقىنى چېقىۋەتتى. ئاندىن ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قاراماپ بېلىنى ئۈشتۈۋەتتى. ئاخىرىدا كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپ ئەبجىقىنى چىقاردى.

ئەمىر شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ:

— قىزنى كەلتۈرۈڭلار! بۇ يىگىتنى كۆزۈم كۆردى، كۆڭلۈم سۆيدى، قىزىمنى بەردىم، خالىسا بۇ يەردە تۇرسۇن، خالىسا ئېلىپ كەتسۇن، — دېدى.

ئەمىرنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— يىرتقۇچلار بېشى بۇغرا بولغاي، ئۇنىڭغىمۇ كارامىتىنى كۆرسەتسۇن. قىزنى ئاندىن بېرىمىز... — دېدى.

مەدەت ئاللادىن بولدى، ئەمىرنىڭ ھىممىتى كەلدى. ئۇ:

— تۆگىنىڭ تۇمشۇقىنى يەتتە يەردىن باغلاڭلار، — دېدى. ھەسەتخور كۇپارلار باغلىمايلا چۇلۇۋۇرىنى چىقىرىپ قويۇۋەتتى. قانتۇر ئەلى يۈگۈرۈپ يۇرۇپ بىرنەچچە قېتىم بۇغرانىڭ ئالدى ئاياغلىرى ئارىسىدىن كىرىپ، كەينى ئاياغلىرى ئارىسىدىن چىقتى. ئىككى يىرتقۇچ بىلەن ئېلىشىپ ھالىدىن كەتكەن يىگىتنىڭ پۇتى تېيىپ يىقىلىپ چۈشتى. شۇئان ئالتە جاللات قىلىچىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بېشىغا كېلىپ، ئەمىردىن پەرمان كۈتۈپ تۇرۇشتى. بۇ چاغدا قانتۇر ئەلىنىڭ يولداشلىرى قوۋۇز چېلىپ مۇنداق دېيىشتى:

قانتۇر ئەلى ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ كەلدىڭ،
يايلى قارا غاز بويۇن ئېتىڭغا دەرھال مىندىڭ،

خۇمار كۆز يىگىتلىرىڭنى يېنىڭغا ئالدىڭ،
ئەگرى بەللىك ئالا تاغدىن كېچىلەپ ئۆتتۈڭ،
قانلىق كۆپار ئېلىگە كېچىلەپ كىردىڭ،
قارا بۇقا كەلگەندە ئۇر ـ توقاي قىلدىڭ،
شاھ ئارسلان كەلگەندە بېلىنى ئۇشۇتتۇڭ،
قارا بۇغرا كەلگەندە نېمىشقا ۋاز كەچتىڭ؟
خانىم، ئورنۇڭدىن دەس تۇرمىساڭ،
ئالتە جاللات بېشىڭدا، كاللاڭنى ئالار.
تۆۋەندىن يۇقىرىغا قارىمامسەن،
ئالدىڭغا ئالا غاز كەلدى قارىچۇغاڭنى ئاتمامسەن،
سېرىق كىمخابلىق سەلجانبانۇ شەرەت قىلدى
كۆرمەمسەن،
سېنى تۆگىدىن قورقۇپ ھالسىرىدى دەيدۇ،
بىلمەمسەن؟

قانتۇر ئەلى ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەدكە سالاۋات ئېيتىپ تۆگىنى بىر تەپكەنىدى، تۆگە چىرقىراپ كەتتى. يەنە بىرنى تېپىۋىدى، پۇت تىرەپ تۇرالماي يىقىلدى. قانتۇر ئەلى ئۇنى بېسىۋېلىپ ئىككى يەردىن بوغۇزلىدى ۋە دۈمبىسىدىن ئىككى تاسما تىلىپ ئەمىرنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— مانا بېگىم، ئىشەنگەن يىرتقۇچلىرىڭىز شۇمىدى؟ بىر مۇشتقا يارىمىدى. ئۇچى ئۇچ مۇشت بىلەن كەتتى. خالىسىڭىز، باشلىرىنى قەلئەنىڭ بېشىغا ئېسىڭ، خالىسىڭىز ئوردىنىڭ تېشىغا؛ يىگىتلىكىمنىڭ ھەققىنى بېرىڭ ـ دە، يەنە نېمە تەلىپىڭىز بولسا مەن تەييار! — دېگەندە، ترابزون بېگى لەۋلىرىنى چىشلەپ يېنىدىكىلەرگە قاراپ:

— دۇنيادا بۇ يىگىتنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باتۇر چىقماس. قىزىمنى بۇنىڭغا بەرمەي كىمگە بېرەي. بۇگۈنلا تويلىرى بېرىلىپ نىكاھلىرى ئوقۇلسۇن! — دېدى. خاننىڭ بىر دېگىنى ئىككى بولسۇنمۇ! دەرھال قىرىق يەرگە قىرىق ئوتاق تىكىپ، قىرىق

كېچە ـ كۈندۈز توي بەردى. قىرىق بىرىنچى كۈنى ئەل تارقىغان-
دىن كېيىن، قىزنى چاقىرتىپ ھۇجرىغا كىرگۈزمەكچى بولۇشتى.
لېكىن، قانلىق خوجا ئوغلى قىرىق يىگىتنىڭ ئارىسىدا قىلىچنى
ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:
— يىگىتلىرىم، ئەگەر ئاتا ـ ئانامنىڭ يۈزىنى كۆرمەي بۇ
ھۇجرىغا كىرسەم، يەردەك يېرىلىپ، يەلدەك سورۇلۇپ، ئوقۇم
بىلەن يارىلىنىپ، قىلىچىم بىلەن توغرىلاي. ئوغلۇم تۇغۇلمى-
سۇن، تۇغۇلسىمۇ ئۆمرى ئۇزۇن كۈنگە بارمىسۇن، — دەپ قەسەم
قىلدى.
شۇنداق قىلىپ، قاش قارايغان چاغدا ئوتاقلىرىنى چۇۋۇپ،
ئاتلىرىنى مىنىشىپ يولغا چىقىپ، يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئات
چاپتۇرۇپ بىر سەھەر كۈن بىلەن تەڭ ئوغۇز ئېلىنىڭ چېگرىسىغا
يېتىپ كەلدى. ئەرئەر ئورمانلىقىغا چۈشۈپ بىردەم ھاردۇق ئالغان-
دىن كېيىن، قانتۇر ئەلى قىرىق يىگىتكە قاراپ:
— ئەي قىرىق ھەمرىھىم، قىرىق يولدىشىم، قىرىقىڭلارغا
قۇربان بولسۇن بېشىم! ئاللا ماڭا يول بەردى، يولۇمغا يولداش
جان دوست بەردى. ماڭا ـ ماڭا ترابزونغا بېرىپ چۈشتۈم، ئۈچ
يىرتقۇچنىڭ ئۈچىلىسىنى ئۆلتۈردۈم، دۈشمەننى يىغلىتىپ،
دوستنى كۈلدۈردۈم. بېشىم بەختى، كۆڭلۈم تەختى سەلجانبانۇنى
ئېلىپ كەلدىم. بۇ ھەرقانداق يىگىتكە نېسىپ بولماس. . . بېرىپ
ئاتامغا خەۋەر يەتكۈزۈڭلار، ئوغلىنى كۆرۈپ كۆڭلى تىنسۇن،
كېلىنىنى كۆرۈپ خۇش بولسۇن، — دېدى.
قىرىق يىگىت قانتۇر ئەلىنىڭ قېرىنداشتىنمۇ يېقىن بۇرادەر-
لىرى ئىدى. بۇنى ئاڭلاپ قاراپ تۇرسۇنمۇ! ئاغزىدىن چىقىشىغا
ئاتلىنىپ يولغا چىقتى.
ئۇلار يولغا راۋان بولدى. قانتۇر ئەلى بىلەن سەلجانبانۇ
بىر ـ بىرىگە قارىشىپ، گۈلدىن ـ كۆڭۈلدىن سۆزلىشىپ سىر-
داشتى. قاتار ـ قاتار تۇرنىلار، تورغايلار، بۇقۇلداپ سايراشقان
كەكلىكلەردىن باشقا، ئۇلارنىڭ مۇڭلىرىنى ئاڭلىغان ھېچكىم بول-

مىدى ... سەلجانبانۇ بۇ يەرنى ياقتۇرۇپ قالدى. ئۇلار بۇ يەردە غىزالانغاندىن كېيىن، بىر هازادا ئۇيقۇلىرى كەلدى. قانتۇر ئەلدىنىڭ كۆزلىرى خۇمارلاشتى. ئۇ قانچە كېچە كۆز يۇممىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئۇيقۇغا كەتتى. نە پالاكەت كەلسە ئۇيقۇدىن كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن سەلجانبانۇنىڭ كۆڭلىگە بىر دەككە - دۈككە چۈشتى. ئۇ «خۇداغا ئامانەت، مېنى كۆزلەپ يۈرگەنلەر كۆپ ئىدى، ئىغۋا توقۇپ ئاتامنىڭ قارارىنى بۇزغان بولمىسۇن يەنە! تۇيۇقسىز ئات سېلىپ كېلىپ، بۇ باتۇر يىگىتىمنى ئۆلتۈرۇپ مېنى ئېلىپ كەتمىسۇن يەنە! » دەپ ئويلاپ، ئۇخلىماي ئەتراپقا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇردى.

دەرۋەقە ئەمىر پۇشايمان قىلغانىدى. ئارىغا بۇزغۇنچىلىق سالماقچى بولغانلار ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى:

— بۇقىدىن ئايرىلدۇق، هېچبولمىغاندا ئارسلاندىن ئايرىلمىساق ئىدۇق، ئارسلاندىن ئايرىلدۇق. هېچبولمىغاندا سەلجاندىن ئايرىلمىساق ئىدۇق... بۇ يۇرتىمىزنىڭ نومۇسى نەگە كەتتى! ئۇ ئوغۇزنى تۇتۇپ دالىنىڭ بۆرىسىگە تاشلاپ بېرىش كېرەك...— دېيىشتى.

ترابزون بېگى دەرغەزەپكە كېلىپ:

— ماڭا قاراڭلار، ساۋۇت كىيگەن قارا تونلۇق ئاتلىقلىرىم، ۋاقتى ئۆتتى دېمەڭلار، ئاتلىنىڭلار شۇئاندا، كېچە - كۈندۈز دېمەي چۈشۈڭلار ئۇنىڭ پېيىگە؛ قىزىم سەلجاننىڭ تىرىكىنى، يات ئەل ئوغلىنىڭ ئۆلۈكىنى كەلتۈرۈڭلار ئالدىمغا، ئۇنداق بولمىسا بۇ يۇرتنى ئاغدۇرىمەن بېشىڭلارغا! — دەپ كەسكىن هۆكۈم قىلغانىدى، ساۋۇت كىيگەن قارا تونلۇق ئالتە يۈز كۈپار ئاتلىنىپ دەرهال يولغا چىقىپ، توزنى تۇمانغا قېتىپ، ئارقا تەرەپتىكى قارا تاغنىڭ بېشىدىن قارا بۇلۇتتەك چۈشۈپ كەلدى.

سەلجانبانۇ قاراپ تۇرسۇنمۇ! كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ساۋۇتنى كىيىپ، نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ قانتۇر ئەلىنىڭ بېشىغا كېلىپ:

هېرىپتۇ يىگىتىم، ئۇخلاپ يېتىپتۇ.
خۇمار كۆزلىرىنى ئۇيقۇ ئېلىپتۇ.
كۆزۈڭنى ئاچ جېنىم قۇربان يىگىتىم،
دۇشمەن كېلىپ ئۇستىمىزنى بېسىپتۇ.
توپ - توپ بولۇپ ئالدىمىزغا تىزىلدى،
پېشانىمىزگە قارا يېزىق يېزىلدى،
تاغ بېشىغا مازارىمىز قېزىلدى.
ئويغان ئۇيقۇدىن، ئويغان يىگىتىم!
ئاق قوللىرىڭ كەينىڭدىن باغلانماستا،
ئاق پېشانەڭ قارا يەرگە ئۇرۇلماستا،
تۇيۇقسىز قارا بېشىڭ كېسىلمەستە،
قىزىل قېنىڭ يەر يۇزىگە سېپىلمەستە،
غاپىل بولماي بېشىڭنى كۆتۈر يىگىتىم!

دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قانتۇر ئەلىنىڭ كۆزلىرىگە قان تولدى - ده، مۇنداق دېدى:

تېگى پەس دۇشمەن نېمىگە چۇشۇپتۇ قەستىمگە،
قالقان بىلەن قىلىچ ئالاي دەستىمگە،
ئاللا دەپ باراي كۇپار ئۇستىگە،
ئىشىمىزنى ھەق ئوڭشىغاي سۆيگۈنۈم.
كەلسۇن دۇشمەن توپ - توپ بولۇپ تىزىلسۇن،
ئەگرى قىلىچىنى كۆتۈرگەنلەر كېلىشسۇن.
ئاللا كىمگە مەدەت بولغىنىنى كۆرۈشسۇن،
ئىشىمىزنى ھەق ئوڭشىغاي سۆيگۈنۈم.
پەلەك كۆرسەتمىسە بىزگە بۇگۈننى،
ئاخىرەتتە قىلىمىز تويىمىزنى.
نەملىمىگىن شەھلا كۆزۈڭنى،
ئىشىمىزنى ھەق ئوڭشىغاي سۆيگۈنۈم.

قانتۇر ئەلى ئورنىدىن دەس تۇردى ۋە ئاق پېشانىسىنى قارا يەرگە قويۇپ ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇدى. ئاندىن قوش باشلىق تۇلپارغا مىنىپ سەلجان بانۇغا قاراپ:

— ھەققىڭگە رازى بول ھالىلىم! — دېدى.

سەلجانبانۇ كۆزلىرىگە لىققىدە ياش ئېلىپ:

— ئاي يىگىتىم، بەگ يىگىتىم، مېنىڭ نە ھەققىم بولسۇن رازى بولغۇدەك سەندىن؟ قولۇمدىن بىر كاسا سۇ ئىچمىدىڭ، مېنى دەپ شۇنچە دەردلەر تارتتىڭ، رازى بولساڭ سەن بولغىن مەندىن! — دېدى.

قانتۇر ئەلى ئارتۇق ھايال بولمايلا ئېتىنى قامچىلىدى. سەلجانبانۇمۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ، كەينىدىن يېتىشىپ شۇنداق دېدى:

— ئەي يىگىتىم، نەگە بارسەن يەككە - يېگانە، كۇپارلار كېلىۋاتىدۇ ئىككى ياندىن، قارا تونلۇقلار ساۋۇت كىيىپ باش - كۆزىگە، قىلىچ چاپىدۇ كەينىمىزدىن. بۇ كۇپارلار سەن بىلىدىغان كۇپار ئەمەس، نامەردلەرمۇ قاراپ تۇرماس بۇنداق كۈندە، مەن ئۇ نامەردلەردىنمۇ نامەرد ئەمەس - دە! ياق يىگىتىم، ياق، ياشىساق بىللە ياشايمىز، ئۆلسەكمۇ بىللە. تويىمىز بىر بولدى، جەڭدىمۇ بىر بولىمىز ئەلۋەتتە. ھاياتىمۇ بىر، ماماتىمۇ بىر بىلگەنگە. سەن چۈشكىن بۇ يولغا، مەنمۇ چۈشەي بۇ تەرەپكە. قايتمايلى، ئېلىشايلى، تۇرمايلى، ئۇرۇشايلى. جەڭ مەيدانى بۇ، ئۆلسەك شېھىت، قالساق غازى!

ماقۇل - ياق دېگۈدەك ۋاقىت نەدە بولسۇن! قانتۇر ئەلى توزنى تومانغا قېتىپ كۆزدىن غايىب بولدى. سەلجانبانۇمۇ ئېتىنىڭ تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ قولىغا قىلىچىنى ئالدى - دە:

— كېلىشە كۇپارلار، بىزگە قارشى چىقمىغان سەنلەر قالغانمۇ؟ قېنى ئەمدى يا ئامانلىقىڭنى تىلەش، يا ئىمانغا كېلىش. بولمىسا مۇھەممەد مۇستاپا يولىدا ھەممىڭنى ئالىمەن قىلىچىم ئاستىغا! — دەپ ئۈن سېلىپ، ئېتىنى دەم ئالدۇرمايلا، ئاتتى،

چاپتى، قىردى. ئامان دېگەنگە قول سالمىدى، ئىمانغا كەلگەنگە قىلىچ چاپمىدى، قېچىپ قۇتۇلغاننى كەينىدىن سۈرمىدى...

بولغان بولۇپ ئۆتتى... جەڭ بېسىلغاندىن كېيىن قونغان يېرىگە كېلىپ قارىسا، قانلىق خوجا ئوغلى تېخى قايتىپ كەلمىگەندى. «نېمە بولغاندۇ، نەدە قالغاندۇ؟» دېگۈچە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققانلار ئالدىدىكى تاغدىن چۈشۈپ كەلدى.

ئۇلار كېلىپ قارىسا قانتۇر ئەلى يوق... ئانىسىنىڭ كۆزى يەردە ياتقان قانلىق قىلىچقا چۈشكەندە، ئىككى كۆزى ئىككى بۇلاق بولۇپ:

— كېلىن قىزىم، جېنىم قىزىم، قېنى مېنىڭ قانتۇر ئەلىم! تاڭ سەھەردە هال تەگدىمۇ، مىنگەن ئېتى سەل بولدىمۇ؟ ئېيتىڭ ماڭا، سادىغاڭ كېتەي راستىڭىزنى، بايان قىلىڭ بېشىڭلارغا كەلگەنلەرنى! — دېگەندىن كېيىن:

تاڭ ئاتقاندا ئورنىڭىزدىن تۇردىڭىزمۇ؟
يالغۇز ئوغلۇمنى رەقىبلەرگە تۇتتۇردىڭىزمۇ؟
تۇيۇقسىزلا قارا بېشىنى كەستۇردىڭىزمۇ؟
جان ئانا، بەگ ئاتا دەپ يىغلاتتىڭىزمۇ؟
سىز بار بۇندا، ئوغلۇم يوق، باغرىم كاۋاپ،
ئۆز ئاغزىڭىزدىن ئاڭلاي جاۋاب.
ئۇستىخىنىنى تاپسام ئەگەر قىلاي تاۋاپ،
قارا بېشىم قۇربان بولسۇن سىزگە!

دەپ، يىغا - زارە قىلدى.

سەلجانبانۇ بۇ پىغانلىق سۆزلەردىن كەلگەنلەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئالدىغا باردى ۋە:

— ئانام دەي سىزنى ئانامدىن ئەۋزەل، ئاتام دەي سىزنى ئاتامدىن ئەۋزەل! — دەپ ئەدەپ بىلەن سۆز باشلاپ، باشلىرىدىن ئۆتكەنلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلغاندىن كېيىن، — ئاللا

يىغلاتمىسۇن، يىغلايدىغان نىمە ئىش بار! ئۈچىمىز ئۈچ ياندىن ئىزدەيلى. نەدە چاڭ ـ توزان، نەدە قاغا ـ قۇزغۇن بولسا شۇ يەرگە بارايلى، — دەپ، دەرھال ئاتلىرىنى قامچىلىدى. بىر ئىگىز دۆڭلۈككە چىقىپ قارىسا، بىر جىرانىڭ ئىچىدە بىر پارچە ئاق تۇمان ئۇزۇپ يۈرەتتى. بۇنى كۆرۈپ قاراپ تۇرسۇنمۇ؟ مىنگەن ئاتلىرى قۇش بولدى، قانات بولدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە تۇمانلىق يەرگە يېتىپ باردى.

ھالبۇكى، قانتۇر ئەلىنىڭ ئىتىغا ئوق تېگىپتۇ. خۇدا ساقـ لاپ، بىر ئوق ئۇنىڭ كۆزىگە تەگكىلى تاس قاپتۇ. كۆز قاپىقىنى سۈرۈپ ئۆتۈپ يۈز ـ كۆزىنى قانغا مىلەپتۇ. ئۇ بىر قولى بىلەن قېنىنى سۈرتۈپ بىر قولى بىلەن كۇپارغا قىلىچ چېپىۋېتىپتۇ...

بۇنى كۆرگەن سەلجانبانۇنىڭ يۈرىكىگە بىر ئوت چۈشتى. بىر توپ غاز ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگەن شۇڭقاردەك، كۇپارلار ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى. ئەمدى نە ئامانىنى بىلمىدى، نە يامانىنى! بىر باشتىن كىــرىپ ئاتــتى، چاپــتى، قىردى، يەنــە بىر باشتىن چىقتى...

قانتۇر ئەلى قانغا بويالغان كۆزلىرىنى ئېچىپ قارىسا، قاۋۇل كەلگەن بىرى كۇپارلارنى ئالدىغا سېلىپ قوغلاپ يۈرۈپتۇ. بۇ ھال قانتۇر ئەلىنىڭ قېنىنى قىزىتتى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ سەلجانبانۇ ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:

ئورنۇڭدىن دەس تۇرۇپ كەلگەن يىگىت، كىم يىگىتـ
سەن؟
يايلى قارا ئارغىماققا مىنگەن يىگىت، كىم يىگىتسەن؟
ئىجازەتسىز يېغامغا كىرگەن يىگىت، كىم يىگىتسەن؟
تۇيۇقسىزلا باشلار كەسكەن يىگىت، كىم يىگىتسەن؟
ئوغۇزدا باتۇرغا مەدەت تىلەش ئەيىبلىكىنى بىلمەمـ
سەن!

شۇڭقار بولۇپ ئۇچايمۇ؟
قىزىل قېنىڭنى يەر يۈزىگە چاچايمۇ؟
قارا بېشىڭنى غانجۇغامغا ئاسايمۇ؟
ئەجىلىڭگە تەشنا بولمىساڭ ماڭ يولۇڭغا،
قولۇمدىن بىر ھادىسە چىقماستا!
ئاۋۋال ئاللا، ئىرىكىم ئەمەس، ئۆلۈكۈمۇ تېتىيدۇ
بۇ كۇپارغا!

سەلجانبانۇ بۇ سۆزلەرنى قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ ئۆزىنى تونۇ-
مىغانلىقىغا چىقىرىپ:

ئەي يىگىتىم، بەگ يىگىتىم،
تۆگىلەر تۆگە ئىكەن، بوتىسىغا ئاياغ ئاتامدۇ؟
ئېغىلدىكى تۇلپارلار قۇلۇنلىرىنى تېپەمدۇ؟
قوتاندىكى قوچقارلار قوزىسىنى ئۇسەمدۇ؟
باتۇر يىگىت، بەگ يىگىتلەر سۆيگۈنىگە قىيامدۇ؟
بۇ يېغىنىڭ بىر ئۇچى ساڭا، بىر ئۇچى ماڭا ئەمەسمۇ!

دەپ، تاپا ئۇستىگە تەنە قىلدى. قانتۇر ئەلىنىڭ جاۋاب قايتۇرغۇدەك ۋاقتى بولسۇنمۇ، ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەدنى دىلىغا ئېلىپ، قاچقان دۇشمەننى قوغلاپ كەتتى. سەلجانبانۇمۇ كەينىدە قالمىدى.

ئىككىسى ئىككى ياندىن كېسىپ ئۆتتى. كۈن كەچ كىرمەستە ئوق ـ قىلىچ ئاۋازلىرى بېسىلدى. بۇ ئاخىرقى جەڭدە كۇپارلارنىڭ بىرى ساق قالمىدى. سەلجانبانۇ قانتۇر ئەلىنى كەينىگە مىنگەشتۇرۇپ، كۆزى يولدا قالغانلارنىڭ يولىغا چۈشتى. يولدا كېتىۋېتىپ. قانتۇر ئەلىنىڭ كۆڭلىگە بىر خىيال كېلىپ، مۇنداق دېدى:

ئەي سەلجانبانۇ!
يىگىت دېگەن سايىدامۇ خوتۇنىنىڭ سايىسىدا،

نېمىشقا ئارىلىشىسەن مېنىڭ ئىشىمغا؟
ئاتام دەرگاھىدا ئولتۇرغىنىڭدا ئانامنىڭ ئالدىدا،
كىم بىلسۇن ماختىنارسەن قانتۇر ئەلى كۆچىسىز
كەلدى دەپ،
قانتۇر ئەلىنى كۆپار قولىدىن مەن قۇتقۇزدۇم دەپ،
ئېتىمغا مىنگەشتۇرۇپ مەن ئېلىپ كەلدىم دەپ؟
سەلجانبانۇ، يىگىتلىكىم پىدا بولسۇن يولۇڭغا،
بىراق، بۇ سۆزلەرنى يېگۈزەلمەيمەن غۇرۇرۇمغا،
باتۇر بولساڭ باشمۇباش چىق،
ئاللا يا سەندىن ئېيتار، يا مەندىن ئېيتار!

ئەھۋالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلگەن سەلجانبانۇ، «قېنى بۇ گەپلەرنىڭ ئايىغى نەگە بارىدىكىن؟» دەپ مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

ئاھ ھالىمىم، بەگ يىگىتىم!
مەن شۇنچە يول بىلمەس، ئىش بىلمەس ئەقىلسىزدىن-
مۇ؟
سەن بولساڭ ئەر كىشى، مەن بولسام پەگانىڭ قۇلى،
ماختانسا ئەر ماختىنار، ماختانغانغا خوتۇن كىشى ئەر
بولماس،
كۆڭلى قارا بولمىسا، غەيرىي ئېغىز بۇڭا بارماس.
بىر تۆشەكتە سەن بىلەن چىرماشمىدىم،
بىر كېچە تاتلىقىنا مۇڭداشمىدىم،
لەززەتلىك تاماق بېرىپ كۆتەلمىدىم،
تېز قىزىپ تېز سوۋۇغان بولساڭ، ئاڭا دەيدىغان
گېپىم بولماس!

دېگەن بولسىمۇ، قانتۇر ئەلگە گەپ ئاڭلىتالمىدى. قانلىق خوجا

ئوغلى بىر دېمىدى، ئىككى دېمىدى، «سېنى ئۆلتۈرىمەن!» دەپ كېسىپ ئېيتتى. سەلجان ئەمدى سوكۇت قىلسۇنمۇ، ئۇمۇ ئۆز لايىقىدا جاۋاب قايتۇردى:

— ئەي قانلىق خوجا ئوغلى، مەن ساڭا يول قويسام، سەن ئۆزۈڭنى نېمانچە چوڭ تۇتىسەن! مەن بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇر-ماقچى بولساڭ، مەرھەمەت، خاھى ئوقۇڭ بىلەن، خاھى قىلىچىڭ بىلەن چىق ئالدىمغا! — دەپ ئېتىنى قامچىلاپ ئېگىز بىر يەرگە چىقىپ، ساداقتىكى توقسان توققۇز ئوقتىن بىرىنى ئالدى. قىرىق ئۆرۈلگەن چېچىدىن بىرىنى كۆكسىگە چۇشۇرۇپ:

— يىگىت بولساڭ ئات ئوقۇڭنى! — دەپ ئۇن سالدى.

قانتۇر ئەلى سەلجانبانۇغا يىراقتىن كۆز قىرى بىلەن بىر قاراپ قويغاندىن كېيىن:

— بىزنىڭ قائىدىمىزدە قىزلارنىڭ يولى ئاۋۋال، پېشانەم ئو-چۇق، كۆكسۇممۇ ئوچۇق، نەرىمگە ئاتساڭ ئېتىۋەر! — دەپ ئۇنىڭغا ئۇن ياندۇردى. سەلجانبانۇ قانتۇر ئەلىنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇ-ۋېتىشكە قىيسۇنمۇ! بېشىدىكى ئوقىنىڭ بېشىنى چىقىرىۋېتىپ كىرىچكە تاقىدى. يادىن تەستە چىققان ئوق قانتۇر ئەلىنىڭ قارا چاچلىرىنىڭ ئارىسىدىن قارا يەلدەك ئۆتۈپ كەتتى.

مانا شۇ چاغدا قانتۇر ئەلى قولىدىكى يانى سۇندۇرۇپ، ئوقلى-رىنى يەرگە ئېتىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ھالال جۈپتىنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى ۋە:

كۆز چاقنىتىپ يالتىرىغان كىمخابلىقىم،
قول سېلىپ چىقىپ كەلسە سەرۋى بويلۇقۇم،
قوش بادام سىغمايدىغان ئويماق ئېغىزىم،
نەقىشچىلەر سىزىپ قويغان قەلەم قاشلىقىم،
ئىنسان ئۆز بەختى، ئۆز تەختىنى ئۆزى گۇمران قىلامدۇ؟
ئۇنداق قوللار قۇرۇسۇن، سۇنسۇن!
بىر گۈزەلگە باش قويغان يىگىت كۆلىنى كۆككە سورۇيمەن دەمدۇ؟

ئۆنداق تىللار تۆتۆلۈپ كەتسۇن!
خۇي - پەيلىڭ، سىر - سەبرىڭنى سىنىدىم سۇلتانىم!

دېدى كۆلۈمسىرەپ. سەلجانبانۇمۇ جاۋابەن مۇنداق دېدى :

ئەي، ئاق پېشانەمگە يېزىلغان خان ئاتامنىڭ كۆيئوغلى،
بىكاردىن - بىكار ئۇپراتما ئۆز - ئۆزۈڭنى.
بىر - بىرىمىزنى پېشانىمىزگە پۈتكەن ئاللا،
بىر ياراتقان ئەلۋەتتە خۇي - پەيلىمىزنى!
بېشى يوق ئوق بىلەن سىنىدىم سېنى،
قاياقتا باقساڭ شۇ ياقتا باقاي،
قاياقتا ئاقساڭ شۇ ياقتا ئاقاي ئەمدى.
يالغۇز ئاتنىڭ چېڭى چىقماس،
ئېتىڭغا ئات قوشۇپ،
ئۆلگەن يېرىڭدە ئۆلۈپ، تۇرغان يېرىڭدە تۇراي ئەمدى.
ئىشەنمىسەڭ ياز دەپتەرگە، قولىرىمنى قوياي ئەمدى!

قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ قەلبىدىن كەچكەنلەر سەلجانبانۇنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ كۆڭلى تولغۇپ، يۈزى كۈلدى. ئۇ-زاقتىن - ئۇزاق گىرەلىشىپ بىر - بىرىنىڭ ھىدىنى ئېلىشقاندىن كېيىن، بىر - بىرىنىڭ يولىدا جان پىدا قىلىشقا ئەھدە - قەسەم قىلىشتى. ئاندىن ئاق بوز ئاتلارغا مىنىشىپ، كۆزلىرى يولدا، كۆڭۈللىرى گۇماندا كۈتۈپ تۇرغانلارنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئاقساقال، ئاق چاچلىقلار ئوغۇللىرىنى ساق - سالامەت كۆرگەندە، گويا دۇنيا ئۇلارنىڭ بولدى. ئۇلارنى قۇچاقلاپ سۆيۈ-شۈپ، «تۇرمىغان مېھماننىڭ كەتكىنى ياخشى» دەپ يولغا راۋان بولۇشتى.
قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن ئاۋۋال داڭقى يېتىپ باردى. يايلاقتا، يۇرتتا ئاڭلىمىغان قالمىدى. بارغانلىكى يەردە يەتتە ياش-تىن يەتمىش ياشقىچە ئالدىغا چىقىشتى. تاپىنى تەگكەن يەردىن

ئوچۇم - ئوچۇملاپ تۇپراق ئېلىپ، شىپا تاپالمىغان كېسەللەرنىڭ باشلىرىغا سېپىشتى. قانچىلىغان تاغلارنى ئېشىپ، دەريالارنى كېچىپ، كۆنلەردىن بىر كۆنى ئۆز ئۆي - ئوتاقلىرىغا يېتىپ بېرىشتى. قانلىق خوجا بىللە ئوۋ ئوۋلاشقان ئاقساقاللاردىن تارتىپ، قانتۇر ئەلى بىللە ئويناپ - كۆلۈشكەن قىرىق يىگىتكىچە، قانلىق خوجا ھۇزۇرىغا جەم بولۇشتى. ئۇ زامانلاردا كۆپنىڭ ئالقىشى ئالقىش، قارغىشى قارغىش ئىدى. ئاتىسى ئوغلىنى كۆرۈپ ئاللاغا شۈكۈرلەر ئەيلىدى.

قانلىق خوجا خوجىلىقىنى كۆرسەتتى. يېشىل چىمەنلەر ئۈستىگە قاتار - قاتار ئۆي - ئوتاقلار تىكتۈرۈپ، ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرا، قويدىن قوچقارلار سويدۇرۇپ، ئايماق - ئايماقتىن ئوغۇز بەگلىرىنى چاقىرتتى. ساز - قوۋۇزلار چالدۇرۇپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز توي بەردى. ئالتۇندەك سايىۋەنلەر تىكىلىپ، قانتۇر ئەلى بىلەن سەلجانبانۇ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇلار ئۆمۈرلۈك مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشتى. . .

قاق سەھەردە قورقۇت ئاتا مۇبارەكلەپ كېلىپ، قوشاق قوشۇپ بېيىت ئېيتتى. غازى قالغان قانلىق خوجا ئوغلىنىڭ باتۇرلۇقلىرىغا ئاتاپ بۇ ئوغۇزنامىنى تۈزۈپ:

قېنى ئەمدى مەن - مەن دېگەن بەگلەر،
بۇ دۇنيا مېنىڭ دېگەن ئەزىمەتلەر،
ئەجەل ئالدى، يەر يۇتتى،
پانىي دۇنيا كىملەرگە قالدى،
كېلىپ - كېتىدىغان ئۆتەڭ بۇ دۇنيا،
ئاقىۋەتى ئۆلۈملۈك دۇنيا!

دېگەندىن كېيىن، قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بەش كەلىمە دۇئا قىلدى:

«ئەي ئوغۇل، ئېرىغىنىڭ كۆكلىسۇن، تىككىنىڭ ياشار-

سۇن! ئالتۇن كوكۇلىلىق ئوغۇللىرىڭ، سۇمبۇل چاچلىق قىزلىرىڭ بولسۇن! ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن، تويلىرى تۈزۈك بولسۇن! ئۆمرۈڭنىڭ ئاخىرىغىچە سەلجانبانۇ بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ، ئوچۇق يۈز، شېرىن سۆز بىلەن كۆڭۈل خۇشلۇقى ئىچىدە ياشىغىلى نېسىپ قىلسۇن، ئامىن! ئامىن دېگەنلەرنى ئاللا ئىماندىن ئايرىمىسۇن! ئەي خانىم، ئۇلۇغ ئاللا سېنى نامەردكە موھتاج قىلمىسۇن! ئاللا يەتكۈزگەن مۇرادىڭدىن مەھرۇم قىلمىسۇن! قىلغان ھەممە دۇئايىمىز قوبۇل بولسۇن، ئامىن! ئامىن دېگەنلەر ئاللانىڭ دەرگاھىنى كۆرسۇن! ھەممەيلەننىڭ گۇناھىمىزنى مەغپىرەت ئەيلەپ، مۇھەممەد مۇستاپا ھۆرمىتىگە مۇيەسسەر قىلسۇن! »

كۆپىنىڭ دۇئاسى يەردە قالسۇنمۇ! بۇ دۇئالارمۇ ئىجابەت بولدى. لېكىن، ئاز ياشا، كۆپ ياشا، ئاقىۋتى ئۆلۈملۈك بولغان بۇ پانىي دۇنيا كىمگە قالسۇن، قانتۇر ئەلى بىلەن سەلجانبانۇغا قالدى. كۈنلەر ئۆتتى، بىر كۈنلەردە بۇلارمۇ نامى قالغانلار قاتارىغا قوشۇلۇپ، ھېكايىلىرى تىللاردا داستان بولدى.

# غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەك

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قامغان ئوغلى خان بايىندىر قارا يەرنىڭ ئۈستىگە كەڭ - كۈشادە ئاق ئۆيلەرنى قۇردۇرۇپ، ئالا سايىۋەنلەر- نى ئاسمان - پەلەك تىكتۈردى. مىڭ يەرگە يىپەك زىلچىلارنى سالدۇرۇپ، ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇز بەگلىرىنى سۆھبىتىگە چاقىرىپ، كاتتا زىياپەت بەردى.

بىر هازادا، بايىندىرخاننىڭ غازلىق خوجا دېگەن ۋەزىرى كەيپ هالدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، خاندىن ئۆزىنى جەڭگە ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى.

غازلىق خوجا كۆپنى كۆرگەن، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ يارامىلىق يىگىتلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، هازىرلىنىپ يولغا چىقتى. تاغ - داۋانلار ئېشىپ، ساي - جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە قارا دېڭىز بويىدىكى تۇزمۇرد قەلئەسىگە بېرىپ، ئۇ يەردە قوندى. غازلىق خوجا قەلئەگە بارا - بارمايلا قەلئە بېگى كۈپار تېكى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ جەڭ ئېلان قىلدى.

غازلىق خوجا شۇئان ئورنىدىن تۇرۇپ، قوچقار باشلىق قارا ئارغىمىقىنى قامچىلاپ، قارا نىيەت كۈپارغا قۇيۇندەك ئېتىلىپ بېرىپ گەجگىسىگە بىر قىلىچ چاپقانىدى، تەگمەي قالدى.

نۆۋەت كۈپارغا كەلدى. ئۇ ئاتمىش پاتمان گۇرزىسىنى[1] قولىغا ئېلىپ غازلىق خوجىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرۇۋىدى، ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كېتىپ، ئۆزىنى نەگە قويۇشنى بىلمەي قالدى.

---

① گۇرزە —— زەنجىر توپلۇق توقماق.

كۇپارلار غازلىق خوجىنى تۇتۇپ قەلئەگە ئەكىرىپ كەتتى. بۇ ھالنى كۆرگەن يىگىتلىرى پەرىشان بولۇپ ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىشتى.

غازلىق خوجا تۇتقۇن بولۇپ قەلئەدە ئون ئالتە يىل ياتتى. ئۇنىڭ ئاتىسى پالۋانلار بېشى ئەمىن يەتتە قېتىم بېرىپ ئۇنى قۇتقۇزالمىدى.

غازلىق خوجا بايىندىرخاننىڭ قولىنى سۆيۈپ خوشلىشىپ كەتكىنىدە ئۇنىڭ يېشىغا توشمىغان بىر ئوغلى قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئىسمى يەگىنەك ئىدى. مانا ئەمدى ئۇ ئون ئالتە ياشقا كىرىپ يىگىت بولدى. ئۇ ئاتىسىنى ئۆلۈپ كەتكەن دەپ ئويلايتتى، چۈنكى، ئۇنىڭ تۇتقۇن بولغىنىنى ھېچكىم ئۇنىڭغا ئۇقتۇرمىغانىدى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، يەگىنەك دوست - ئاغىنىلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇپ، قارا گۈنە ئوغلى قارا پۇتاق بىلەن گەپ تەگىشىپ قالدى. پۇتاق توساتتىن:

— بۇ يەردە يوغان سۆزلەپ پو ئاتقۇچە، سوقۇشقۇڭ كەلگەن بولسا، بېرىپ كۇپار قولىدىن تۇتقۇن بولغىنىغا ئون ئالتە يىل بولغان ئاتاڭنى قۇتقۇزمامسەن! — دەپ تاشلىدى.

بۇنى ئاڭلىغان يەگىنەكنىڭ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ، يۈرەك باغرى ئۆرتەندى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، بايىندىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ، يۈزىنى يەرگە قويۇپ:

تاڭ سەھەردە يىراق يەردە ئاق ئوتاقلىق،
ئاتلاستىن كۆك سايىۋەنلىك،
ئېغىللاردا شاھۋاز ئاتلىق،
قازىنىمۇ ياغ، چۆمۈچىمۇ ياغ،
داستىخىنى مول نېمەتلىك،
باتۇر يىگىتلەرنىڭ تىرىكى،
يوقسۇل، ئاجىزنىڭ ئۈمىدى،

تۈركىستاننىڭ يۆلىكى،
ئامىت قەبىلىسىنىڭ ئارسلانى،
قاراچۇقنىڭ يولۋسى،
دۆلەتمەن خانىم مېنىڭ!

دەپ تەرىپلىگەندىن كېيىن:

— مەن ئاتامنى ئۆلگەن دەپ يۈرۈپتىكەنمەن. ئەمدى بىلدىمكى، كۇپارغا تۇتقۇن ئىكەن. دۆلەتمەن بېشىڭىزنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن ماڭا لەشكەر قوشۇپ، ئاتام تۇتقۇن بولغان قەلئەگە بېرىشىمغا ئىجازەت بەرگەيسىز، — دېدى.

— يىگىرمە تۆت سەركەردە كەلسۇن! — دەپ ئەمر قىلدى بايىندىرخان.

بۇرۇن تۆمۈر دەرۋازىلىق ئۆتەڭگە بەگ بولغان، پۆپۈكلۈك نەيزە بىلەن مەندۇرمەن دېگەن باتۇرلارنىڭ ئەدىپىنى بەرگەن، رەقىبىگە دۈچ كەلگىنىدە كىملىكىنى سورىمايدىغان قايا سەلچۇق ئوغلى دۇندارنى بىللە بارسۇن، دېدى.

ئايغىر كۆزلەر دەرياسىدا ئات ئۈزدۈرگەن، ئەللىك يەتتە قەلئەنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغان ئەيلىك خوجا ئوغلى قايتماس دۆلەك ئەۋرەننى بىللە بارسۇن، دېدى.

قېيىن ئوقى قوش پوتەيدىن ئۆتۈپ كەتكەن ياغرىنجى ئوغلى ئەلئالمىشنى بىللە بارسۇن، دېدى.

ھەر جەڭدە ئۈچ مەرتەم ھۇجۇمغا ئۆتمىسە تۇرالمايدىغان توختىسۇن ئوغلى رۇستەمنى بىللە بارسۇن، دېدى.

يەر يۈزىنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا بارىمەن دېگەن سوغان سېرىقنى بىللە بارسۇن، دېدى...

ئەلھاسىل، بايىندىرخان يەگىنەككە يىگىرمە تۆت باتۇر سەركەردىنى قوشتى.

بەگلەر ھازىرلىقلىرىنى قىلىپ يولغا چىقىشتى.

ئۇ كېچە يەگىنەك بىر چۈش كۆرۈپ، چۈشىنى يولداشلىرىغا

ئۆرۈپ بەردى:

«بەگلىرىم، يولداشلىرىم، غەيلەت ئۇيقۇسىغا كېتىپتىكەن-مەن، بىر چۈش كۆرۈپتىمەن. چۈشۈمدە ئاق بوز ئارغىماقلىق يىگىتلەرنى كۆرۈپتىمەن. ئاق دۇبۇلغىلىق پالۋانلارنى يېنىمغا ئې-لىپتىمەن. ئاقساقاللىق قورقۇت ئاتىدىن تەلىم ئېلىپ قارا تاغلار-دىن ئېشىپتىمەن. ياغاچتىن كېمە چېپىپ قارا دېڭىزغا چۈشۈپتى-مەن. ئاق كۆڭلىكىمنى يەلكەن قىلىپ، دېڭىزنى يېرىپ ئۆتۈپتى-مەن. قارا تاغنىڭ ئالدىدا كەڭ پېشانىلىك بىر ئەرنى كۆرۈپتى-مەن. ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، پۆپۈكلۈك نەيزەمنى قولۇمغا ئې-لىپتىمەن. ئۇنىڭغا سانجاي دېگەن ئەسنادا «قارا» دېگەن سادا كەلدى، قارىسام بوۋام ئەمەس ئىكەن. ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭغا سالام بەرگەندىن كېيىن: «ئوغۇزلاردىن كىم بولىسىز؟» دەپ سورى-دىم. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا قاراپ: «ئوغلۇم يەگىنەك، نەگە كېتىۋاتىسەن؟» دېدى. «تۇزمۇرد قەلئەسىدە ئاتام تۇتقۇن ئىكەن، ئۇنى قۇتقۇزغىلى كېتىۋاتىمەن.» دېدىم. شۇ چاغدا بوۋام:

«شىددەت بىلەن يەلدەك باردىم يەتتە قېتىم،
يەتتە تاغنىڭ بۆرىسى ئىدى يىگىتلىرىم.
يەتتە كىشى بىلەن قۇرۇلاتتى مېنىڭ يايىم،
قېيىن ساپ، ئالتۇن باشلىق ئىدى ئوقۇم.
جۇدۇن ـ چاپقۇندا ئالەمنى تۇتەك باستى،
يەتتە بېرىپ ئالالمىدىم ئۇ قەلئەنى.
ئەرلىكتە سەن ئالدىمغا ئۆتمەيسەن،
يەگىنەكىم ، ئوغلۇم، يان پەيلىڭدىن!»

دېدى. مەن بوۋامغا:

«ئەي بوۋا، ئورنىڭىزدىن ئىرغىپ تۇرغىنىڭىزدا،
خۇمار كۆز يىگىتلىرىڭىزنى ئالماپسىز.

داڭلىق سەركەردىلەر بىلەن ئات سۈرمەي،
كۆنلۈكى بەش تەڭگىلىك،
ياللانمىلارنى ئىشقا سېلىپسىز.
شۇڭا ئۇ قەلئەنى ئالالماپسىز!
كېسىپ - كېسىپ يېگىلى قورداق ياخشى،
يېغىلىقتا سەركەردىنىڭ يۈگۈرۈكى ياخشى.
بىلگىنىنى ئۈنتۈمىغان ئاقىل ياخشى،
رەقىبىدىن يانمىغان باتۇر ياخشى!»

دېدىم...

دەرۋەقە، تاغىسى ئەمىن شۇ چاغدا يېقىن جايدا ئىدى. پۈتۈن بەگلىرى بىلەن كېلىپ يەگىنەكىنىڭ يىگىتلىرىگە قوشۇلۇپ، بۇ يەردىن يولغا چىقىشىپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە تۇزمۇرد قەلئەسىگە بېرىپ چۈشتى. بۇلارنى كۆرگەن كۆپارلار ئارشۇن ئوغلى دىرەك خانغا خەۋەر يەتكۈزگەندى، ئۇ لەنتىلەر شۇئان قەلئەدىن چىقىپ بۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتتى ۋە مەيدانغا چۈشۈپ جەڭ ئېلان قىلدى.

قايا سەلچۇق ئوغلى تەلۋە دۇندار مەيدانغا چىقىپ، ئاتمىش تۇتام نەيزىسىنىڭ بىر ئۇچىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئېتىلىپ بېرىپ، كۆپار خانغا ئالدىدىن سانجاي دېگەندى، سانجىيالمىدى. كۆپار خانى ئۇنىڭ نەيزىسىنى قولىدىن يۇلۇۋېلىپ، ئاتمىش پاتمان گۈرزىسى بىلەن تەلۋە دۇندارنىڭ بېشىغا ئۇرغانىدى، ئۇ ئۆزىنى نەگە قويۇشىنى بىلمەي قالدى. غاز بويۇن ئارغىمىقىنىڭ بېشىنى بۇراپ لەشكەرلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ، ئۇلارنىمۇ تاشلاپ قاچتى.

ئۇنىڭدىن كېيىن قايتماس دۆلەك ئەۋرەن ئېتىنى ئۆكچىلەپ كېلىپ، ئالتە قاناتلىق چومىقى بىلەن خاننىڭ بېشىغا بىرنى ئۇرغانىدى، ئۇمۇ تەگمىدى. خان ئۇنىڭ چومىقىنى تارتىپ ئېلىپ، ئۆزىنىڭ گۈرزىسى بىلەن دۈمبىسىگە بىرنى ئۇرغانىدى، ئۇمۇ ئېتىنى ئارانلا كەينىگە بۇرىۋالدى. شۇنداق قىلىپ، تۆت سەركەردە

كۆپار خاننىڭ قولىدا ھالسىزلاندى.

ئەمدى غازلىق خوجا ئوغلى يەگىنەك مەيدانغا چۈشتى. ياش يىگىت ياراتقان ئاللاغا سېغىنىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت تىلىدى:

ئۇلۇغلاردىن ئۇلۇغسەن، ئۇلۇغ ئاللا،
ھېچكىم بىلمەس قانچىلىك سەن بۈيۈك ئاللا،
يەككە ـ يېگانە كەرەملىك ئاللا!
ئانىدىن تۇغۇلمىدىڭ، يا ئاتىدىن تۆرەلمىدىڭ،
ھېچكىم رىزقىنى يېمىدىڭ، ھېچكىمگە موھتاج
بولمىدىڭ،
ھەزرىتى ئادەمگە سەن تاج كىيدۈردۈڭ،
شەيتاننى سەن لەنەتلىدىڭ،
بىر گۇناھى تۈپەيلى، جەننەتتىن سۈردۈڭ!
نەمرۇت كۆككە ئوق ئاتقاندا،
قارنى يېرىق بىلىقنى قارشى تۇتقان كۈچلۈك ئاللا!
ئۇلۇغلۇقۇڭنىڭ چېكى يوق،
بويۇڭنىڭ ئۆلچىمى يوق.
ۋۇجۇدۇڭ يوق، گەۋدەڭ يوق ئاللا!
ئۇرغىنىنى ئۈستۈرمىگەن ئۇلۇغ ئاللا،
ئەزگىنىنى تۈيدۈرمىغان چېۋەر ئاللا،
ئۆرلەتكىنىنى كۆككە كۆتۈرگەن سېخىي ئاللا،
لەنەتلىكىنى يەرگە ئۇرغان تەڭداشسىز ئاللا،
بىرلىكىڭگە سېغىندىم قۇدرەتلىك ئاللا!
مەدەت سەندىن،
قارا تونلۇق كۆپارغا ئات سالدىم،
ئىشىمنى ئۆزۈڭ ئوڭلا!

ھايت ـ ھۇيت دېگۈچە يەگىنەك قارا تونلۇق كۆپارغا ئات چاپتۇرۇپ قويۇندەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ يەلكىسىگە بىر قىلىچ

ئۇرغانىدى، كۇپارنىڭ تۆمۈر ساۋۇتىدىن ئۆتۈپ، ئالتە ئىلىك چوڭقۇر پاتتى. قارا قېنى شۇرقىراپ ئېقىپ، كۆن ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا تولدى. كۇپار خاننىڭ بېشى يېرىلىپ قىيىن ئەھۋالدا قالدى. ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ قەلئەگە قاراپ قۇيرۇقىنى خادا قىلدى. يەگىنەك ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، قەلئە دەرۋازىسىغا بارغاندا يېتىشىۋالدى ۋە قارا پولات قىلىچى بىلەن گەجگىسىگە بىرنى ئۇرۇۋىدى، بېشى توپتەك دومىلاپ ئالدىغا چۈشتى.

يەگىنەك ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ يىگىتلىرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. بۇ ھالنى كۆرگەن كۇپارلار تۇتقۇن بولغان غازلىق خوجىنى قويۇپ بەردى. غازلىق خوجا ئوغۇز يىگىتلىرىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي بەگ يىگىتلەر، كۇپار خاننى قايسىڭلار ئۇجۇقتۇردۇڭلار؟ — دەپ سورىغاندىن كېيىن:

قايتاپاننىڭ ھىنگانلىرى[1] يۈكلۈك ئىدى،
نارمىدۇ[2]، ھىنگانمىدۇ ئۇنى بىلسەم!
يىلىنلىك قارا قويلىرىم يۈكلۈك ئىدى،
قوچقارمىدۇ، ساغلىقمىدۇ ئۇنى بىلسەم!
ئاھۇ كۆزلۈك ھالىلىم يۈكلۈك ئىدى،
ئوغۇلمىدۇ، قىزمىدۇ ئۇنى بىلسەم!

دېگەنىدى، يەگىنەك ئاتىسىغا ئۆزىنى مەلۇم قىلماي:

قايتاپاننىڭ ھىنگانلىرى يۈكلۈك بولسا، نار بولدى،
يىلىنلىك قارا قويلىرىڭ يۈكلۈك بولسا، قوچقار بولدى،
ئاھۇ كۆزلۈك ھالىلىڭ يۈكلۈك بولسا ئارسلان بولدى!

---

① ھىنگان — چىشى تۆگە.
② نار — ئەركەك تۆگە.

دېدى. يەگىنەك ئاتىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

شۇنداق قىلىپ، ئۇلار بىرلىكتە قەلئەگە ھۇجۇم قىلىپ، كۇپارلارنى تارمار قىلدى.

يەگىنەك ئاتىسى بىلەن قايتا گىرەلىشىپ، ئاللاغا شۈكۈرلەر قىلىشتى.

قەلئەنى ئېلىپ چېركاۋلارنى چېقىپ، ئورنىغا مەسچىتلەرنى سېلىپ ئەزانلار ئېيتقۇزدى. خۇدا يولىدا خۇتبىلەر ئوقۇتتى. بايندىرخانغا رەختلەرنىڭ ئېسىلىدىن تونلار كىيگۈزۈپ، قۇشنىڭ قىزىل قېنىدىن تارتىپ، قىزلارنىڭ گۈزىلىگىچە سوۋغا ـ سالاملار كەلتۈردى.

قورقۇت ئاتا كېلىپ، قوشاق قوشۇپ، بېيىت ئېيتىپ:

«بۇ ئوغۇزنامە يەگىنەكنىڭ بولسۇن، مەندىن كېيىنكىلەر تىلدىن ـ تىلغا، سازدىن ـ سازغا ئالسۇن. پېشانىسى ئوچۇق مەرد ـ مەردانىلەرگە يادنامە بولسۇن! ئالدىڭدىكى قارا تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن، بۈك ـ باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! ئاقسا-قاللىق ئاتاڭ يېرى جەننەت بولسۇن، ئاق چاچلىق ئاناڭ يېرى بېھىش بولسۇن! ئۇ دۇنيادا ئىماندىن ئايرىمىسۇن. ئاق پېشانەڭگە بەش كەلىمە دۇئا قىلدۇق، قوبۇل بولسۇن! گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەد مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!» دەپ دۇئا قىلدى.

# بەسەتنىڭ تۆپە كۆزنى ئۆلتۈرۈشى

«سۇ ئۇخلار، دۈشمەن ئۇخلىماس...»

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز ئېلى بىر يېغىغا دۇچ كەلدى. ئۇلار غاپىل بولۇپ قولغا چۈشسۇنمۇ! كېچىلەپ كۆچكە ئاتلاندى. ئۆزى يېنىك، باھاسى ئېغىر مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ يولغا چىقتى...

ئۇ كېچە ھېچكىمنىڭ تۇمشۇقى قانىمىدى، لېكىن زاكىسىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلگەنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، ئارۇز خوجىنىڭ بوۋاق ئوغلى يولدا چۈشۈپ قاپتۇ. تۈن قاراڭغۇسىدا بۇنىڭدىن ھېچكىمنىڭ خەۋىرى بولماپتۇ. تاڭ سۈزۈلگەندە قارىسا بالا يوق... ئاللا - كاللا دېيىشىپ، تاپا - تەنلەر قىلىشتى.

يىللار كەلدى - كەتتى. بىرقانچە يىللار ئۆتتى. ئوغۇزلار بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، پۇرسەتپەرەس كۇپارلارنىڭ ئەدىپىنى بەردى. ئۇلار يەنە ئۆز يۇرت - يايلاقلىرىنى تاپتى. تاغۇ تاشنىڭ يېڭىۋاشتىن جامالى كۈلۈپ، رەڭگىرويى تۈزەلدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە بايىندىرخاننىڭ يىلىلقچىسى كېلىپ ھەيران قالارلىق بىر خەۋەرنى يەتكۈزدى:

— كەرەملىك خانىم، — دېدى ئۇ، — ئېيتىشقا بارماس تىلىم، ئاجايىپ بىر مەخلۇق تۆرۈلۈپتۇ، بىز يۇرتتىن كۆچكەندىن كېيىن... مېڭىشى ئادەمدەك، ھۆۋلىشى ئارسلاندەك. بىراق، ئادەم دېسە ئادەم ئەمەس، ئارسلان دېسە ئارسلان ئەمەس. يىلقىغا بەرمىدى ئامان - ئارام، ھەر كۈنى بىرىنىڭ قېنىنى ئىچىپ يىلىكىنى شورىغان. ئۆز بېشىمدىن غەم قىلمىدىم ھېچقاچان،

بىراق، بۇنداق كېتىۋەرسە يۇرتىمىزنى قىلغۇسى ۋەيران!
ئارۇز خوجىمۇ شۇ يەردە ئىدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يەتمىش ئىككى مىڭ تۈكى تەتۈر ئۆرۈلدى:
— كەرەملىك خانىم، — دېدى ئۇ، — يۇرتىمىزدىن يات ئەلنىڭ قولى كېسىلدى. بۇ تاغلاردىن قۇش ئۇچماس، كارۋان كەزمەس ئەمدى. خۇدا ساقلاپ، ھېلىقى كۆچ كېچىسى يولدا چۈشۈپ قالغان ئوغۇلچىقىم بولمىغاي؟ مال ـ ۋارانغا ئارام بەرمىگىنىگە قارىغاندا، بەلكىم ئۇ ئارسلان، قاپلان سۈتى ئەمگەن بىرى بولغاي!
بۇ سۆزنىڭ تېگى تەكتىنى مۇلاھىزە قىلىپ كۆرگەن بەگلەر-نىڭمۇ ئەقلىگە شۇ پىكىر كەلدى. دەرۋەقە، قىلنى قىرىق يېرىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق ـ دە. ھەممەيلەن مەسلىھەتلەشكەندەك ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئارسلاننىڭ ئۇۋىسىغا بېرىپ، تۆت تەرەپتىن قاپساپ، ئارسلاننى قالـدۇرۇپ، ئوغۇلـچاقنى تـۇتۇپ ئۆيگە ئە-كەلدى.
قاراڭ، ئاللارنىڭ بۇ كارامىتىنى! دەل ئۇلارنىڭ دېگىنىدەك بولۇپ چىقتى. ئارۇز خوجىنىڭ خۇشاللىقىغا نېمە تەڭ كەلسۇن! قانچە كېچە ـ كـۈنـدۈز تـوي بېرىپ، قـوۋۇزلار چـالدۇرۇپ شاد ـ خۇراملىققا چۆمۈشتى.
ھالبۇكى، تاغ ـ دالانىڭ ھاۋاسىغا كۆنۈپ قالغان مەخلۇق يۇرت ئىچىگە كۆنسۇنمۇ. . . بىر كۈنى سەھەردە ئارۇز خوجا ئور-نىدىن تۇرۇپ قارىسا، ئوغۇلچىقى كۆرۈنمەيتۇ! دەرۋەقە، ئۇ ئۆيدە تۇرمىدى، نەچچە قېتىم ئېلىپ كەلسە يەنە ئارسلان ئۇۋىسىغا بېرى-ۋالدى. ھاسىلكالام، ياغ بىلەن بال بېرىپ، ئىسسىق ـ سوغۇققا ئۇچراتماي ماسۇق ئورۇن ـ كۆرپىلەردە ياتقۇزۇپ باقسىمۇ يەنە ئادەمگە ئۆگەنمىدى.
قارىغۇدەك بولسا ھېچ ئەپلەشكۈدەك ئەمەس ··· «ياشتىمۇ چوڭ، باشتىمۇ چوڭ، ئۆتسە ئۇنىڭ سۆزى ئۆتەر دېيىشىپ قورقۇت ئاتىنى چاقىرىشتى. قورقۇت ئاتا ئارۇزنىڭ ئوغلىنى يېنىدا ئول-تۇرغۇزۇپ ئىشارەت بىلەن:

— ئەي ئوغۇل، سەن بىر بەنى ئادەمسەن. نېمە ئۈچۈن ئۆمرۈڭنى هايۋانلار بىلەن ئۆتكۈزىسەن. ئىنسانلار ئارىسىغا كەل، ئۆيۈڭنى - ئوچىقىڭنى بىل، يۇرتۇڭنى - يايلىقىڭنى كۆر. چوڭلارنى هۆرمەت قىل، كىچىكلەرگە شەپقەت قىل. قىرغاۋۇلدەك دۈلدۈلغا مىنىپ، قۇرغۇيدەك يىگىتلەر بىلەن بەسلەش. ئەلدىن - ئالەمدىن نېمە قالغۇچىلىكىڭ بار؟ يىگىتكە ئات بىلەن ئاتاق كېرەك. نامى بىلەن ياشىغاي، ئاكاڭنىڭ نامى قايا سەلچۇق، سېنىڭ نامىڭ بەسەت بولسۇن. نامىڭنى مەن بەردىم، ئۆمرۈڭنى ئاللا بەرسۇن! — دېدى.

قانداقلا بولسۇن، قورقۇت ئاتىنىڭ ئابرۇي - هۆرمىتى بىلەن بەسەتنىڭ بېشى يۇرتقا باغلاندى. شۇ كۈندىن باشلاپ نە ئارسلان ئۈۋىسىغا قاراپ قويمىدى، نە قاپلان تېغىغا ئاياغ باسمىدى. ئىنسانلار ئىچىگە كېلىپ، يىغلىغانلار بىلەن يىغلاپ، كۈلگەنلەر بىلەن كۈلۈپ ئۆتتى…

ئۇ دەپ - بۇ دەپ، يەنە يايلاققا كۆچۈش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. ئوغۇزلار بىر كۈنى يايلاققا كۆچتى. ئارۇز خوجىنىڭ قوڭۇر خوجا ئىسىملىك سەرغايدى چوپان دەپ ئاتىلىدىغان بىر مالچىسى بولۇپ، ئوت - چۆپنىڭ تىلىنى ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ يايلاققا كۆچمەستىن ئاۋۋال هېچكىم كۆچمەيتتى. ئۇ يىل يەنە ئۇ قوي پادىسىنى ئالدىغا سېلىپ يايلاققا يول تۇتتى. ماڭدى - ماڭدى، چاڭ - تۇماننى كەينىدە قالدۇرۇپ، ساي - جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، كۆز باغلانغان چاغدا ئۇزۇنبۇلاق دېگەن مەشھۇر بىر بۇلاققا يېتىپ باردى. ئەمدىلا پادىنىڭ بېشىنى قايرىپ تۇرۇشىغا تۇيۇقسىز قويلىرى ئۈركۈپ پاتىپاراق بولۇپ، قوي بىلەن قوچقارلار ئارىلىشىپ كەتتى.

بۇنى كىمدىن كۆرسۇن! قارا باش قويدىن كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا باردى، تېكىگە ئاچچىقلاندى، نېرىراق بېرىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇلاقنىڭ بېشىدا ئاپئاق پەرىلەر قانات قېقىپ ئۇچۇشۇپ يۈرۈپتۇ.

چوپان چوپان بولۇپ، بۇ تاغلاردا كۆرمىگىنى قالمىغان بول-
سىمۇ، لېكىن بۇنداق ۋەقە ھېچ بېشىدىن ئۆتمەپتىكەن. بىر قا-
راپ، ئەس - ھوشىنى يوقاتتى. يەنە بىر قاراپ ئېسىگە كەلدى
ۋە دەرھال ئۈچىسىدىكى يەكتىسىز چاپىنىنى ئېتىپ ئۇلاردىن بىرىنى
تۇتۇۋالدى. پەرى قىز ئىككى كۆزى ئىككى بۇلاق بولغان ھالدا
يىغلاپ كەتتىكى، ئۇنىڭ نالىسىگە كىمنىڭمۇ يۈرىكى چىدىسۇن؟
قوي - قوزىلارنىڭمۇ تۈكلىرى تەتۈر ئۆرۈلۈپ كەتتى. چوپان پەرى
قىزدىن مېھرىنى ئۈزەلمەي ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. شۇ ئەسنادا،
قويلار ئۈركۈپ قېچىشقا باشلىغانىدى. چوپان قويلىرىنى توسقىلى
كەتكەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ پەرى قىز ئۇچۇپ بىر شاخقا
قونۇپ:
— ئەي چوپان، ھېچقاچان ئىنسان قولى تەگمىگەن ماڭا،
شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ، قالدىڭ گۇناھىمغا. ئوغۇز ئېلىنىڭ
بېشىغا تېرىدىڭ بالا. خەير، نە ئەيلەيكى، ۋابالى ئۆز بوي-
نۇڭغا! — دېدى.
چوپاننىڭ ئىچىگە بىر ئەندىشە چۈشتى. لېكىن، بۇنداق قور-
قۇنچلارغا ئۇ پىسەنت قىلسۇنمۇ! پەرى قىز كۆزدىن غايىب بولغان-
دىن كېيىن ئۇنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق بىر ئوت چۈشتىكى، بۇگۈننى
ئەتە قىلغۇچە تاقىتى تاق بولدى. كۈندۈزى خىيالدىن، كېچىسى
چۈشىدىن چىقمىدى. بۇ ھەسرەت ئۇنىڭغا ئۆلۈمدىنمۇ تەس كەلدى.
كۈندىن - كۈنگە سارغىيىپ سامان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىسمى
ئۇنتۇلۇپ «سارغايدى چوپان» بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئۇنىڭغا
«نېمە دەردىڭ بار» دەيدىغان كىشى چىقمىدى. قارا باش قويلارمۇ
ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى...
سارغايدى چوپان كۈنلەرنى باغلاپ قويالىسۇنمۇ! كۈنلەر ئۆ-
تۈپ يەنە باھار - يازلار كەلدى. قاتار - قاتار كۆچلەر يەنە يولغا
چىقتى...
ئەلنىڭ ئادىتى ئاردىن قالسۇنمۇ! ئۇنىڭ پادىسى ئۆتمەي
تۇرۇپ، ئۇ يوللاردىن كىم ئۆتسۇن! ئۇ ئېكىشىپ ئىچمەي تۇرۇپ

بۇلاقتىن كىم سۇ ئىچسۇن! ئوغۇزدىن ئىشارەت بولدى. سارغايدى چوپان پادىسىنى ھەيدەپ كۆچىنىڭ ئالدىغا چۈشتى. ماڭدى ـ ماڭدى، كېچىنىڭ بىر ۋاقتىدا ئۆزۈنبۇلاققا يېتىپ باردى. ئېڭىشىپ بىر يۇتۇم سۇ ئىچە ـ ئىچمەي قىرغاقتىن بىر سادا چىقتى:

— ھەي چوپان، «نېمە سالساڭ قازانغا، شۇ چىقار چۆمۈچۈڭگە» ئامانىتىڭ بار مەندە، شەيتان ئازدۇرغان يەردە، كېلەلىسەڭ كەل، ئالالىساڭ ئال!

«بۇ سادا ھېلىقى پەرى قىزنىڭ ئاۋازى بولمىسۇن يەنە!...» بىراق، نە پەرىنىڭ قانىتى كۆرۈنمىدى، نە ئۇ پەرىنىڭ ئۆزى. سارغايدى چوپان قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ يەنە بىر سىنچىلاپ قارىسا، دەل شۇ يەردە، ئۆتكەن يىلى قولى قولىغا تەگكەن يەردە غەلىتە بىر نەرسە يالتىراپ كۆرۈندى. ئۇ بىر دۆڭلۈكمىكىن دېسە دۆڭلۈك ئەمەس، چاڭ ـ توزانمىكىن دېسە ئۇنداق ئەمەس، يۇپيۇمىلاق، دوپدومىلاق بىر نەرسە ئىدى. چوپان كەينىگە داجىپ سالغا بىلەن تاش ئاتتى. قاراڭ ئاللانىڭ ھېكمىتىنى! ھېلىقى نەرسە تاش تەگكەنسېرى يوغىنىدى، يوغىنىغانسېرى ئاتتى... دېمەكچى، ئۇ ئالامەت ـ كارامەت بىر نەرسىگە ئايلاندى. بۇنى كۆرگەن قويلار تېخىمۇ ئۈركۈپ پىتىراشقا باشلىدى. چوپان ئۆزىمۇ چۆچۈپ قالدى.

قېنى ئۇ قورقماس چوپان! ئۇنىڭ يۈرىكىگە شۇنداق بىر قورقۇنچ چۈشتىكى، ھەممىنى ئۇنۇتتى. «بۇ كېلىشمەسلىكنى قاراڭلار! مەن ئۇ پەرىنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلماپتىكەنمەن، خۇدا ساقلاپ، ئوغۇزنىڭ بېشىغا بالا كەلتۈرىدىغان مەخلۇق شۇ بولمىسۇن يەنە! خەير، ئامانىتىمۇ ئۆزىنىڭ بولسۇن، ئۆزىنىمۇ كۆرگۈچى بولماي، ئاللا ئوغۇزنى زاۋالغا ئۇچراتمىسۇن.» دەپ تارقاپ كەتكەن پادىسىنىڭ كەينىدىن كەتتى.

شۇ كۈنلەردە خانلار خانى بايىندىرخان بەگلىرىنى يېنىغا ئېلىپ، تاغۇ تاشنىڭ ھالىنى سوراپ تاماشىغا چىققانىدى. ئۇ يايلاق سېنىڭ، بۇ يايلاق مېنىڭ دېيىشىپ، ئاتلىرىنىڭ بېشىنى ئۆزۈنبۇ-

لاقۇقا بۇرىدى. «دەردىمگە دەۋا، رەنجىمگە شىپا» دەپ بۇلاق سۈيى- دىن بىر يۇتۇم ئىچمەكچى بولۇۋىدى، ھېلىقى چوپانغا يولۇققان ئالامەتنى كۆرۈشۈپ، سۇنىمۇ، بۇلاقنىمۇ ئۇنتۇشتى. بەگلەردىن بىرى ئېتىدىن چۈشۈپ پۇتىنىڭ ئۇچىنى تەگكۈزۈپ بېقىۋىدى، ئۇ يوغىناشقا باشلىدى. يەنە تەگكۈزسە يەنە يوغىنىدى. يوغىنا - يوغىنا قانداقتۇ بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالدى. ئارۇز بەگ، «ئۇن- داق ئەمەس، مۇنداق!» دەپ بىرنى تېپىۋىدى، ئوتتۇرىسىدىن يېرىلىپ ئىككى پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن شۇنداق بىر مەخ- لۇق چىقتىكى، گەۋدىسى ئادەم، نە ئېغىز - بۇرنىنىڭ تايىنى يوق، نە يۈز - كۆزىنىڭ... توۋا دەيلى، بېشىنىڭ تۆپىسىدە كۆزى... ئۇلارنىڭ ئەقلى ھەيران، قۇيرۇقى سىڭايان بولدى. بىر قاراپ چۆچۈشتى، يەنە بىر قاراپ كالپۇكلىرىنى پۈرۈشتى. ھەر- قايسىسى بىرنېمە دەپ باقتى، لېكىن ھېچقايسىسى بىر قارارغا كېلەلمىدى.

ھەممەيلەننىڭ بېشىنى قاتۇرۇپ تۇرغىنىنى كۆرگەن ئارۇز خوجا بايىندىرخانغا قاراپ:

— ئەي كەرەملىك خانىم، نېمىگە ئەقىل سىنىشىپ تۇرماق؟ ئاللانىڭ ھېكمىتىگە بارمۇ سوئال قويماق! بەگلەر قورقسا، ئۆتو- نۇڭ ماڭا. بەسەت بىلەن بىللە بېقىپ چوڭ قىلاي. ئادەم بولسا ئادەم قىلاي، ھايۋان بولسا ئۇنى كۆرەي، بۆرە - قۇشقا يەم بولمىغاي! — دېدى. خانلار خانىمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ:

— راست ئېيتىسەن، ئارۇز خوجا، توغرا ئېيتتىڭ، — دېدى، — ياراتقان ئىگىسى نېمىگە قادىر ئەمەس... ئادەم ئەلەيھىسسا- لامنىمۇ توپىدىن ياراتمىدىمۇ! كۆڭلۈڭدىن كەچكەن بولسا ئال، سېنىڭ بولسۇن. چوڭ بولۇپ بوي تارتسا، تال سېنىڭ بولسۇن.

بۇ سۆز بىلەن ئارۇز خوجا تۆپە كۆزنى ئۆيىگە ئېلىپ بېرىپ، ئۆز بالىسىدەك پەپىلەپ باقتى. ئۇنىڭغا بىر ئىنىكئانا تېپىپ كەل- گەنىدى، بۇ مەخلۇق كۆكسىنى بىر شوراپلا ئۇنىڭ سۈتىنى قۇرۇت- تى. ئىككى شوراپ قېنى بىلەن يىلىكىنى قۇرۇتتى. ئۈچ شورىغان-

دا جىنىنى ئالدى.

«ئۇنىڭ رىزقى شۇنچىلىك بولسا كېرەك» دەپ يەنە بىر ئە-نىكئانا تېپىپ كەلگەنىدى، بۇ بىچارىنىڭمۇ كۆكسىنى تۇتقان پېتى قويۇپ بەرمىدى. ئۇمۇ ئالدىنقىسى كەتكەن يەرگە كەتتى.

«تەقدىر شۇنداقتۇ» دەپ يەنە بىر ئىنىكئانا تېپىپ كېلىنۋىدى. ئۇنىڭمۇ تەقدىرى شۇنداق بولدى. ئەمدى بويى بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ كىم ئۇنى ئېمىتسۇن! ئامالسىز سېغىن سۈت بىلەن باقماقچى بولدى. لېكىن، چىنە - چىنىلەپ بەرسىمۇ تويمىدى. جاۋۇرلاپ بەرسىمۇ چاق كەلمىدى. قازان - قازانلاپ پىشۇرۇپ ئىچكۈزدى. ئۇنىڭ ئىچىشىگە ئالەمچە قازان سۈت بولسىمۇ توشاما-دىغان، يەنە تويمىدى. بەسەتنىڭ نەسەبىنى قىسقارتسۇنمۇ! ئارزۇ خوجا بۇ ئارزۇلىغان ئازىلىقنى خان بىلەن چوپانغا دادلاپ:

— تويسا تويسۇن، تويمىسا كۆزىنى توپا تويدۇرسۇن. بۇ يېيە-شىدە بىزنىمۇ ساق قويمايدىغان ئوخشايدۇ! — دېدى. بىراق، خەل-قئالەمدىن نومۇس قىلىپ، چىشىنى چىشلەپ بۇ ھالنى ھېچكىمگە تىنغۇچى بولمىدى.

«ۋاي توۋا، شۇنچە يېگىنى نەگە كېتىدىغانغۇ؟» دەيدىغانسىز. تۆپە كۆز بىرىنىڭ ئورنىغا بەش ھەسسە يوغىنىدى. لېكىن، يوغى-نىغانچە ئارزۇ خوجىنىڭ بېشىغا تېخىمۇ بالا بولدى. قوينىڭ يېنىغا بارسا، يۇڭلىرىنى يۇلۇپ ئارام بەرمىدى، ئوغلى بىلەن ئوينىسا، ئۇرۇپ ئارام بەرمىدى. ئۇرۇپ - چاقمىغان نەرسىسى قالمىدى. بۇنى ئازدەپ، چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، باللارنىڭ بىرىنىڭ قول-قىنى چىشلەپ ئۇزۇۋالسا، بىرىنىڭ قولىنى قايرىپ سۇندۇردى. بىرىنىڭ تىلىنى تارتىۋالسا، بىرىنىڭ بۇرنىنى قاناتتى... ھاسىل-كالام، پۈتۈن يۇرتنى زار قاقشاتتى، شىكايەت ئۈستىگە شىكايەت ياغدى:

«ھە، ئارزۇ خوجا ئەمدى قاغىنى بېقىپ كۆزىنى چوقۇتسۇن! تۆپە كۆزنىڭ ئىنسان بالىسى ئەمەسلىكى كۆزىدىن بەلگىلىك تۇر-سا، يەنە نېمىدەپ ئۇنى ئارزۇلايدۇ...»

ئارۇز خوجا نېمە دېسۇن! كىشلەرنىڭ دېگىنى ھەممىسى
ھەق. دەرۋەقە، ئۇ ئۆيگە يولتىدىغان نەرسە ئەمەس - دە! ئاخىرى
«شەررىڭگە لەنەت!» دەپ ئۆيدىن قوغلىۋەتتى.
تۆپە كۆز قوغلاندى بولغاندىن كېيىن ھەممىدىن قۇرۇق قالغا-
نىدى. بىر چاغدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەرى ئانىسى پەيدا بولدى -
دە، ئۇنىڭ بارمىقىغا بىر سېھىرلىك ئۈزۈكنى سېلىپ قويۇپ:
— ئوغلۇم، بۇ ئۈزۈك بارمىقىڭدا تۇرسا، ساڭا نە ئوق ئۆت-
مەس، نە قىلىچ ... ئەمدى نەگە بارساڭ بار، نېمە قىلساڭ
قىل! — دەپ قويۇپ غايىب بولدى.
بۇنىڭ بىلەن تۆپە كۆز ئوغۇزلار ئىچىدىن چىقىپ سالاخانە
قىياسى دېگەن بىر تاغقا بېرىپ قاراقچىلىق يولىغا كىردى. يول
توساپ ئادەم بۇلاپ، مال - ۋارانغا تەگسىغۇ بىر گەپ، تالاي جانغا
زامىن بولدى.
بۇ ھال ئوغۇز بەگلىرىنىڭ قېنىنى قىزىتتى. لېكىن، ئۇنىڭ
تېرىسى تۆمۈر، يۈرىكى تاش، بارماقلىرىدا ھېلىقى ئۈزۈك بار
ئىدى. . . ئۇنىڭغا ئوق ئاتتى، ئۆتمىدى، قىلىچ چاپتى، كەسمى-
دى، نەيزە سانجىدى، تەشمىدى. قىسقىسى، ئۇنىڭ مويىنىمۇ
تەۋرىتەلمىدى. ئۇ يېمىگەن چوپان - چولۇق قالمىدى. ئوغۇزلار-
دىنمۇ ئادەم يېيىشكە باشلىدى.
پۈتۈن ئوغۇز قوزغىلىپ ئۇنى تۇتقىلى باردى. ئاۋۋىلى خۇدا،
ئۇنىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇۋەتمەكچى بولۇشتى. لېكىن، ئۇلار-
نىڭمۇ ھەپسىلىسى پۇر بولدى. تۆپە كۆز بۇ ئىسيانكارلارنى كۆرۈپ
شۇنداق غەزەپكە كەلدىكى، چوڭ بىر تۇپ دەرەخنى يىلتىزىدىن
قومۇرۇپ ئېلىپ ئۇلارنىڭ باشلىرىغا ئېتىپ، ئەللىك - ئاتمىش
ئادەمنى ئۆلتۈردى. ئوغۇزلار يەنە چېكىنمەي ئېلىشتى - چې-
لىشتى، تاغۇ تاشنى بېشىغا ياغدۇردى. لېكىن، تۆپە كۆزنىڭ
تۇمشۇقىمۇ قانىمىدى. شۇنداق قىلىپ، ئوغۇزلاردىن نى -
نى يىگىتلەر جېنىدىن ئايرىلدى. باتۇرلار سەردارى سالۇر قازاننىڭ
بېشىغا كەلگەنلەرنى سورىماي قويۇڭ. ئىنىسى قارا گۇنە تۇگە-

شىپ، بۇ غوۋغادا مۇرادىغا يەتمىدى... قايا سەلچۇقتىن ئايرىلىپ، ئارۇز خوجا قان يىغلىدى... تۆمۈر تونلۇق ماماق دەمسىز، پالۋان ئاتالغان رۇستەم دەمسىز، قانلىق بۇرۇت ئەمىن دەمسىز، ئاقسا- قاللىق ئارۇز خوجىنى سورامسىز. . . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى شېھىت- لىك شارابىنى ئىچتى، بەزىلىرى تۆپە كۆزگە ئەسىر چۈشتى. يۇرت ـ يايلاقنى شۇنداق بىر ماتەم باستىكى، ئوغۇزلار ئاللانىڭ بۇ بالاسىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆي ـ ماكانلى- رىنى تاشلاپ كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. ئۇلار قايسى يولغا چۈشسە، تۆپە كۆز جىن ـ شەيتاندەك ئالدىغا چىقىپ تىكىلىپ تۇردى. يەتتە قېتىم ئۈركۈپ قاچسىمۇ، يەتتىلىسىدە تۆپە كۆزنىڭ قولىدىن قۇتۇلالمىدى. قانداق قىلسۇن؟ ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق، ئەتراپى قاتمۇقات تاغلىق... ئۇلار قۇش ئەمەس، قانات قېقىپ ئۇچىدىغان، كۆچمەن دېگەن يېرىگە كۆچىدىغان. ئامال ـ چارىسىز قورقۇت ئاتىنىڭ ئايىغىغا يىقىلدى:

— بۇگۈنگىچە بىزگە ئاتا بولۇپ كەلدىڭىز. بېشىمىزغا كۈن چۈشسە سىزگە مۇراجىئەت قىلىمىز. ئاۋۋىلى خۇدا، يەتتە بەگلىك- نى باش ئەگدۇردۇق، لېكىن بۇ بالادىن قۇتۇلالمىدۇق. كۆچمەك- چى بولدۇق، كۆچەلمىدۇق. نېمە تەلەپ قىلسا بېرەيلۇق. بۇ يۇرت ـ ماكانىمىز بىر تىرىكچىلىك يولىغا چۈشسۇن... — دەپ يېلىنىپ يالۋۇردى. قورقۇت ئاتا ئۆزىنى ئايىسۇنمۇ، دەشتلەر كېزىپ، داۋانلار ئېشىپ تۆپە كۆزنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئوغلۇم تۆپە كۆز، ئوغۇز ئېلى سېنىڭ دەستىڭدىن قان يىغلاۋاتىدۇ. «بىر يۇتۇم سۇنىڭ قىرىق يىل ھەققى بار» دېگەن گەپ بار. سېنى بۇرنىگە، قۇشقا يېگۈزمەي باغرىغا بېسىپ ئاش بەرگەنلەرگە مۇشت بەرسەڭ، تۇزىنى يەپ تۇزلۇقىغا ئۇلتۇرساڭ، ئاللا راۋا كۆرەمدۇ؟ مەن ئايىغىڭغا يىقىلىپ، توپاڭنى يۈزۈمگە سۈرۈپ، سەن بىلەن كېلىشكىلى كەلدىم. ئەمدى قولۇڭنى كۆك- سۈڭگە قويغىن ـ دە، بىزدىن تىلەيدىغىنىڭنى تىلە... — دېگىنىدە، تۆپە كۆزنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى:

— ئەي قورقۇت ئاتا، تويمايدىغان قانچىلىك جېنىم بار دەي-
سىز. ئوزۇقۇمغا كۈندە ئاتمىش ئادەم بەرسە، ھېچكىمنىڭ بىر
تال مويىغىمۇ تەگمەيمەن، — دېمەسمۇ! بۇنى ئاڭلىغان قورقۇت ئاتا
لەۋلىرىنى چىشلەپ:
— ئەي تۆپە كۆز، ئاغزىڭنى شۇنچىۋالامۇ يوغان ئاچامسەن!
«يېگەنگە تاغ توشماس، يانغانغا كۆلخان.» ئادەم دېگەن ساڭا
ئوخشاش يەردىن چىقمايدۇ. بۇنداق پو ئېتىپ خامان سورىساڭ،
بۇ يايلاقتا ئادەم تۈگەپ جىن قالامدۇ! ئۇ چاغدا تاشنى يەمسەن؟
ئۇنىڭدىن كۆرە ئازمۇ دېمە، كۆپمۇ دېمە، باش - كۆزۈمنىڭ
سەدىقىسى بولسۇن، كۈندە ئىككى ئادەم بىلەن بەش قوي بېرەيلى.
سەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بىزگە تەگكۈچى بولما. ئاكا - ئۇكا بولۇپ
ئۆتەيلى بۇندا، چۈنكى، ھەممىمىزنىڭ ئاقىۋىتى توپا... — دېدى.
«شېرىن سۆز يىلاننىمۇ ئۇۋىسىدىن چىقىرار.» تۆپە كۆز
تىرەجەپ تۇرۇۋېلىپ پايدا ئالالمايدۇ - دە! ئۇ كۆزىنى قورقۇت
ئاتىغا تىكىپ:
— سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز ئۈچۈن شۇنداق بولسۇن. لېكىن
بۇلارنى پىشۇرۇپ بېرىشكە ئىككى ياردەمچى بېرىڭلار، — دېدى.
ئاللا يامانغا ئامان بەرمىسۇن، ھەرقانداق بولسا قورقۇت ئاتا
ئامان - ئېسەن قايتىپ كېلىپ، تۆپە كۆز بىلەن كېلىشكەن
كېلىشىمنى بىر - بىرلەپ بايان قىلدى. بۇ بالايىئاپەتنىڭ كۆزىدىن
ھەر بالا - قازا كۆرۈنۈپ تۇرسا، تەلپىنگە ماقۇل دېمەي ئامال
قانچە!
«بارسۇن، پىشۇرۇپ بەرسۇن ئۇغا - زەھەر، ئەلۋەتتە بۇ
كۈنلەرنىڭمۇ بىر ئايىغى چىقار!» دەپ يۆڭلۈق خوجا بىلەن جاۋىغى-
لىق خوجىنى ئەۋەتتى. ئالدىنقى تەلپىنگىمۇ بويۇن ئەگدى. تۆت
بالىسى بولغانلار بىرىنى بەردى، ئۈچى قالدى. ئۈچ تومۇچۇقى
بولغانلار بىرىنى بەردى، ئىككىسى قالدى. ئىككى قوزىچىقى بول-
غانلار بىرىنى بەردى، بىرى قالدى.
يۇرتلارنىڭ بىرىدە قاپاقخان دېگەن بىر خانىمان بار ئىدى،

ئۇنىڭمۇ بىر تىرىكى يىقىلىپ بىرى قالغانىدى. قانچىلىغان ئۆيلەرنىڭ ئوتى ئۆچۈپ، كۆلى كۆچكەندىن كېيىن نۆۋەت ئايلىنىپ يەنە ئۇنىڭغا كەلدى. ئۇنىمۇ تۆپە كۆزگە يېگۈزۈۋەتسە، ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن ئىشى ئۆز بېشىغا قالمامدۇ! بەختى قارا ئانىسى ئاسمان - زېمىنغا ئاھ - پەرياد قىلىشقا باشلىدى.

دەل شۇ كۈنلەردە ئارۇز خوجا ئوغلى بەسەتمۇ قايسىبىر جەڭدىن يېنىپ، ئاخىرقى قونالغۇنى شۇ يەردە ئۆتكۈزگەنىدى. بۇنى ئاڭلىغان ئانىنىڭ يۈرىكىگە بىر سۇ سېپىلدى: «ئۇ يىگىتكە بېرىپ ئايىغىغا يىقىلاي، ئەسىرلىرىدىن بىرىنى سوراپ ئېلىپ، ئوغلۇمنىڭ ئورنىغا بېرەي» دەپ ئويلاپ، ئالتۇن كۈنلۈكىنى تىكىپ ئولتۇرغان بەسەت خوجىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

بىلۈكى[1] ئالىقىنىغا سىغمايدىغان،
ئوقياسى تېكە مۈڭگۈزىدىن قاتتىق بولغان،
ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇزدا داڭقى بولغان،
خوجا ئارۇز ئوغلى خانىم بەسەت،
خۇدا ھەققىدە بىزگە بەرگىن مەدەت!

دەپ، بولغان - ئەتكەننى باشتىن - ئاخىر بايان قىلىپ، تۆپە كۆزنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنى بىر - بىرلەپ ئۇقتۇرغاندىن كېيىن:

— قاتتىق بىلەك، يۇمشاق يۈرەك رەھىمدىل بەسەت، ئۆيۈمنىڭ تىرىكى، كۆزۈمنىڭ گۆھىرى بىر ئوغۇلچىقىم قالدى پەقەت، قۇللىرىڭدىن بىرىنى بەر، ئۇنىڭ ئورنىغا تۆپە كۆزگە ئۆتكۈزەي سەپلەپ. ساڭا ئۆلگۈچە قۇل بولاي ئۆزۈم، ئۇ قانلىق كۈننى كۆرمىسۇن كۆزۈم، — دەپ كۆز ياشلىرىنى تاراملاتتى. بۇ ئاھۇ - زارغا چىدىمىغان بەسەت ئۇنىڭغا بىر ئەمەس، ئىككى قۇل بەردى. خۇشاللىقىدىن تىلى گەپكە كەلمەي كەتكەن ئانا دۇدۇقلاپ گەپ

① بىلۈك — ئوقدان.

قىلىمەن دەپ، بەسەتنىڭ ئاكىسى سەلچۇقنىڭمۇ نامى قالغانلار ئىچىدە ئىكەنلىكىنى ئاغزىدىن چىقىرىۋەتكەندى. بەسەت خوجىنىڭ يۈرىكىگە يىر مۇشت ئۇرۇلدى ـ دە، قاراڭغۇچىلىق باسقان كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، قېرىندىشىغا مۇنداق مەرسىيە ئوقۇدى:

تاغ باغرىغا تىكىلگەن ئوتاقلىرىڭنى
ئۇ زالىم ۋەيران قىلغاندۇ ئاكام!
ئېغىلدىكى يۈگۈرۈك ئاتلىرىڭنى
ئۇ زالىم تاللاپ مىنگەندۇ ئاكام!
سېمىز، قاۋۇل تۆگىلىرىڭنى
ئۇ زالىم يېتەكلەپ كەتكەندۇ ئاكام!
قوتاندىكى سېمىز قويلىرىڭنى
ئۇ زالىم يەپ تۈگەتكەندۇ ئاكام!
ئىشەنچ بىلەن ئالغان ھالىلىڭنى
ئۇ زالىم قويىنىغا ئالغاندۇ ئاكام!
ئاقساقاللىق خوجا ئاتام
ئوغلۇم دەپ يىغلىغاندۇ ئاكام!
ئاق چاچلىق بىچارە ئانام
باغرىم دەپ قاقشىغاندۇ ئاكام!
قارشى ياتقان قارا تېغىم چوققىسى ئاكام!
شارقىراپ ئاققان سۇلارنىڭ تاشقىنى ئاكام!
كۈچلۈك بىلىمنىڭ قۇۋۋىتى ئاكام!
قاراڭغۇ كۆزلىرىمنىڭ يورۇقى ئاكام،
قارشى ياتقان قارا تاغلار سەلچۇق دەپ يىغلىغاندۇ؟
شارقىراپ ئاققان سۇلار سەلچۇق دەپ زارلىغاندۇ؟
قېرىندىشىم كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپتۇ،
پانىي دۇنيادىن باقىي ئالەمگە كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ يىغىسى قۇش قانىتى قەلەم بولسا، يېزىپ تۈگەتكۈسىز

داستان بولدى. بۇ كۆز ياشلىرى ئۇنىڭ يىگىتلىكىگە ياراشماس. لېكىن جانجىگەر قېرىنداش - دە! جىگىرىگە چىدىسۇنمۇ؟ ئۇ تاغۇ تاشنى ياندۇرۇپ، ئاسمان - زېمىننى يارغۇدەك هازا تۇتتى.

بۇ دۇنيا ئۇنۇتقاق ۋە ئۇمىدۋار دۇنيا. ئارۇز خوجا سەلچۇقنى ئۇنتۇپ كېتەي دېسىمۇ، زېھنىدىن چىقىرالمىدى. بەسەت بىلەن ئۆزگە تەسەللى بېرەي دېسە، شۇنچە يىللاردىن بېرى خەۋىرىنى ئالالمىغاچقا، ئۇنىڭدىنمۇ ئۈمىدى ئۈزۈلگەندەك بولدى. ئانىسى بولسا، ئىككى كۆزى ئىككى بۇلاق بولۇپ، بىرى سەلچۇقنىڭ ئۆتىدا ئاقتى، بىرى بەسەتنىڭ يولىغا باقتى...

بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان بەسەت هېلىقى ئايالغا ئەسىرلەردىن بېرىنى بېرىپ يولغا سېلىنىۋەتكەندىن كېيىن، شۇ كېچىسىلا ئات چاپتۇرۇپ ئۆيىگە كېلىپ ئىشىكنى ئاچماسمۇ! گويا دۇنيا ئۇلارنىڭ بولدى. ئاقساقاللىق ئاتىسى ئۇنى چولاق قولى بىلەن قۇچاقلىدى، ئاق چاچلىق ئانىسىمۇ ئۇنى باغرىغا باستى. ئۇلار ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلىشىپ كۆرۈشتى، قېنىشماي مۇڭداشتى. بەسەت ئۇلارنى بېقىپ قاتارغا قېتىپ قويغان تۆپە كۆزنىڭ يۇرت - يايلاقلىرىغا كەلتۈرگەن بالايىئاپەتلىرىنى ئاڭلاپ، قوللىرىنى تىزلىرىغا ئۇرۇپ:

— ئۇ نامەردنىڭ بېرەي ئەدىپىنى! — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئاتا - ئانىسى بىر ياندىن، باشقىلار بىر ياندىن:

— ياق ئوغلۇم، جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ! تۆپە كۆز سەن بىلىدىغان تۆپە كۆز ئەمەس. ئۇنىڭ يېنىغا بارغىلى بولماس. ئوتنۇڭ ئۆچمىسۇن، كۆلۈڭ كۆچمىسۇن! — دېيىشتى.

قازان بەگمۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

قارا ئەجدىها بولۇپ چىقتى تۆپە كۆز،
ئەرشتە ئېلىشىپ ئالالمىدىم.
قارا قاپلان بولۇپ چىقتى تۆپە كۆز،
قارا تاغلاردا ئېلىشىپ تۇتالمىدىم.

شاھ ئارسلان بولۇپ چىقتى تۆپە كۆز،
زىچ ئورمانلاردا قولغا چۈشۈرەلمىدىم.
مەن قازانچە ئەمەسسەن بەسەت،
ئاقساقاللىق ئاتاڭنى يىغلاتمىغىن،
ئاق چاچلىق ئاناڭنى قاقشاتمىغىن!

قازان بەگنىڭ نەسىھىتىمۇ ئۈنۈمگە كار قىلمىدى:

— ئۆلۈمدىن باشقىسى بىكار! — دەپ قىلىچىنى ئېسىپ، ياينى ئالدى - دە، ئاتىسىنىڭ قولىغا سۆيۈپ رازىلىق ئېلىپ خوشلاشتى. ماڭدى، ماڭدى، ساي - جىلغىلاردىن ئۆتۈپ، تۆپە كۆز تۇرىدىغان سالاخانە قىياسىغا يېتىپ كەلدى.

تۆپە كۆز بىر خادا تاشنىڭ تۆپىسىدە كۈنگە دۈمبىسىنى قاقلاپ زوڭ ئولتۇراتتى. بەسەت ئۇنىڭ يۈرىكىنى چەنلەپ بىر ئوق ئېتتى، مويىمۇ تەۋرىمىدى. يەنە بىرنى ئېتتى، چىۋىن قونغاندەك بىلىندى. ئۈچىنچىسىدە ئوق پارچە - پارچە بولۇپ ئالدىغا چۈشكەندە، تۆپە كۆز ئورنىدىن تۇرۇپ، كەينىگە قاراپ بەسەتنى كۆردى - دە، خۇشاللىقىدا قوللىرىنى بىر - بىرىگە ئۇرۇپ قاقاقلاپ كۈلدى. «يەنە بىر سۈت قوزىسى كەلدى...» دېگىنىچە ئىككى سەكرەپ بىرىپلا بەسەتنى تۇتۇۋېلىپ، بوينىدىن ساڭگىلىتىپ ئەكېلىپ ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا سېلىپ قويدى ۋە يۇڭلۇق خوجا بىلەن جاۋغىلىق خوجىنى چاقىرىپ:

— ئەي خوجىلار، بۇ قوزا بۇ يەردە جان ئۈزۈپ تۇرسۇن. ئاخشاملىققا تېرىسىنى سويۇپ مەززىلىك كاۋاپ قىلىڭلار، چىشىمغا دورا بولسۇن! — دەپ تاپىلىغانىدىن كېيىن چۈشلۈك ئۇيقۇسىغا ياتتى.

بەسەت قورقۇشقا بوي بېرىدىغانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئاۋۋىلى خۇدا، ھەرقانداق تاشنىڭ ئاستىدىن پۈتۈن چىقاتتى. بىراق، تۆپە كۆزنىڭ ئايىغى ئاياغ ئەمەس، گويا بىر تۈگمەن تېشى ئىدى. بۇنداق ئاياغقا كىيىدىغان ئۆتۈك قانداق بولسۇن... بەختىگە يارىشا،

بەسەتنىڭ يىلان نەشتىرىدەك خەنجىرى يېنىدا ئىدى. ئۇنى ئېلىپ ئۆتتۈكنى ياردى ۋە دەرھال ھېلىقى خوجىلارنى تېپىپ تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن:

— ئەي ئاقساقاللىق خوجىلار، تۆپە كۆز دېگەن بۇ مەخلۇقنى قانداق ئۆلتۈرگىلى بولار؟ — دەپ سورىدى. ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى كاچاتلاپ:

— ئەي يىگىتلەرنىڭ يىگىتى بەسەت خوجا، بىز بۇ لەنتىنىڭ جان تومۇرىنى بىلسەك ئىدۇق، بۇرۇنلا جېنىنى جەھەننەمگە تۇغ-رىلايتتۇق. ئۇنىڭ تېرىسى تۆمۈر، سۆڭىكى پولات، كۆزىدىن باشقا يېرىدە گۆشى يوق… — دەپ ئەپسۇسلاندى.

— ئۇنداقتا بۇ زىخنى ئوتتا قىزىتىپ ئەپكېلىڭلار! — دېدى بەسەت. خوجىلار بۇنى جانلىرىغا مەدەت بىلىپ، يوغان بىر تال زىخنى قىپقىزىل چوغدەك قىزىتىپ ئېلىپ كەلدى. بەسەت تېشىل-مەس تاغلارنى تەشكۈچى تۆمۈرچىلەردەك تۆپە كۆزنىڭ بېشىغا تى-كىلىپ تۇرۇپ: «يائاللا!» دەپ ھېلىقى زىخنى تۇۋىگىچە پاتۇرۇ-ۋىدى، تۆپە كۆزنىڭ كۆزىنىڭ نۇرى شۇ ھامان ئۆچۈپ، ئۇنىڭ پەريادىدىن تاغۇ تاشلار زىلزىلىگە كەلدى.

قولىغا چۇشسە تىرىك يۇتارمىش! تۆمۈر بىلەكلىك بەسەت چەبدەسلىك بىلەن چاچراپ تۇرۇپ ئۆزىنى بىر غارغا ئاتتى. جان قايغۇسىدا تۇرغان قوزىچاقلار بۆرە كەلدى دەپ قالسا كېرەك، ئەنسىز مەرىشىپ كەتتى. تۆپە كۆز ئۆزىنى كۆزدىن ئايرىغاننىڭ يادىغا كىرگىنىنى سېزىپ، سىلاپ - سىيپاپ كېلىپ غارنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

بەسەت ئۇنىڭ نىيىتىنى سەزدى - دە، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە بىر قوچقارنى سويۇپ تېرىسىگە يۆگىنىۋالدى.

— قوينىڭ بېشى تېكە، قېنى سەن چىق ئاۋۋال، ئەگىشىپ چىقسۇن باشقىلار… — دېدى تۆپە كۆز غارنىڭ ئاغزىدا تۇرۇپ. ئۇ تېكە قوچقار، قوي - ئۆچكىلەرنى بىر - بىرلەپ قولدىن ئۆتكۈز-دى. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ قولىدا بىر قوچقارنىڭ تېرىسى قالدى.

شۇنداق قىلىپ، بەسەتنى قولغا چۈشۈرەلمىدى. بەسەت تۆپە كۆز-نىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كۈلۈپ تۇرۇپ دېدى:
— كەيپىڭ قانداق تۆپە كۆز؟
— بۆرە ئوغلى بۆرە، قۇتۇلدۇڭمۇ قولۇمدىن؟
— خۇدا ئۆزى قۇتۇلدۇردى سېنىڭ قولۇڭدىن، لېكىن قۇتۇل-مايسەن مېنىڭ قولۇمدىن!
تۆپە كۆز، «شەيتانغا ساۋاق بېرىدىغان بۇ ئەبلەغ ئاسانلىقچە قولغا چۈشىدىغاندەك ئەمەس» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا بىر تۇزاق قۇرماقچى بولدى:
— ئامان بول يىگىت، قولۇڭغا چۈشتۈم. بىر تال كۆزۈمدىن ئايرىپ، دۇنيانى زىندان ئەيلىدىڭ، ياش جېنىمغا بولمىساڭ زا-مىن، بۇ تىلسىمات ئۈزۈكنى ساڭا بېرەتتىم. ئۇنى قولۇڭغا سېلى-ۋالساڭ نە ئوق ئۆتمەس، نە قىلىچ كەسمەس، دەپ ئۈزۈكنى ئۇزاتقانىدى، بەسەت چاققانلىق بىلەن ئۈزۈكنى يەرگە چۈشۈرۈپ ئالاي دەپ ئېڭىشىشىگە، تۆپە كۆز پىچىقىنى چىقىرىپ غەزەپ بىلەن ئاتتى. قۇش قاناتلىق يىگىت ئۆزىنى قىرىق غۇلاچ نېرىغا ئاتمىغان بولسا، ئالىماللا، پارە - پارە بولۇپ كېتەر ئىدى.
بەسەت بۇ ئويۇندىن قۇتۇلۇپ، يەنە تۆپە كۆزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كۈلۈپ قويۇپ دېدى:
— كەيپىڭ قانداق، تۆپە كۆز؟
— بۆرە ئوغلى بۆرە، قۇتۇلدىڭمۇ پىچىقىمدىن؟
— خۇدا ساقلىدى، پىچىقىڭ كەسمىدى بوينۇمنى. ئەمما، كەسكۈسى سېنىڭ بوينۇڭنى!
بۇ تۇزاقمۇ بىكار بولغاندا، تۆپە كۆز يەنە بىر پىلان قۇرۇپ بەسەتنىڭ كۆزىگە توپا چاچماقچى بولدى:
— ئامان بول يىگىت، گۇناھ مەندە ئەمەس، پىچاقتا. تەڭرى-دىن تىلەيمەنكى، ئۇ سانجىلسۇن دۈشمەن كۆكسىگە، سەن بىر مەردلىك قىلىپ تەقدىم قىلساڭ قېنىڭنى، مەنمۇ ساڭا تەقدىم قىلاي مۇشۇ قۇببە ئىچىدىكى خەزىنەمنى! — دېدى ئۇ.

بەسەت ئۇنىڭ بۇ قىلتىقىنىمۇ بىلىپ تۇرۇپ قۇببىگە كىرىپ قاراپ باققاندى. كۆز كۆرۈپ، قۇلاق ئاڭلاپ باقمىغان، ئىنسان ئەقلى يەتمەيدىغان بىر خەزىنە ئىكەن. كۈمۈش تەڭگە دېگەن نېمە قىلسۇن، پۇتۇنلەي ئالتۇن، پىل چىشى، ھىندىستان، چىن ماللى-رىغا كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ... تۆپە كۆز قانچىلىغان كارۋانلارنى قى-رىپ، قانچىلىغان سودىگەرلەرنى تالان - تاراج قىلغانلىقىنى كىم بىلسۇن؟

بەسەت خەزىنىنىڭ ئاغزىنى پېچەتلەپ چىقىدىغان ۋاقتىدا تۆپە كۆز بىر مۇشت ئۇرۇپ، قۇببىنى ئۇنىڭ بېشىغا دۈم كۆمتۈردى. قەلبىگە ئاللانى پۈككەن يىگىت: «لائىلاھە ئىللەللا، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېيىشى بىلەن قۇببە يېرىلىپ، يەتتە يېرىدىن يەتتە ئىشىك ئېچىلدى.

بەسەتنىڭ بىر تال مويىمۇ زەخىملەنمەي قۇتۇلۇپ چىقىپ، يەنە تۆپە كۆزنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ دېدى:

— كەيپىڭ قانداق بۇرادەر؟

— بۆرە ئوغلى بۆرە، قۇتۇلدۇڭمۇ قۇببىدىن؟

— ئاللا ئۆلتۈرمەيمەن دېسە ئۆلتۈرمەيدۇ ئىنساننى. سەن قۇب-بىنى كۆمتۈرەلمىدىڭ بېشىمغا، لېكىن مەن دۇنيانى كۆمتۈرىمەن سېنىڭ بېشىڭغا!

بۇ پىلانمۇ بۇزۇلغاندا، تۆپە كۆز يەنە بىر شەيتانلىقنى ئويلىدى:

— ئەي يىگىت، ساڭا يەنە بىر نەرسە دېيىشكە بارمايدۇ تىلىم. ئۆلتۈرسەڭمۇ ئۆلتۈرگىن، بىر چېپىشتا ئۆلتۈرگىن. ھەرقانداق قىلىچ ئۆتمەس ماڭا، ئېسىقلىق ئىككى قىلىچ بار، بۇ ھاڭ تاشنىڭ ئارقىسىدا. بىرى قىنسىز، بىرى قىنىدا، ئۆتسە شۇ قىنسىزى ئۆتەر ماڭا، — دېدى.

بەسەت يەنە بىر قاپقانغا چۈشۈشنى سەزمەي قالسۇنمۇ، سەزدى - يۇ، «بۇ ئويۇننىڭ ئاخىرى نەگە بارىدىكىن؟» دەپ بېرىپ قارىسا، راست ئۇ دېگەن ئىككى قىلىچ تۇرۇپتۇ. بىرى

قىنىدا ئۇخلاپ يېتىپتۇ، قىنسىز قىلىچ ئېسىلغان ئورنىدا ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. ئۇ شۇنداق ئۆتكۈر قىلىچ ئىكەنكى، يېنىغا بارغىلى بولماسمىش، بەسەت ئېھتىيات بىلەن ئۆز قىلىچىنى ھېلىقى قىلىچقا تەگكۈزۈپ بېقىۋىدى، قىلىچى ئىككىگە بۆلۈنۈپ كەتتى.

«دۇرۇس، تۆپە كۆزنىڭ بېشىنى بۇ قىلىچ كېسەر، لېكىن ھۇنەر ئۇنى ئۇ يەردىن قانداق چۈشۈرۈشتە...» بەسەت ئويلاپ باقسا ھېچ قاملاشمىدى. قىلىچ ئېسىلغان يەرگە بىر ئوق ئېتىۋىدى، قىلىچ چۈشتى - يۇ، قاپ بېلىگىچە يەرگە پېتىپ كەتتى. تۆمۈر بىلەكلىك يىگىت «يائاللا!» دەپ ئۇنى سېپىدىن تۇتۇپ يەردىن سۇغۇرۇۋالدى - دە، تۆپە كۆزنىڭ ئالدىغا بېرىپ دېدى:

— كەيپىڭ قانداق تۆپە كۆز؟

— بۆرە ئوغلى بۆرە، قۇتۇلدۇڭمۇ قىلىچىمدىن؟

— خۇدا قۇتقۇزدى، مەن قۇتۇلدۇم سەندىن. لېكىن سەن قۇتۇلالمايسەن مەندىن. ئەمدى ئويۇن تامام، ھازىر بول ئەجىلىڭگە ھامان!

تۆپە كۆز بېشىنى ئېگىپ مۇنداق دېدى:

كۆزۈم، كۆزۈم، تاق كۆزۈم!
سەن بىلەن مەن ئوغۇزلارنى يەڭگەنتىم.
بۇ كۆزۈمدىن ئايرىدىڭ يىگىت مېنى،
شېرىن جاندىن ئايرىسۇن تەڭرى سېنى.
مەن تارتىمەن ئەمدى كۆزنىڭ دەردىنى،
ھېچكىمگە بەرمىسۇن قادىر ئاللا كۆز دەردىنى!
ئىرغىپ مەيدانغا چىققان يىگىت يۇرتۇڭ قەيەر؟
قاراڭغۇ كېچىدە يولدىن ئازساڭ ئۇمىدىڭ نېمە؟
ئېگىز تۇغ كۆتۈرگەن خانىڭلار كىم؟
ياۋنى تىز پۈكتۈرگەن باتۇرۇڭلار كىم؟
ئاقساقاللىق ئاتاڭنىڭ ئىسمى نېمە؟
باتۇرلار نامىنى يوشۇرماس،
ئېيتقىنا ئەي يىگىت، نامىڭ نېمە؟

بەسەت تۆپە كۆزگە مۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇرغان يېرىم ئوغۇز ئېلى،
قاراڭغۇ كېچىدە يولدىن ئازسام ئۇمىدىم تەڭرى!
يەتتە يۇرتقا ھاكىم خانىمىز بايىندىرخان،
تۇغچىمىز سالۇر قازان، خان قازان!
ئاتامنى سورىساڭ يوغان ياغاچ،
ئانامنىڭ نامى شاھ ئارسلان!
ئارۇز ئوغلى بەسەتمەن نامىمنى سورىساڭ!

— ئۇنداقتا قېرىنداش ئىكەنمىز، زامىن بولما جېنىمغا! —
دەپ يېگىۋاشتىن يالۋۇرۇشقا باشلىدى تۆپە كۆز.
بۇ سۆزنى ئاڭلاپ تېخىمۇ غەزەپلەنگەن بەسەت مۇنداق دېدى:

يۇم ئاغزىڭنى تۇزكور، يۇم ئاغزىڭنى،
ئاغزىڭغا ئالما قېرىنداش دېگەن سۆزنى،
قېرىنداش ئەمەسسەن، زەھەرلىك يىلان،
شۇنچە جانغا زامىن بولارمىدىڭ ئىنسان بولساڭ!
ئاقساقاللىق ئاتامنى يىغلاتقان سەن ئەمەسمۇ؟
ئاق چاچلىق ئانامنى زارلاتقان سەن ئەمەسمۇ؟
ئاكام سەلچۇققا زامىن بولغان سەن ئەمەسمۇ؟
ئاي يۇزلۇك يەڭگەمنى تۇل قويغان سەن ئەمەسمۇ؟
قارا كۆزلۈك بوۋىقىنى سەل ئەيلىگەن سەن ئەمەسمۇ؟
ئۆيۇم - ئوچىقىمنى كۇل ئەيلىگەن سەن ئەمەسمۇ؟
قارا پولات قىلىچىمنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋالمىغۇچە،
قارا بۆكلۈك ئىت كاللاڭنى چاپمىغۇچە،
قىزىل قېنىڭنى يەر يۇزىگە چاچمىغۇچە،
ئاكام قايانىڭ ئىنتىقامىنى ئالمىغۇچە،
ھەرگىز بوش قويۇپ بەرمەيمەن سېنى!

تۆپە كۆزنىڭ قارا يۈزلۈكى يۈزىگە ئۆرۈلگاندا، گۈناھىنى ئۆزىگە ئېلىپ مۇنداق دېدى:

ئىرغىپ ئورنۇمدىن تۇراي دەيتتىم،
ئوغۇز بەگلىرىگە ياناي دەيتتىم،
ياش ئەۋلادلىرىنى قىراي دەيتتىم،
ئاقساقاللىق خوجىلارنى كۆپ يىغلاتتىم،
ئاق چاچلىق ئانىلارنى كۆپ قاقشاتتىم،
نارەسىدە ئوغۇل قىزىنى كۆپ يېدىم.
كۆزۈم ـ كۆزۈم، دۇنيانى يەپ تويمىغان كۆزۈم،
نى ـ نى يىگىتلەرنىڭ بېشىغا چىققان كۆزۈم.
كىم بىلسۇن، كىملەرنىڭ ئاھى تۇتتى سېنى،
ئەمدى تۇپراق تويدۇرسۇن سېنى كۆزۈم!

بەسەت غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، «كېيىنكى پۇشايمان ئۆزىگە دۇشمەن، ئۆز پۇتىنى چاپىقاي، كىشىگە پالىتا كۆتۈرگەن!» دەپ، دېۋىدەك تۆپە كۆزنى ئالدىغا تىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۆز قىلىچى بىلەن چاپتى بوينىنى. يايىنىڭ كىرىچىنى تاقاپ ئىتتەرگىنىچە، غارنىڭ ئاغزىغا كەپلىدى بېشىنى!...

يۈگلۈق خوجا بىلەن جاۋغىلىق خوجا كېلىپ بەسەتنىڭ پېشانىسىگە سۆيگەندىن كېيىن، ئۇچقاندەك بېرىپ ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى، ئۇلارمۇ چاقماق تېزلىكىدە تەرەپ ـ تەرەپكە خەۋەر ئۇستىگە خەۋەرلەر ئۇچۇردى. ئارغىماقلىرىغا ئاتلانغانلار سالاخانە قىياسىنىڭ يولىغا چۈشتى. يەتتە ياشتىن ـ يەتمىش ياشقىچە ئوغۇز ئېلى بىر يەرگە جەم بولۇشتى. جاھانغا سىغمىغان تۆپە كۆزنىڭ بېشىنى بەسەتنىڭ ئايىغى ئاستىدا كۆرگىنىدە، دۇنياغا يېڭىۋاشتىن كەلگەندەك بولۇشۇپ، ئالەمگە سىغماي كېتىشتى. ئۇلار شۇنداق بىر شادلىق ـ شادىمانلىقتا چۆمۈشتىكى، قويۇۋېرىڭ!

قورقۇت ئاتىمۇ يېتىپ كېلىپ قوشاق قوشۇپ بېيىت ئېيـ

تىپ، غازى قالغانلارنىڭ بېشىدىن كەچكەنلەرنى تىزىپ داستان قىلدى ۋە بەسەتنى مۇبارەكلەپ مۇنداق دۇئا قىلدى:

«قارا تاغقا بارغىنىڭدا يولۇڭ بولسۇن! قانلىق سۇلاردىن ئۆتكىنىڭدە كېچىك بەرسۇن! ئەرلىك بىلەن قىرىندىشىڭنىڭ قېنىد-نى ئالدىڭ، ئوغۇز ئېلىنى زور ئاپەتتىن قۇتۇلدۇردۇڭ، قادىر ئاللا يۈزۈڭنى يورۇق قىلسۇن! بۇ ئوغۇزنامە بەسەتنىڭ بولسۇن! ئەبەدىلئەبەدكە سازلار چېلىنىپ، تىللاردا داستان بولسۇن! ئاللا مۇراد ـ مەقسىتىڭگە يەتكۈزسۇن! سېنى يۇرت ـ يايلىقىمىزغا ئاتا قىلسۇن!»

# بىگىل ئوغلى ئەمرەن

قامغان ئوغلى خان بايىندىر كۆنلەرنىڭ بىرىدە قەددىنى رۇس-
لاپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، كاتتا ئاق ئۆيىنى قارا يەرگە تىكتۈر-
دى. ئالا سايىۋەنلەر كۆك يۈزىگە ھۆسن بەردى. مىڭ يەرگە يىپەك
زىلچىلارنى سالدۇرۇپ، ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇز بەگلىرىنى بىر
يەرگە جەم قىلدى.

توققۇز تۈمەن ئادىمى بار گۈرجىستاننىڭ[1] ئۆتەشكە تېگىشلىك
بېجى كەلدى. بۇ يىل ئۇلار بىر ئات، بىر قىلىچ، بىر چوماق
كەلتۈرگەنىدى. بايىندىرخان بۇنىڭغا ناھايىتى خاپا بولدى. شۇ
ئەسنادا قورقۇت ئاتا مۇبارەكلەپ كېلىپ:

— شاھىم، ئۆزلىرى خاپىمۇ؟ — دېدى.

— نېمىشقا خاپا بولماي، ھەر يىلى تىللا بىلەن تەڭگە كېلەت-
تى. يىگىت، بەگلەرگە تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ئۇلارنى خۇش
قىلاتتۇق. ئەمدى ئۇنى كىمگە بېرىپ، كىمنىڭ كۆڭلىنى ئالى-
مىز! — دېدى بايىندىرخان.

— شاھىم، بۇنىڭ ئۈچىلىسىنى بىر يىگىتكە بېرەيلى، ئۇ
بېرىپ ئوغۇز ئېلىگە قاراۋۇل بولسۇن، — دېدى دەدە قورقۇت.

— قايسىڭلار ئالىسىلەر؟

دەدە قورقۇت ئوڭ - سولىغا قارىدى، ھېچكىم چىقمىدى.
ئۇ بىگىل ئىسىملىك بىر يىگىتكە قاراپ:

— سەن نېمە دەيسەن؟ — دېدى.

ئۇ يىگىت خوپ دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ يەرنى سۆيدى.

---

[1] گۈرجىستان — كاپكازىيىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى بىر رايون. ئۇ گۈرجى دەپ ئاتىلىدىغان ۋە شۇ تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتنىڭ يۇرتى.

قورقۇت ئاتا ھەممەت قىلىچىنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېسىپ، چوماقنى مۇرىسىگە قويۇپ، ئوقيانى بېلىگە قىستۇردى.

بېگىل شاھۋاز[1] ئارغىماققا مىنىپ، ئۇرۇق - جەمەتىنى ئېلىپ، ئۆي - ئوتاقلىرىنى چۇۋۇپ، ئوغۇز ئېلىدىن كۆچۈپ، بەردى، كەنجى دېگەن جايلارغا بېرىپ ئۆي - ئوتاق تىكىپ، يۇرت - ماكان قۇرۇپ، توققۇز تۇمەن نوپۇسلۇق گۇرجىستان ئاغزىدا قاراۋۇللۇق قىلدى. ياقا يۇرتتىن كۆپار كەلسە كاللىسىنى ئېلىپ ئوغۇزغا سوۋغا قىلدى...

بېگىل بايىندىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا يىلدا بىر قېتىم كېلىپ كېتەتتى. بۇ قېتىم يەنە بايىندىرخان ئۇنى تەكلىپ قىلىپ ئادەم ئەۋەتتى. بېگىل ئوردىغا قەدەم تەشرىپ قىلىپ، تەكەللۇپ بىلەن بايىندىرخاننىڭ قولىنى سۆيۈپ، سوۋغا - سالىمىنى سۇندى. خانمۇ ئۇنى ياخشى كۇتۇۋېلىپ، ياخشى ئات مىندۈرۈپ، ئېسىل تون كىيدۈرۈپ، ئالدىغا نۇرغۇن پۇل قويدى. خان بەگلىرىگە بېگىلنى ئۈچ كۈن ئوۋ گۆشى بىلەن مېھمان قىلىشقا ئەمر بەرگەندى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇلار شىكارغا چىقماقچى بولۇشتى.

ئوۋ ھازىرلىقى باشلاندى. بەزىلەر ئېتىنى ماختىسا، بەزىلەر ئوقيا ئېتىشى بىلەن ماختاندى. سالۇر قازان نە ئېتىنى ماختىماي، نە ئۆزىنى ماختىماي بېگىلنىڭ ھۈنىرىنى ماختىدى.

ئۈچ يۈز ئاتمىش پالۋان ئاتلىنىپ بۇغا - مارالغا يۈرۈش قىلسا، بېگىل نە ئوقيايىنى قۇرمايتتى، نە ئوق ئاتمايتتى. دەرھال ئوقيايىنى قولىغا ئېلىپ بۇغا - مارالنىڭ بېشىنىڭ ئۈستىدىن بىر ئوق ئېتىپلا توختىتىۋالاتتى. ئەگەر مارال ئورۇق بولسا، ئۇنىڭ قۇلىقىنى تىلىپ ئەن سېلىپ قويۇۋېتەتتى، سېمىز بولسا بوغۇزلايتتى. بەگلەر كېيىك ئوۋلاپ يۈرۈپ ئەگەر قۇلىقى تىلىنغان كېيىكنى تۇتۇۋالسا، بېگىلنىڭ ئىزدىگىنى شۇ دەپ ئۇنىڭغا ئېلىپ كېلەتتى.

① شاھۋاز — جەسۇر، باتۇر مەنىسىدە.

— بۇ ھۈنەر ئېتىنىڭمىدۇ، ئۆزىنىڭمىدۇ؟ — دەپ سورىدى قازان بەگ.

— ئۆزىنىڭدۇر، خانىم، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

— ياق، ئات يارامسىز بولسا، ئەر ماختانماس. ھۈنەر ئاتنىڭدۇر، — دېدى خان.

بۇ سۆزنى بېگىل خوپ كۆرمىدى.

— پالۋانلار ئىچىدە پېقىرنى قارنىمىغىچە پاتقاققا پاتۇردىڭىز، — دېدى ئۇ ۋە بايىندىرخاننىڭ سوۋغاتلىرىنى ئالدىغا تاشلاپ بېرىپ، ئاچچىقلاپ ئوردىسىدىن چىقتى ـ دە، خۇمار كۆز يىگىتلىرىنى باشلاپ، ئېتىنى قامچىلاپ ئۆيىگە كەلدى.

ئوغۇللىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئەمما ئۇ ئۇلارنىڭ بېشىنى سىلىمىدى، ساھىبجامال خوتۇنى چىقتى، ئۇنىڭغىمۇ چىرايىنى ئاچمىدى. خوتۇنى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭ ھالىنى سورىدى:

ئالتۇن تەختىمنىڭ ئىگىسى بېگىم يىگىت!
كۆز ئېچىپ كۆرگىنىم،
كۆڭۈل بېرىپ سۆيگۈنۈم يىگىت!
قەددىڭ رۇسلاپ ئورنۇڭدىن دەس تۇردۇڭ،
خۇمار كۆز يىگىتلىرىڭنى يېنىڭغا ئالدىڭ،
ئەگرى بەللىك ئالا تاغدىن ئېشىپ ئۆتتۈڭ،
ھەيۋەتلىك ئېقىن سۇدىن كېچىپ ئۆتتۈڭ،
ئاق پېشانە بايىندىرخان ھۇزۇرىغا كېچىلەپ باردىڭ،
خۇمار كۆز بەگلەر بىلەن ھەمتاۋاق بولدۇڭ.
خان جەمەتى بىلەن پالۋانلىرىڭ تونۇشتىمۇ؟
ياكى غېرىب بېشىڭ غوۋغادا قالدىمۇ؟
ئېيتقىن خانىم، تېگىڭدىكى شاھۋاز ئېتىڭ يوقمۇ؟
ئۇچاڭدا تونۇڭ، بېشىڭدا دۇبۇلغاڭ[1] يوقمۇ؟
خۇمار كۆز ئوغۇللىرىڭ بىلەن سۆزلەشمىدىڭ،

---

① دۇبۇلغا — جەڭدە باشقا كىيىدىغان تۆمۈر قالپاق.

ساھىبجامال خوتۇنۇڭغا چىراي ئاچمىدىڭ،
ئېيتقىنا خانىم نەدۇر ھالىڭ؟

بېگىل جاۋابەن شۇنداق دېدى:

خاندىن تەكلىپ بولغاچ ئورنۇمدىن تۇردۇم،
يايلىسى قارا، غاز بويۇن تۇلپارغا مىندىم.
ئەگرى بەللىك قارا تاغدىن كېچىلەپ ئۆتتۇم،
ئاق پېشانە بايىندىرخان ھوزۇرىغا ۋاقتىدا باردىم.
خۇمار كۆز بەگلىرى بىلەن مېھمان بولدۇم،
خان جەمەتى بىلەن ھەيۋەتلىك شىكاردا بولدۇم،
خان نەزەرىدىن چۈشكىنىمنى شۇندا كۆردۇم.
ئەل - يۇرتنى كۆچۈرۈپ كېتەيلى مۇندىن،
كېتەيلى توققۇز تۇمەن گۇرجىستانغا،
قارارىم شۇ بىلىپ قويغىن—
باش كۆتۈردۇم ئوغۇزخانىغا!

— ئەي يىگىتىم، بەگ يىگىتىم، پادىشاھلار تەڭرىنىڭ كۆلەڭ-گىسىدۇر. پادىشاھىغا باش كۆتۈرگەننىڭ ئىشى تەستۇر. كۆڭۈلدە كىر بولسا شاراب ئاچىدۇ، سىز بۇنىڭدىن كەتكەندىن بېرى تاغلى-رىڭىز ئوۋلانمىدى. شىكارغا چىقىڭ، ئېچىلسۇن كۆڭلىڭىز كى-رى، — دېدى خوتۇنى.

بېگىل خوتۇن كىشىنىڭ ئەقلىمۇ ئەقىل دەپ قاراپ، غاز بويۇن تۇلپارىغا مىنىپ شىكارغا چىقتى.

ئۇ ئوۋ ئوۋلاپ يۈرسە ئالدىغا بىر ئاقساق كىيىك ئۇچرىدى. بېگىل ئۇنىڭ كەينىدىن ئات سېلىپ يېتىشىپ، يايىنىڭ كىرىچىنى كىيىكنىڭ گەجگىسىگە توغرىلاپ ئېتىۋىدى، ئۇچقاندەك قېچىپ كېتىۋاتقان كىيىك ئېگىز تۆپىدىن دومىلاپ چۈشتى. بېگىلمۇ ئاتنىڭ تىزگىنىگە ئىگە بولالماي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇچۇپ

كېتىپ ئوك يانپىشى تاشقا ئۇرۇلۇپ سۇنۇپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ:

«ئەر يەتكەن ئوغلۇم ياكى قېرىندىشىم بولسچۇ كاشكى!»

دەپ ۋايسىدى ۋە دەرھال ئوقنىڭ گېزىنى چىقىرىپ، ئېگەرنىڭ غانجۇغا تاسمىلىرىنى يېشىپ سۇنغان پۇتىنى تونىغا ئوراپ چىڭ تېڭىپ، بار كۈچى بىلەن ئېتىنىڭ يايلىسىغا يېپىشىپ، يۈزىدىكى نىقابى بويىنىغا چۈشۈپ قالغان ھالدا ئوۋچىلاردىن ئايرىلىپ ئوردىسىغا يېتىپ كەلدى.

ئوغۇلچىقى ئەمرەن باتۇر ئاتىسىنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرۈپ، قارا تونلۇق كۇپارلارغا ئۇچراپ، يىگىتلىرى قىرىلىپ تۈگىگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، يولداشلىرىنى سورىدى:

قەددىڭ رۇسلاپ ئورنۇڭدىن تۇرغىنىڭدا،
يايلىسى قارا غاز بويۇن تۇلپارىڭغا مىنگىنىڭدە،
ئەگرى ياتقان ئالا تاغلار ئېتىكىگە بارغىنىڭدا،
قارا تونلۇق كۇپارلارغا ئۇچرىدىڭمۇ؟
خۇمار كۆز يىگىتلىرىڭنى قىردۇردۇڭمۇ؟
ئۆز ئاغزىڭدىن خەۋەر بەر ماڭا،
قارا بېشىم قۇربان بولسۇن ئاتام ساڭا!

بېگىل ئوغلىغا شۇنداق جاۋاب بەردى:

ئوغۇل، ئوغۇل، ئەي ئوغۇل!
قەددىم رۇسلاپ ئورنۇمدىن تۇرغىنىمدا،
قارا تاغلارغا ئوۋغا چىققىنىمدا
قارا تونلۇق كۇپارلارغا ئۇچرىمىدىم،
خۇمار كۆز يىگىتلىرىمنى قىردۇرمىدىم،
ئامان ـ ئېسەندۇر يىگىتلىرىم!

ئۇ يىگىتلىرىنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىدىن خەۋەر بەرگەندىن كېيىن:

— قايغۇرما ئوغلۇم، ئۈچ كۈندىن بېرى ئاتاڭنىڭ مىجەزى يوق. مېنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ ئورنۇمغا ياتقۇز، — دېدى.

ئارسلاننىڭ كىچىككىمۇ ئارسلان - دە! ئەمرەن ئاتىسىنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ، كۆتۈرۈۋېلىپ ئورنىغا ياتقۇزۇپ، تونىنى ئۇستىگە يېپىپ، بېشىنى چۈمكەپ قويدى.

شىكارغا چىققان بەگلەرمۇ شىكارنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئوتاقلىرىغا قايتىشتى.

بېگىل بەش كۈن ئوردىغا چىقمىدى. ئايغىنىڭ سۈنغىنىنىمۇ ھېچكىمگە ئېيتمىدى. بىر كېچە ئورنىدا ۋاي - ۋايلاپ چىققانىدى، خوتۇنى:

— بەگ يىگىتىم، ئۈستىڭىزدىن يېغى كەلسە قايتمايتتىڭىز، ئايغىڭىزغا ئوق تەگسە ۋايسىمايتتىڭىز، قوينىڭىزدىكى ھالىڭىزغىمۇ سىر بەرمەمسىز؟ ئېيتسىڭىزچۇ نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى.

— ئاتتىن يىقىلىپ پۇتۇم سۇندى گۈزىلىم، — دېدى بېگىل.

خوتۇنى داۋراڭ سېلىپ بۇنى دېدەك قىزغا مەلۇم قىلىپ قويدى، دېدەك چىقىپ دەرۋازىۋەنگە دېدى. شۇنداق قىلىپ بۇ خەۋەر پۈتۈن ئوردىغا يېيىلدى.

بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كۇپارنىڭ جاسۇسى بۇ خەۋەرنى شۇئان خاقانغا يەتكۈزدى.

خاقان ئادەملىرىگە:

— دەرھال بېرىپ بېگىل بەگنى ياتقان يېرىدىن تۇتۇڭلار، قوللىرىنى كەينىگە باغلاپ، سۆرلۈك كاللىسىنى تۇيدۇرماي ئېلىڭلار، قىزىل قېنىنى قارا يەرگە سېپىڭلار! ئەل - يۇرتنى بېسىپ، قىز - كېلىنلىرىنى تۇتقۇن قىلىڭلار! — دەپ ئەمر قىلدى.

بېگىلنىڭ پايلاقچىسىمۇ ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— بېشىڭىزغا يېغا كېلىۋاتىدۇ، چارىسىنى قىلغايسىز، —

دېدى.

بېگىلگە ئاسمان يىراق، يەر قاتتىق كەلدى. ئوغلىنى يېنىغا چاقىرىپ، شىكاردا ئۆز بېشىغا كەلگەنلەرنى بىر - بىرلەپ بايان قىلىپ شۇنداق دېدى:

ئوغۇل، ئوغۇل، ئەي ئوغۇل!
قاراڭغۇدا كۆزلىرىمنىڭ يورۇقى ئوغۇل،
كۈچلۈك بىلىمنىڭ قۇۋۋىتى ئوغۇل،
قارىغىن، ئاخىر نېمىلەر بولدى،
نېمىلەر كەلدى مېنىڭ بېشىمغا؟
قەددىم رۇسلاپ ئورنۇمدىن تۇردۇم،
بوينى سۇنسۇن، چىلان تورۇق ئايغىرغا مىندىم،
ئوۋ ئوۋلاپ، قۇش قۇشلاپ يۈرگىنىمدە،
پۇتلىشىپ مېنى يەرگە يىقىتتى،
ئوڭ يانپىشىم شۇندا سۇندى،
شۇنىڭدىن كېيىن قارا بېشىمغا نېمىلەر كەلدى؟
قارا - قارا تاغلاردىن خەۋەر ئاشتى،
قىزىل قانلىق سۇلاردىن خەۋەر تاشتى.

تۆمۈر دەرۋازىلىق ئۆتەڭدىن خەۋەر كەلدى:

تورۇق ئاتلىق شۆكلى خاقان ئىستىھكاملار قۇرۇپتۇ،
ھەيۋىسىدىن قارا تاغلارنى تۇمان بېسىپتۇ،
بەگ بېگىلنى ياتقان يېرىدىن تۇتۇڭلار دەپتۇ،
قوللىرىنى ئارقىسىدىن باغلاڭلار دەپتۇ.
يۇرتىنى بېسىپ ئوردىسىنى ئېلىڭلار دەپتۇ،
ساھىبجامال قىز - كېلىنىنى تۇتۇڭلار دەپتۇ!

ئوغلۇم دەرھال ئورنۇڭدىن تۇرغىن،
يايلىسى قارا غاز بويۇن تۇلپارغا مىنگىن،
ئەگرى بەللىك قارا تاغنى كېچىلەپ ئاشقىن،
ئاق پېشانە بايىندىرخان ھۇزۇرىغا ۋاقتىدا بارغىن،
خانىمىزغا مەندىن كۆپ - كۆپ سالام ئېيتقىن،
بەگلەر بېگى قازاننىڭ قولىنى سۆيگىن.
ئاقساقاللىق ئاتام قىيىن ئەھۋالدا دېگىن،
قازان بەگنى ئامال قىلىپ بىر كەلسۇن دېگىن!
كەلمىسە ئەل ۋەيران بولۇپ،
قىز - كېلىنىم تۇتقۇن بولىدۇ بۇنى بىلگىن!

ئوغلى ئاتىسىنىڭ بۇ تەلىپىنى رەت قىلىپ شۇنداق دېدى:

جان ئاتا، جېنىم ئاتا نېمە دەيسەن؟
يۈرەك باغرىمنى نېمىگە داغلايسەن؟
قەددىم رۇسلاپ ئورنۇمدىن تۇرغىنىم كۆپ،
يايلىسى قارا غاز بويۇن تۇلپارغا مىنگىنىم كۆپ.
ئەگرى بەللىك ئالا تاغدىن ئوۋ ئوۋلاپ ئاشقىنىم كۆپ.
ئاقساقاللىق بايىندىرخان ھۇزۇرىغا بېرىشىم يوق،
قازان كىمدۇ، ئۇنىڭ قولىنى سۆيۈشۈم يوق،
ئاستىڭدىكى تورۇق ئايغىرنى بەرگىن ماڭا،
قارا تەرگە چۆمدۈرۈپ چاپاي سەن ئۈچۈن!
قاتتىق پولات ساۋۇتۇڭنى بەرگىن ماڭا،
يەڭ، ياقا ئورنىتاي سەن ئۈچۈن!
قارا پولات قىلىچىڭنى بەرگىن ماڭا،
بىر چېپىشتا كاللا ئالاي سەن ئۈچۈن!
ئۇزۇن ساپلىق نەيزەڭنى بەرگىن ماڭا،
ياۋ كۆكسىگە سانجاي ئۇنى سەن ئۈچۈن!
ئاق پەيلىك ئوقلىرىڭنى بەرگىن ماڭا،

ياۋدىن - ياۋغا ئۆتكۈزەي سەن ئۈچۈن!
خۇمار كۆزلۈك ئۈچ يۈز يىگىت بەرگىن ماڭا،
ئىسلام يولىدا ئېلىشاي سەن ئۈچۈن!

ئوغلىنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان بىگىل:

— ئاغزىڭغا ياغ ئوغلۇم، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن ساڭا كەلمە-سۇن، — دېگەندىن كېيىن خىزمەتچىلىرىگە، — قېنى، ساۋۇتۇمنى كەلتۈرۈڭلار، ئوغلۇم كىيسۇن! توروق ئايغىرىمنى كەلتۈرۈڭلار، ئوغلۇم مىنسۇن! ئەل تۇيماستىن ئوغلۇم جەڭگە ئاتلان-سۇن! — دېدى.

ئەمرەن جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ، ئاتا - ئانىسىنىڭ قولى-نى سۆيۈپ رازىلىقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۈچ يۈز يىگىتنى يېنىغا ئېلىپ جەڭگە ئاتلاندى.

توروق ئايغىر يېغا پۇرىقىنى ئالسا تۇرالمايتتى. شۇ تاپتا توپىنى تۇمانغا قوشۇپ گويا كۆكلەردە ئۈچتى.

— بۇ ئاتلىقلار بىگىلنىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك، تېز قاچاي-لى، — دېيىشتى كۇپارلار.

— ياخشى قاراڭلارچۇ، ئۇ راست بىگىل بولسا، سىلەردىن بۇرۇن مەن قاچىمەن، — دېدى خاقان.

پايلاقچى كۆزىتىپ قارىسا، راست بىگىلنىڭ ئادەملىرى، لې-كىن توپنىڭ ئالدىدىكى بىگىل بولماستىن، باشقا بىر بۇركۈتتەك ئوغلان ئىدى. ئۇ دەرھال خاقانغا خەۋەر بەردى:

— ئات، قورال ۋە دۇبۇلغا، ساۋۇتلار بىگىلنىڭ، بىراق ئۇنى كىيگەن بىگىل ئەمەس.

— ئۇ بىگىلنىڭ ئوغلى بولسا كېرەك، يۈز ئادەم بىرىپ تېرە تاراقشىتىڭلار، ئەر يەتمىگەن ئوغۇل توخۇ يۈرەك كېلىدۇ. جەز-مەن قورقۇپ ئالدى - كەينىگە قارىماي قاچىدۇ، — دېدى خاقان.

يۈز كۇپار تاللىنىپ ئەمرەننىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا شۇنداق دېيىشتى:

ئوغۇل، ئوغۇل، ئەي ئوغۇل،
هارامزادە ئوغۇل!
ئاستىدىكى تورۇق ئىتى ئورۇق ئوغۇل،
دات باسقان قىلىچى پۇچۇق ئوغۇل،
قولىدىكى نەيزىسى سۇنۇق ئوغۇل،
توپا باسقان يايى قىسقا ئوغۇل،
ئوقدىنىدا توقسان ئوقى شالاڭ ئوغۇل،
يېنىدىكى يولداشلىرى يالاڭ ئوغۇل،
قاراڭغۇدا كۆزلىرى كۆرمەس ئوغۇل!
شۆكلى خاقان ساڭا بەكمۇ چېچىلدى،
جەڭگە چىققان شۇ خۇنپەرنى تۇتۇڭلار، دېدى،
قوللىرىنى كەينىدىن باغلاڭلار، دېدى،
بىر چېپىشتا كاللىسىنى ئېلىڭلار، دېدى،
قىزىل قېنىنى قارا يەرگە سېپىڭلار، دېدى!
ئاقساقاللىق ئاتاڭنى يىغلاتمىغىن،
ئاق چاچلىق ئاناڭنى ئىڭراتمىغىن،
يۇلغۇن تۈۋى مەھكەم بولماس،
يالغۇز يىگىت پالۋان بولماس،
بالا تېرىما زامىن بولۇپ بېشىڭغا،
يان پەيلىڭدىن، قايت ئارقاڭغا!

ئەمرەن ئۇلارغا شۇنداق جاۋاب قايتۇردى:

قۇرۇق گەپ قىلما، ئەي ئىت كۇپار،
ئاستىمدىكى تورۇق ئايغىر جەڭ كۆرسە ئوينار،
ئۇچامدىكى ساۋۇتۇم مۇرەمنى قىسار،
قارا پولات قىلىچىم قىنىنى كېسەر،
ئۇزۇن ساپلىق ئۆتكۈر نەيزەم كۆكسۈڭنى تېشەر،
قاتتىق كىرىچلىك يايىم سېنى ئىنجىقلىتار،

سادىقتىكى ئوقلىرىم ئوقدانىنى تېشەر،
يېنىمدىكى يولداشلىرىم جەڭگە خۇمار،
پالۋان ئەرنى قورقۇتماق ئەيىب - گۇناھ،
كەل بۇياققا، تۇتۇشايلى ئەي كۇپار!

— ئوغۇزنىڭ هاياسىزى، تۈركمەننىڭ تەلۋىسىگە ئوخشايدىكەنە، قاراڭلار بۇنى! — دېيىشتى كۇپارلار.
— سوراپ بېقىڭلار، بۇ ئوغۇل بېگىلنىڭ نېمىسىكەن؟ — دېدى خاقان.
كۇپارلاردىن بىرى كېلىپ ئەمرەندىن شۇنداق سورىدى:

ئاستىڭدىكى تورۇق ئايغىر بېگىلنىڭدۇر، ئۆزى قېنى؟
قولۇڭدىكى پولات قىلىچ بېگىلنىڭدۇر، ئۆزى قېنى؟
ئۇچاڭدىكى پولات ساۋۇت بېگىلنىڭدۇر، ئۆزى قېنى؟
يېنىڭدىكى يىگىتلەر بېگىلنىڭدۇر، ئۆزى قېنى؟
ئەگەر بېگىل ئۆزى بولسا مەيداندا،
ئېلىشاتتۇق چىقىرىپ خۇمارنى.
سىنىشاتتۇق قاتتىق كىرىچلىك يالارنى،
ئېتىشاتتۇق ئاق پەيلىك ئۆتكۈر ئوقلارنى،
ئېيتقىنا سەن بېگىلنىڭ زادى نېمىسى؟

بېگىل ئوغلى ئەمرەن شۇنداق جاۋاب قايتۇردى:
— ئەي كۇپار، سەن مېنى بىلمەمسەن؟ پېشانىسى ئاق بايندىرخاننىڭ بەگلەر بېگى سالۇر قازاننىڭ قېرىندىشى قارا گۇنە يېتىپ كەلدى. قايتماس دۆلەك ئەۋرەن، دوزەن ئوغلى ئالپ رۇستەم، بوز ئاتلىق بۆگرەكلەر بېگىلنىڭ ئۆيىدە شاراب ئىچىشىپ كەيپ سۇرۇۋاتاتتى، سەندىن خەۋەر كېلىپ قالدى. بېگىل مېنى ئاستىدىكى تورۇق ئايغىرغا مىندۇردى، قارا پولات مىسران قىلىچى غەيرەت بەردى، ئۆزۈن ساپلىق نەيزىسى هىممەت بەردى، ئۇچ يۈز

يىگىتىنى يولداش قىلدى. بىگىل ئوغلى ئەمرەن دېگەن مەن بولـ-
مەن. بىرى كەلگىن ئەي كۇپار ئېلىشايلى.
— ئەي خۇنپەر، خەپ سېنىڭ ئەدىپىڭنى بەرمىگىنىمنى كۆ-
رۈپ تۇر، — دېدى - دە، خاقان ئالتە قاناتلىق چومىقىنى قولىغا
ئېلىپ، ئەمرەنگە قاراپ ئېتىلدى. ئەمرەن قالقىنىنى چوماققا
قارشى تۇتتى.
كۇپارلار ئەمرەنگە قارا قارغىدەك يېپىلىپ كېلىپ، قالقىنىـ-
نى پاچاقلاپ، دۇبۇلغىسىنى دەسسەپ - چەيلەپ، يۈز - كۆزىنى
قانغا مىلىۋەتسىمۇ، لېكىن ئۇنى قولغا چۈشۈرەلمىدى.
ئۇلار ئېغىر توقماقلار بىلەن ئۇرۇشتى، قىلىچ بىلەن چېپىشـ-
تى، يەلكىلىرى چېپىلىپ، قىلىچلىرى پـارە - پـارە بـولـدى.
بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئۇزۇن ساپلىق نەيزە بىلەن ئېلىشتى،
بۇقىلاردەك ئۇسۇشتى، كۆكرەكلىرى تىلىندى، نەيزىلىرى قايرىلـ-
دى، يەنىلا بىر - بىرىنى يېڭەلمىدى. ئات ئۇستىدە تۇتۇشتى،
پومداقلىشىپ يەرگە يىقىلدى...
كۇپار كۈچلۈك كېلىپ، ئەمرەن كۈچ ئېلىشالمىدى. ئۇ
ئاللانىڭ بىرلىكىگە سېغىنىپ، ئۇنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكى
ۋە ئۇلۇغلاردىن ئۇلۇغلۇقـىنى مەدھىيلـەپ، يىلـىنىپ مەدەت
تىلىدى:

ئۇلۇغلاردىن ئۇلۇغسەن ئۇلۇغ ئاللا!
بىرلىكىڭگە شەك يوقتۇر قادىر ئاللا!
سەن ئادەمگە[1]تاج بەردىڭ،
شەيتانغا لەنەت قىلدىڭ،
بىر گۇناھى تۆپەيلى،
ئۇنى جەننەتتىن سۈردۈڭ!

---

[1] ئادەم — ئادەم ئەلەيھىسسالام.

ئىبراھىمنىڭ[1] بۇتلىرىنى چاقتۇرۇپ،
ئۇنى دوزاختىن قۇتقۇزدۇڭ!
بىرلىكىڭگە سىغىندىم،
ماڭا ياردەم قىلغايسەن! ئۇلۇغ تەڭرىم.

— ھە، پالۋان، ئەمدى قولغا چۈشتۈڭمۇ! خۇدايىڭغا يالۋۇرۇۋاتامسەن؟ سېنىڭ بىر خۇدايىڭ بولسا، مېنىڭ يەتمىش ئىككى بۇتۇم بار، — دېدى كۆپار.

— ئەي، خۇداغا تىل تەگكۈزگەن لەنەتتى! — دېدى ئەمىرەن، — سەن بۇتلىرىڭغا يالۋۇرساڭ، مەن ئالەمنى يوقتىن بار قىلغان ئاللاغا سىغىندىم.

ھەقتائالا جەبرائىلغا: «ئى جەبرائىل، بېرىپ يەتكۈز، شۇ قۇلۇمغا قىرىق باتۇرنىڭ كۈچىنى بەردىم.» دەپ ۋەھىي قىلدى بولغاي، ئەمرەنگە بىردىن كۈچ كىرىپ، شۇئان كۆپارنى سۆرۈپ يەرگە ئۇردى. بۆركۈتتەك ئېتىلىپ ئۇنىڭ كانىيىدىن ئېلىپ ئاغزى بۇرنىنى قان قىلدى.

— رەھىم قىل يىگىت، دىنىڭغا كىردىم، — دېدى كۆپار ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆتۈرۈپ شاھادەت[2] ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. قالغان كۆپارلار ئەرۋاھى ئۇچۇپ ئالدى - كەينىگە قارىماي قېچىشتى. زەربىدار قوشۇن كۆپارلارنىڭ تازا ئەدىپىنى بېرىپ، قىز - كېلىنلىرىنى تۇتقۇن قىلدى.

ئەمرەن ئاتىسىغا خۇشخەۋەر يەتكۈزدى. ئاقساقاللىق ئاتىسى ئالدىغا چىقىپ، ئۇنى قۇچاقلاپ ئۆيىگە ئېلىپ كەلدى. ئوغلىغا كۆز ئالدىدىكى قارا تاغلارنى يايلاق قىلىپ بەردى. يۈگۈرۈك ئاتلارنى سوۋغا قىلدى. يۈزى يورۇق ئوغلىغا ئاق قويلارنى سويۇپ زىياپەت بەردى. خۇمار كۆزلۈك باتۇرىغا قىزىل ياشماقلىق[3] كېلىن

---

① ئىبراھىم — ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.
② شاھادەت ئېيتىش — ئىسلامدا ئىماننىڭ بەش ئاساسىي شەرتىنىڭ بىرىنچىسى بولۇپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «ئاللادىن باشقا ئىلاھ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەدنىڭ ئاللانىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈردۈم» دەيدۇ.
③ ياشماق — ئىككى كۆزنىڭ ئۇدۇلى ئوچۇق چۈمپەردە.

ئالدى. پېشانىسى ئاق بايىندىرخانغا سوۋغا ـ سالاملار بىلەن ئوغلىنى سالامغا ئېلىپ باردى.

ئوغلى خان قولىنى سۆيۈپ سالام بەردى.

خان قازان ئۇنى ئوغلى ئۇرۇزنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپ، تون كىيدۈرۈپ مۇبارەكلىدى.

قورقۇت ئاتا مۇبارەكلەپ كېلىپ، بۇ ئوغۇزنامىنى تۈزۈپ، «بۇ داستان بېگىل ئوغلى ئەمرەننىڭ بولسۇن» دەپ، غازىلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى بايان قىلىپ، ئۇلارغا بەش كەلىمە دۇئا قىلدى:

«مۇبارەك بولسۇن ئەي خانىم، ئالدىڭدىكى قارا تاغلىرىڭ يىقىلمىسۇن! بۈك ـ باراقسان ئورمانلىرىڭ كېسىلمىسۇن! ئاللا مۇرادىڭنى هاسىل قىلسۇن! ھەممە گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەد ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!»

# ئۇشۇن خوجا ئوغلى سەگرەك

ئوغۇزلار زامانىدا ئۇشۇن خوجا دېگەن بىر كىشى ئۆتكەن بولۇپ، ئۆمرىدە ئىككى ئوغۇل كۆرگەنىدى. چوڭ ئوغلى ئەگرەك باتۇر قارام، ياخشى يىگىت بولۇپ، بايىندىرخاننىڭ ھۇزۇرىغا خالىغان ۋاقىتتا كىرىپ ـ چىقالايتتى. بەگلەر بېگى قازاننىڭ ھۇزۇرىدىمۇ ئۇنىڭغا ھەممە ئىشىكلەر ئوچۇق ئىدى، تالاي بەگلەر-نى پەگاھتا قويۇپ قازاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئولتۇرالايتتى، ھېچ-كىمدىن تەپتارتمايتتى.

كۈنلەردىن بىر كۈنى، ئۇ يەنە بەگلەرنىڭ يۇقىرىسىغا چىقىپ ئولتۇرغىنىدا، ئوغۇزلاردىن بولغان تەتۇر ئۇزامىش ئىسىملىك بىر يىگىت:

— ئەي ئۇشۇن خوجا ئوغلى، بۇ يەردىكى بەگلەرنىڭ ھەممىسى ئولتۇرغان يېرىنى قىلىچ بىلەن ئالغان. سەن باش ئېلىپ، قان تۆكتۈڭمۇ ياكى ئاچنى تويدۇرۇپ، يالىڭاچنى كىيىندۈردۈڭمۇ؟ — دېدى.

— ئەي تەتۇر ئۇزامىش، — دېدى ئەگرەك، — باش ئېلىپ، قان تۆكمەكمۇ ھۇنەرمىكەن!

— ئەلۋەتتە ھۇنەر ـ دە! — دېدى تەتۇر ئۇزامىش، ئۇنىڭ سۆزى ئەگرەككە تەسىر قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قازان بەگدىن جەڭگە ئىجازەت سورىدى.

قازان بەگ ئىجازەت بېرىپ چاقىرىق قىلدى. جەڭ ھازىرلىقى باشلىنىپ كەتتى. ئۈچ يۈز يىگىت ئوق ـ ساداقلىرىنى پارقىرىتىپ ئۇنىڭ يېنىدا ھازىر بولدى. مەيخانىدا بەش كۈن زىياپەت بېرىلدى.

ئۇلار شۇرۇگىنىڭ بىر چېتىدىن كۆك دېڭىزغىچە قول يەتكۈ-زۈپ، مۇرادى ھاسىل بولدى. يول ئۈستىدە ئالىنجا قەلئەسىگە

كېلىشتى. قەلئە ھاكىمى ئۇ يەردە بىر قورۇق ياستىپ، توخۇ - ئۆردەكتىن كېيىك - توشقانغىچە ھەممىنى باقتۇرۇپ ئوغۇز بەگلىرىگە بىر تۇزاق قۇرغانىدى. ئۇشۇن خوجا ئوغلى بۇ يەردىن ئۆتكەندە قورۇقنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ، توخۇ - ئۆردەك، كېيىك - توشقانلىرىنى يېيىشتى ۋە ئاتلىرىنىڭ ئېگەر - توقۇملىرىنى ئېلىشىپ شۇ يەردە قونۇشتى.

بۇنى كۆرگەن قارا ھاكىمنىڭ جاسۇسى ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزۈپ:

— ئوغۇزدىن بىر توپ ئاتلىق كېلىپ قورۇقنىڭ ئىشىكىنى چاقتى. ئاتلىرىنىڭ ئېگەر - توقۇملىرىنى ئېلىپ، يېشىنىپ يېتىشتى. نېمىگە قاراپ تۇرىسىلەر؟ — دېدى.

قارا تونلۇق ئالتە يۈز كۈپار بۇ يەرگە بېسىپ كېلىپ، يىگىتلەرنى قىرىپ، ئەگرەكنى تۇتۇپ ئالىنجا قەلئەسىگە ئېلىپ بېرىپ زىندانغا تاشلىدى.

قارا تاغلاردىن خەۋەر ئاشتى، قانلىق سۇلاردىن خەۋەر تاشتى، ئوغۇز ئەللىرىگە خەۋەر يەتتى. ئۇشۇن خوجىنىڭ كاتتا ئاق ئوتىقىنى ماتەم باستى. قىز - كېلىنلىرى قارا كىيىپ ئاق باغلىدى. ئۇشۇن خوجا بىلەن ئاق يۈزلۈك خوتۇنى ئوغلۇم، ئوغلۇم دەپ يىغلاپ - قاقشىدى...

ۋاقىت ئاتقان ئوقتەك ئۆتۈپ، ئۇشۇن خوجىنىڭ كىچىك ئوغلى سەگرەكمۇ باتۇر يىگىت بولۇپ يېتىشتى. بىر كۈنى ئۇ بىر كۆكۈل ئېچىش سورۇنىغا بېرىپ، ئۇ يەردە زىياپەتكە داخىل بولۇپ كەيپ بولۇپ قونۇپ قالدى. ئارىدا ھاجەتخانىغا چىقسا بىر يېتىم بالا بىلەن بىر نوچى گەپ تەگىشىۋېتىپتۇ. ئۇ «نېمە بولۇشتۇڭ؟» دەپ ھەر ئىككىسىگە بىردىن كاچات ئۇردى.

«قېرى شاتۇتنىڭ پىتى يامان، مەست بولغاننىڭ تىلى» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ بىرى:

— بىزنىڭ كەيپچىلىكىمىز يەتمەمدۇ، نېمىشقا ئۇرىسەن؟ بىگىسىڭ بولسا، ئالىنجا قەلئەسىدىكى تۇتقۇن ئاكاڭنى قۇتۇلدۇرمامسەن! — دېدى.

— ئۆنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سوراپ باقتى سەگرەك.
— ئەگرەك، — دېدى ئۇ.
«پاھ، ئەگرەككە سەگرەك نېمىدېگەن ياراشقان. دېمەك، ئاكام ھايات ئىكەن، خاتىرجەم بولدۇم. قارا كۆزۈمنىڭ يورۇقى قېرىنداشىم، سەنسىز ئوغۇز ئېلىدە ھايات يوق ماڭا» دەپ كۆز ياش قىلغاندىن كېيىن، ئىچكىرىگە كىرىپ ئىجازەت سوراپ، بەگلەرگە «خوش» ئېيتىپ، ئېتىغا مىنىپ قايتتى.

سەگرەك ئانىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئالدى بىلەن ئۆنىڭدىن گەپ ئېلىپ باقتى:

ئىرغىپ ئانا ئورنۇمدىن دەس تۇردۇم،
يايلىسى قارا غاز بويۇن ئېتىمغا ئىرغىپ مىندىم،
ئەگرى ياتقان ئالا تاغنىڭ ئېتىكىگە باردىم،
ئوغۇز يىگىتلىرى بىلەن بىر سورۇنغا داخىل بولدۇم.
زىياپەت ئارىسىدا ئاق بوز ئاتلىق بىر خەۋەرچى كەلدى،
ئۆزۈندىن بېرى ئەگرەك ئىسىملىك بىر يىگىت تۇتقۇن ئىكەن،
ئۇلۇغ ئاللا يول بېرىپ، قۇتۇلۇپ چىقىپتىكەن،
چوڭ ـ كىچىك ھەممەيلەن ئۆنىڭ ئالدىغا كەتتى،
جان ئانا، مەنمۇ بارسام نېمە دەيسىز؟

ئانىسى ئوغلىنىڭ ئەكەلگەن خۇش خەۋىرىگە جاۋابەن:

ئاغزىڭدىن ئۆرگىلەي ئوغلۇم،
تىلىڭدىن چۆرگىلەي ئوغلۇم،
ئالدىڭدىكى قارا تېغىڭ يىقىلغانتى، يۈكسەلدى ئاخىر،
شارقىراپ ئاققان سۈيۈڭ قۇرۇغانتى، ئۇلغايدى ئاخىر.
يوغان دەرىخىڭ قۇرۇغانتى، ياشاردى ئاخىر.

دېگەندىن كېيىن، يەنە:
— ئوغۇز بەگلىرى بارسا سەنمۇ بار، لېكىن ئۇ يىگىتنىڭ يېنىغا بارغىنىڭدا ئاق بوز ئېتىڭدىن يەرگە چۈشۈپ، قولۇڭنى قوۋۇشتۇرۇپ سالام بەر ۋە قولىنى سۆيۈپ، بوينىنى قۇچاقلاپ، «قارا تېغىمنىڭ چوققىسى قېرىندىشىم» دېيىشنى ئۇنتۇما! ماڭ ئوغلۇم، چاپسان بار! — دېدى.
بۇ سۆزلەرنىڭ تېگىگە چۈشەنگەن سەگرەك ئاكىسىنىڭ بارلىقىنى بۇگۈنگىچە يوشۇرۇپ كەلگەن ئانىسىغا قاتتىق كايىپ:

ئاغزىڭ قۇرۇسۇن ئانا،
تىلىڭ چىرىسۇن ئانا!
قېرىنداشسىز ئوغۇز ئېلىدە هايات يوق ماڭا،
غېمىم يوق ئەمدى، ئاكام بار ئىكەن مانا.
ئانا ھەققى خۇدا ھەققى بولمىغان بولسا،
قارا پولات قىلىچىمنى ئۇرار ئىدىم،
كاللاڭنى تېنىڭدىن ئۈزەر ئىدىم،
قىزىل قېنىڭنى يەر يۈزىگە تۆكەر ئىدىم!

دېدى. بۇ چاغدا ئاتىسى سۆزگە ئارىلىشىپ:
— خاتا ئاڭلاپسەن ئوغلۇم، قېچىپ چىققان سېنىڭ ئاكاڭ ئەمەس، باشقا بىرى بولسا كېرەك. ئاقساقاللىق ئاتاڭ بىلەن، ئاقباش ئاناڭنى يىغلاتمىغىن! — دېدى.
سەگرەك بۇ سۆزگە كۆنسۇنمۇ! شۇئان رەت قىلىپ مۇنداق دېدى:

ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە پالۋان ئوۋغا چىقسا،
ئوق تەگكەن كېيىك ئۇستىدە غوۋغا بولسا،
قېرىندىشى بار يىگىتلەر بىمالال تۇرار.
قېرىنداشسىز مىسكىن يىگىت بىر مۇشت يېسە،

تۆت يېنىغا تەلمۈرۈپ ئاچچىق ياش تۆكەر.
خۇمار كۆزلۈك ئوغلۇڭلارنى كۆرگۈچە،
ئامان بولۇڭلار بەگ ئاتا، خانىم ئانا!

— خاتا ئاڭلاپسەن، بارمىغىن ئوغلۇم! — دېيىشتى يەنە ئاتا - ئانىسى.

— مېنى يولۇمدىن توسماڭلار، — دېدى ئوغلى، — ئاكام بار قەلئەگە بارمىغۇچە، ئاكامنىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى بىلمىگۈچە، ئۆلگەن بولسا، قېنىغا قان ئالمىغۇچە ئوغۇز ئېلىگە قايتىشىم يوق.

ئاتا - ئانىسى كۆز ياش قىلىشىپ قازان بەگكە ئادەم ئەۋەتىپ: «ئوغلىمىز ئاكىسىنى سېغىنىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىغا بارىمەن دەيدۇ، سىزنىڭ پىكرىڭىز قانداق؟» دەپ سوراتتى.

— ئايغىنى چۈشەپ قويۇڭلار، — دېدى قازان بەگ.

ئوغلىنىڭ لايىقى بار ئىدى. دەرھال ئۇلارنىڭ بېشىنى چېپىپ، تۆگىدىن بۇغرا، ئاتتىن ئايغىر، قويدىن قوچقارلار سويدۇرۇپ كاتتا توي بېرىپ، ئوغۇل بىلەن كېلىنىنى ھۇجرىغا كىرگۈزۈشتى. لېكىن، ئوغۇل قىلىچىنى قىنىدىن چىقىرىپ قىز بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىغا قويۇپ ياتتى.

— ئارىمىزدىن قىلىچىڭنى ئېلىۋەت يىگىت! مۇرادىمغا يەتكۈز مېنى، ئۆزۈڭمۇ يەت. ئال مېنى قۇچىقىڭغا، قىلما بىتاقەت! — دېدى قىز.

— ئەي قىز، نېرى تۇر مەندىن. ئاكامنىڭ دىدارىنى كۆرمىگۈچە، ئۆلگەن بولسا قېنىغا قان ئالمىغۇچە بۇ ھۇجرىغا كىرسەم قىلىچىم بوينۇمدا، ئوقۇم كۆكسۇمدە بولسۇن. ئوغلۇممۇ تۇغۇلماي قالسۇن. تۇغۇلسىمۇ ئۆمرى ئون ياشتىن ئاشمىسۇن، — سەگرەك شۇنداق دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ شاھۋاز ئارغىماقتىن بىرىنى ئېگەرلىدى، ئاندىن قىزغا يەنە، — سەن مېنى بىر يىل كۈت، بىر يىلدا كەلمىسەم ئىككى يىل كۈت، ئىككى يىلدا كەلمى-

سەم ئۈچ يىل كۈت. يەنە كەلمىسەم ئۆلۈپتۇ، دەپ بىل ۋە ئارغىمىقىمنى سويۇپ نەزىرىمنى قىل. ئاندىن كۆزۈڭ كىمگە چۈشسە، كۆڭلۈڭ كىمنى سۆيسە ئۇنىڭ بىلەن كۈل! — دېدى.
قىز ئۇنىڭغا يىغلىنىپ يەنە مۇنداق دېدى:

يىگىتىم، مەن سېنى بىر يىل كۈتەي،
بىر يىلدا كەلمىسەڭ ئىككى يىل كۈتەي،
ئىككى يىلدا كەلمىسەڭ ئۈچ يىل كۈتەي،
ئالتە يول ئاغزىغا چېدىر تىكەي،
ئۆتكەن ـ كەچكەندىن خەۋەر كۈتەي.
خۇش خەۋەر ئەكەلگەنگە ئات مىندۈرۈپ، تون كىيدۈرەي،
شۇم خەۋەر ئەكەلگەننىڭ كاللىسىنى كېسەي،
ۋۇجۇدۇمغا ئەركەك چىۋىنمۇ قوندۇرماي،
مۇرادىڭغا يېتىپ كەتكىن، مەنمۇ يېتەي.

— ئەي غەرەز ئۇقمايدىغان قىز، ئاكام ئۈچۈن قەسەم قىلدىم، سۆزۈمدىن يانمايمەن! — دېدى ئوغۇل.
كېلىن قىز: «بەختسىز كېلىن دېگەندىن كۆرە، تارتىنماس كېلىن دېسۇن مېنى، قېيناتام بىلەن قېينانامغا ئېيتاي بۇنى» دەپ ئويلاپ مۇنداق دېدى:

ئاتامدىن چارە قېيناتا،
ئانامدىن چارە قېينانا،
قايتاپاننىڭ بۇغراسى ئۆركۈپ كەتكۈدەك،
كارۋان ئۇنى قايتۇرالمىدى.
قاراقوچىنىڭ ئايغىرى ئۆركۈپ قاچقۇدەك،
يىلقىچى ئۇنى توسيالمىدى،
قوتاندىكى قارا قوچقار ئۆركۈپ كەتكۈدەك،
پادىچى ئۇنى قايتۇرالمىدى.

خۇمار كۆزلۈك ئوغلۇڭلار ئاكىسىنى ئىزدەپ كەتكۈدەك،
ساھىبجامال كېلىنىڭلار تۇتۇپ قالالمىدى.
بۇنى سىلەرگە مەلۇم قىلماي ئامال بولمىدى!

ئاتا ـ ئانىسى ئاھ ئۇرۇپ يالۋۇرۇپ ئالدىنى توسۇپ، «كەتمە ئوغلۇم» دەپ يىغلاشسىمۇ كار قىلمىدى.

— ئاكام تۇتقۇن قىلىنغان قەلئەگە زادى بارماي قويمايمەن، — دېدى ئۇ.

— بارغىن ئوغلۇم، يولۇڭ بولسۇن، ئامان ـ ئېسەن بېرىپ كەلگىلى نېسىپ بولسۇن، — دېيىشىپ قالدى ئاتا ـ ئانىسى.

سەگرەك ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قوللىرىغا سۆيۈپ خوشلىشىپ، قوچقار باش قارا ئارغىمىقىنى مىنىپ ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يۈرۈپ، شاملىق جىلغا دېگەن يەردىن ئۆتۈپ، قېرىنداشى قامالغان قورۇققا كەلدى. قارىسا، يىلقىچى كۇپارلار بايتال بېقىپ يۈرۈپتۇ. سەگرەك ئالتە كۇپارنى قىلىچلاپ، جەڭ دۇمباقلىرىنى گۇمبۇرلىتىپ، بايتاللارنى ئالدىغا سېلىپ ھېلىقى قورۇققا ھەيدەپ كەلدى.

ئۇ كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ چارچاپ كەتكەچكە، كۆزلىرىنى ئۇيقۇ باسقانىدى. ئېتىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى بىلىكىگە باغلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ھالبۇكى، كۇپارلارنىڭ جاسۇسى ھاكىمغا كېلىپ:

— ئوغۇزدىن بىر قارام يىگىت كېلىپ يىلقىچىلارنى ئۆلتۈرۈپ، بايتاللارنى ھەيدەپ كەتتى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

— ئاتمىش ئادەمنى پۇختا قوراللاندۇرۇپ ئەۋەتىڭلار، ئۇنى تۇتۇپ كەلسۇن، — دېدى ھاكىم.

قوراللىق ئاتمىش ئادەم تاللىنىپ يولغا چىقتى. تۆمۈر ساۋۇتلۇق ئاتمىش كۇپار بۇ يىگىتنىڭ ئۈستىدىن تۇيۇقسىز چۈشتى.

«كىيىم پىچىلىشىدىن، ئات كىشنىشىدىن مەلۇم» دېگەندەك، دەرۋەقە ئات قۇلىقىدىن سەزدى. سەگرەكنىڭ ئارغىمىقى كىشنەپ ئۇنى ئويغىتىۋەتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ قارىسا بىر توپ

ئاتلىق كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەدكە سالاۋات ئېيتىپ ئېتىغا مىندى ـ دە، قارا تونلۇق كۇپارلارنى قىلىچلاپ كاللىسىنى قەلئەگە دۆۋىلىدى.

ئۇ ئۇيقۇسىنى داۋاملاشتۇرۇش ئۇچۇن بايىقى ئورنىغا بېرىپ يەنە ئېتىنىڭ چۇلۋۇرىنى بىلىكىگە باغلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى.

ئامان قالغان كۇپارلار ھاكىمنىڭ ئالدىغا قېچىپ بارغاندى، ھاكىم ئۇلارغا غەزەپلىنىپ:

— يۇزۇڭلارغا «تۇفى»، ئاتمىشىڭلار بىر ئوغۇلنى تۇتالمىدىڭلارمۇ! — دەپ ۋارقىرىدى.

بۇ قېتىم سەگرەككە يۇز كۇپار ئەۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ ئارغىمىقى ئەنسىز كىشنەپ يەنە ئويغىتىۋەتتى. قارىسا، كۇپارلار يەنە لەشكەر تارتىپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئېتىغا مىنىپ، مۇھەممەد مۇستاپاغا سالاۋات ئېيتىپ، ئالدىغا كەلگەن كۇپارنى بىرنى قويماي قىلىچلاپ ئۆلۈكىنى قەلئەگە دۆۋىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئېتىنى بوراپ، ھېلىقى قونغان يېرىگە بېرىپ يەنە ئېتىنىڭ تىزگىنىنى بىلىكىگە باغلاپ يېتىپ ئۇيقۇغا كەتتى. بۇ قېتىم ئات ئۇنىڭ بىلىكىدىن بوشىنىپ كېتىپ قالدى.

كۇپارلار يەنە ھاكىمنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

— ئەمدى ئۇچ يۇز ئادەم بارسۇن، — دېدى ھاكىم.

— بارالمايمىز، ھەممىمىزنى قىرىپ، كاللىمىزنى كۆككە سورۇيدۇ، — دېيىشتى كۇپارلار.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىش كېرەك؟ ھېلىقى تۇتقۇننى چىقىرىپ، ساۋۇت كىيدۇرۇپ ئاتقا مىندۇرۇڭلار ـ دە، ئۆز گۆشىنى ئۆز يېغىدا قورۇيلى، — دېدى ھاكىم.

ئەگرەكىنىڭ يېنىغا ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا:

— يىگىت، ھاكىم ساڭا ھىممەت قولىنى سۇندى. بۇ يەردە بىر تەلۋە ئۆتكەن ـ كەچكەنگە، چوپان ـ چولۇقفا كۇن بەرمەيۋاتىدۇ. ئۇنى تۇتۇپ كاللىسىنى ئالساڭ سېنى قويۇۋېتىمىز، — دېدى.

— خوپ، ماقۇل، — دېدى يىگىت.

كۆپارلار ئەگرەكنى زىنداندىن چىقىرىپ چاچ ـ ساقاللىرىنى ئالدۇرۇپ، بىر قۇر ساۋۇت كىيدۇرۇپ ياخشى ئاتقا مىندۇرۇپ، قولىغا ئۆتكۈر قىلىچ تۇتقۇزۇپ يولغا چىقاردى. ئۈچ يۈز كۆپار ئۇنىڭغا ھەمراھ بولدى.

ئۇلار سەگرەكنىڭ بار يېرىگە كەلدى. ئۈچ يۈز كۆپار كەڭ بىر سەينادا توختىدى.

— قېنى ئۇ تەلۋە؟ — دېدى ئەگرەك.

يىراقتىن كۆرسىتىشتى كۆپارلار.

— يۈرۈڭلار، بېرىپ تۇتايلى.

— ھاكىم سېنى بۇيرۇدى، ئۆزۈڭ بار.

— ئۇ ئۇخلاۋېتىپتۇ، قورقماڭلار.

— نەدە ئۇخلىسۇن، قولتۇقىنىڭ ئاستىدىن قاراپ ياتىدۇ. ھېلى ئورنىدىن تۇرسا، بۇ كەڭ سەينا بىزگە تار كېلىپ قالارمىكىن!

— ئۇنداق بولسا، مەن بېرىپ قول ـ پۇتىنى باغلاي، ئاندىن سىلەر كېلىڭلار، — دېدى ئەگرەك.

ئۇ كۆپارلارنىڭ ئارىسىدىن چاچراپ چىقىپ، ئات چاپتۇرۇپ بۇ يىگىتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئېتىدىن چۈشۈپ، چۆلۈۋۈرىنى بىر تالغا ئىلىپ قويۇپ قارىسا، ئون تۆت كۈنلۈك ئايدەك سۇباتلىق خۇمار كۆز بىر ياش يىگىت باش ـ كۆزىنى مونچاق ـ مونچاق تەر باسقان ھالدا بەخىرامان ئۇخلاۋېتىپتۇ. ئەگرەك يېنىغا كېلىپ قارىسا، بېلىدە قوۋۇزى بار ئىكەن. قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭ نوپۇزلۇق ئوغۇز ئېلىدىن كەلگەن يىگىت ئىكەنلىكىنى بىلىپ:

ئىرغىپ ئورنۇڭدىن تۇرغان يىگىت،
يايلىسى قارا غاز بويۇن ئارغىماققا مىنگەن يىگىت،
ئەگرى بەللىك ئالا تاغدىن كېچىلەپ ئېشىپ،
يات يەرگە كېلىپ ياتامسەن يىگىت؟
ماڭا ئوخشاش ئاق قوللىرىڭنى باغلىتىپ،

توڭگۈز قوتىنىدا ياتامسەن يىگىت؟
ئاقساقاللىق ئاتاڭ بىلەن ئاق چاچلىق ئاناڭنى،
يىغلىتىپ زار قاقشىتامسەن يىگىت؟
نېمىگە بۇ يەردە ياتىسەن يىگىت؟
غاپىل بولما، ئەزىز بېشىڭنى كۆتۈر يىگىت.
خۇمار كۆزلىرىڭنى ئاچقىن يىگىت،
شېرىن جېنىڭنى ئۇيقۇ ئاپتۇ يىگىت،
قوللىرىڭنى كەينىڭدىن باغلاتما يىگىت،
ئاتاڭ بىلەن ئاناڭنى يىغلاتما يىگىت!
كىم بولىسەن، ئوغۇز ئېلىدىن كەلگەن يىگىت؟
ئەتراپىڭنى كۆپار قاپلىدى بىلگىن يىگىت،
خۇدا ھەققىدە ئورنۇڭدىن تۇرغىن يىگىت!

دېدى.

سەگرەك چۆچۈپ كۆزىنى ئېچىپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ، ئۇنى چېپىپ تاشلاي دەپ قولىنى قىلىچىغا ئۇزىتىشىغا، ئۇنىڭ قولىدىكى قوۋۇزغا كۆزى چۈشتى ـ دە:

— ئەي كۆپار، خەير، قولۇڭدا قورقۇت ئاتام قوۋۇزى بار ئىكەن. ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن رەھىم قىلدىم. ئۇنداق بولمىغاندا، ئاكامنىڭ ئىنتىقامى ئۈچۈن تېنىڭنى ئىككى پارە قىلىپ تاشلايتتىم، — دېگىنىچە قوۋۇزنى قولىدىن تارتىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

تاڭ بىلەن تەڭ يولغا چىقتىم قېرىنداش دەپ،
ئاق بوز ئاتنى چاپتۇردۇم قېرىنداش دەپ،
بۇ قەلئەدە تۇتقۇن بارمۇ ئېيتقىن ماڭا،
سادىغاڭ كېتەي، ياش جېنىم قۇربان ساڭا.

بۇنى ئاڭلىغان ئاكىسى ئەگرەك ھاياجانلانغان ھالدا:

ئاغزىڭدىن ئايلىناي قېرىنداش،
تىلىڭدىن ئايلىناي قېرىنداش.
كېلىشىڭنى سورار بولسام، يۇرتۇڭ قەيەردۇر؟
قاراڭغۇدا يول ئاداشساڭ ئۇمىدىڭ نەدۇر؟
ئېگىز تۇغ كۆتۈرگەن خاندانىڭ كىمدۇر؟
تاغنى تالقان قىلغان پالۋانىڭ كىمدۇر؟
باتۇر يىگىت سېنىڭ ئاتاڭ كىمدۇر؟
باتۇر نامىنى يوشۇرماس، ئىسمىڭ نېمىدۇر؟

دېگەندىن كېيىن، يەنە بۇلارنى سورىدى:

قايتاپاندا تۆگە باققان تۆگىچىمۇ سەن؟
قاراقوچتا يىلقا باققان يىلقىچىمۇ سەن؟
ياكى بۆشۈكتە قالغان قېرىندىشىممۇ سەن؟
ئېيتقىن يىگىت ھەممىنى بىر - بىرلەپ ماڭا،
سادىغاڭ كېتەي قارا بېشىم قۇربان ساڭا!

سەگرەك ئاكىسىغا جاۋاب قايتۇرۇپ:

قاراڭغۇدا يول ئاداشسام ئۇمىدىم ئاللا!
ئاتام ئىسمىنى سورىساڭ ئۇشۇن خوجا!
ئېگىز تۇغ كۆتۈرگەن سەردارىمىز بايىندىرخان!
تەڭدىشى يوق باتۇرىمىز سالۇر قازان!
سەگرەكتۇر ئىسمىمنى سورىساڭ،
ئەگرەك دەپ ئاكامىمۇ بولغان!

دېگەندىن كېيىن يەنە مۇنداق دېدى:

قايتاپاندا تۆگە باققان تۆگىچىڭمەن،
قاراقوچىنا يىلقا باققان يىلقىچىڭمەن،
بۆشۈكىدە بوۋاق قالغان قېرىنداشىڭمەن.

بۇ چاغدا ئاكىسى ئەگرەك تېخىمۇ ھاياجانلىنىپ:

ئاغزىڭدىن ئايلىناي قېرىنداشىم،
تىلىڭدىن ئايلىناي قېرىنداشىم،
ئەر بولدۇڭمۇ، يىگىت بولدۇڭمۇ؟
ياقا يۇرتقا قېرىنداشىڭنى ئىزدەپ كەلدىڭمۇ؟

دېگىنىچە ئىنىسىغا ئۆزىنى ئاتتى. ئىككى قېرىنداش قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. ئەگرەك ئىنىسىنىڭ مەڭزىلىرىگە سۆيدى، سەگرەكمۇ ئاكىسىنىڭ قولىنى سۆيدى.

نېرىدا قارىشىپ تۇرغان كۆپارلار «مانا ئەمدى تۇنۇشتى، بىزنىڭ يېڭىپ چىقمىسا ھېساب ئەمەس» دېيىشىپ، قىن - قىنىغا پاتماي تۇرغان ئەسنادا، ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، قارا تونلۇق ئۈچ يۈز كۆپارغا قاراپ قىلىچ ئوينىتىپ كەلگەن پېتى شۇڭقاردەك ئېتىلىپ، بىرنى قويماي قىرىپ، ئۆلۈكلىرىنى قەلئەگە سوۋغات قىلدى. ئاندىن يەنە ھېلىقى قورۇققا كىرىپ، داقا - دۇمباقلارنى چېلىپ بايتاللارنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەتتى. شاملىق جىلغىدىن سۆيدىن ئۆتۈپ كېچە - كۈندۈزلەپ مېڭىپ ئوغۇز چېگرىسىغا يېتىپ كەلدى.

سەگرەك قانخور كۆپار قولىدىن قېرىنداشىنى قۇتۇلدۇرۇپ، ئاقساقاللىق ئاتىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى.

ئۇشۇن خوجىغا خەۋەرچى كەلدى. داقا - دۇمباقلار پەلەككە ياڭرىدى. ئالتۇن رەڭ كاناي - سۇنايلار نەرە تارتتى. كاتتا ئوتاقلار تىكىلدى. تۆگىدىن بۇغرا، ئاتتىن ئايغىر، قويدىن قوچقارلار سويۇلدى.

خوجا بەگ ئوغۇللىرىنىڭ ئالدىغا چىقىپ، ئېتىدىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، گىرەلىشىپ سالاملاشتى. ئامان - ئېسەنلىك سورىشىپ، تۆگىلۈكى ئالتۇن ئوردىسىغا كېلىشتى.

ئوردىدا كاتتا زىياپەت، نەغمە - ناۋالار بولدى. چوڭ ئوغلىغىمۇ ساھىبجامال كېلىن ئالدى. ئاكا - ئۇكا ئىككىيلەن بىر - بىرىگە قولداش بولدى. ھۇجىرىلىرىغا كىرىشىپ، مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىشتى.

قورقۇت ئاتا كېلىپ قوشاق قوشۇپ، بېيىت ئېيتتى. ئاخىرىدا ئۇلارغا مۇنداق دۇئا قىلدى:

«… ھەرقانچە ئۇزۇن ئۆمۈرنىڭ ئاقىۋىتى ئۆلۈم! ئۆلۈم نۆۋىتى كەلگەندە خۇدا ئىمانىمىزدىن ئايرىمىسۇن! گۇناھلىرىمىزنى مۇھەممەد مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن! ئامىن دېگەنلەر ئاللانىڭ جامالىنى كۆرسۇن!»

# سالۇر قازاننىڭ تۇتقۇن بولۇشى

ترابزون ئەمىرى بەگلەر بېگى سالۇر قازانغا بىر قۇرغۇي
ھەدىيە قىلغانىدى. قازان بەگ بىر كۈنى كىچىچە يارەنلىرى بىلەن
كەيىپ ـ ساپا سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قۇرغۇيچىسىغا:
— ئەتە سەھەردە قۇرغۇيلىرىڭنى ئالغىن، شىكارغا چىقاي-
لى، — دېدى.
ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇلار ئارغىماقلىرىغا مىنىشىپ يولغا چى-
قىشتى. ئوۋ ئوۋلايدىغان يېرىگە يېتىپ بارغاندا، قازان بىر توپ
ئۆردەككە قۇرغۇي سېلىپ ئالالمىدى. ھالبۇكى، قۇرغۇي پەرۋاز
قىلىپ كۆزدىن ئۇزاقلاپ بېرىپ تومانىن قەلئەسىگە چۈشتى. قازان
بەگ پەرىشان بولغان ھالدا قۇرغۇيىنىڭ كەينىدىن قوغلاپ،
دەريا ـ داۋانلار ئېشىپ كۆپار ئېلىگە كەلدى. كېتىۋېتىپ ئۇنىڭ
كۆزلىرىنى ئۇيقۇ باستى.
— خان بېگىم، كەينىمىزگە يانايلى، — دېيىشتى بەگلەر.
— يەنە بىرئاز ماڭايلى، — دېدى قازان بەگ.
ئۇلار بىرئاز مېڭىشۋىدى، ئالدىدا بىر قەلئە كۆرۈندى. قازان
بەگ يارەنلىرى بىلەن بۇ يەرگە چۈشۈشتى.
قازان بەگ بۇ يەردە يېتىپ غەپلەت ئۇيقۇسىغا كەتتى. ئوغۇز
بەگلىرى بىر ئۇخلىسا يەتتە كۈن ئۇخلايتتى، شۇڭا بۇنى غەپلەت
ئۇيقۇسى دېيىشەتتى. ئۇ كۈنى تومانىن قەلئەسىنىڭ ھاكىمى
شىكارغا چىققانىكەن، ئۇنىڭ پايلاقچىلىرى بېرىپ:
— بىر توپ ئاتلىق كېلىپ قەلئەنىڭ يېنىغا چۈشتى، بەگلىرى
ئۇيقۇغا كەتتى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.
ھاكىم ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتى.

كەلگەنلەر ئۆلارنىڭ ئوغۇز بەگلىرى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھاكىمغا مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، ھاكىم دەرھال لەشكەرلىرىنى توپلاپ ئۆلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

قازان بەگنىڭ ئادەملىرى يېغى كېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، «قا-زاننى تاشلاپ كەتسەكمۇ بەربىر ئۆلار بىزنى قوغلاپ يېتىشىۋالى-دۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە مۇشۇ يەردىلا ئۆلەيلى» دېيىشتى ـ دە، كۇپار-لارنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئۆلار بىلەن ئېلىشتى. كۇپارلار يىگىرمە بەش ئادىمىنى قۇربان بېرىپ، قازاننى ئۇخلاۋاتقان يېرىدىن تۇ-تۇپ، قول - پۇتىنى چىڭ باغلاپ ھارۋىغا سېلىپ ئېلىپ كېتىشتى.

قازان بەگ ھارۋىنىڭ تاراق ـ تۇرۇقىدىن ئويغىنىپ كېتىپ بىر كېرىلگەنىدى، پۇت ـ قولىدىكى ۋە ھارۋىغا ماتاپ تېڭىۋەتكەن ئارقانلار نەچچە يېرىدىن پورسۇلداپ ئۈزۈلۈپ كەتتى. ئۇ ھارۋىدا بەخىرامان ئولتۇرۇپ چاۋاك چېلىپ، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— نېمىگە كۈلىسەن؟ — دېيىشتى كۇپارلار.

— ئەي كۇپارلار، بۇ ھارۋا ماڭا بۆشۈك بولدى، سىلەر بۆشۈك تەۋرەتكۈچۈم··· — دېدى ئۇ.

ئۆلار قازاننى بايىقى كۆرۈنگەن تومانىن قەلئەسىگە ئېلىپ بېرىپ، بىر قۇدۇققا تاشلاپ، ئاغزىغا تۈگمەن تېشىنى باستۇرۇپ قويۇپ، يېمەك ـ ئىچمىكىنى تۈگمەن تېشىنىڭ تۆشۈكىدىن چۈ-شۈرۈپ بەردى.

بىر كۈنى ھاكىمنىڭ خوتۇنى «كۆرۈپ باقايچۇ، شۇنچە ئادەم-نى قىرغان قازان دېگەن قانداق كىشىكىنە؟» دەپ، زىندان گۈندى-پىيىغا قۇدۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچقۇزدى.

— ئەي قازان بەگ، ھالىڭ نېچۈك؟ يەرنىڭ تېگى ياخشىمى-كەن، ئۈستىمۇ؟ نېمە يەپ، نېمە ئىچىپ، نېمىگە مىنىۋاتى-سەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— ئۆلۈكلىرىڭلەرگە بەرگەن ئاشنى يەپ، ئۆلارنىڭ يورغىسىغا مىنىپ، قاشاڭلىرىنى سۇرۇۋاتىمەن، — دېدى قازان.

— ئەي قازان بەگ، يەتتە ياشلىق بىر قىزچىقىم ئۆلگەنىدى، رەھىم قىل، ئۇنىڭغا مىنىمگىن، — دېدى ھاكىمنىڭ خوتۇنى.
— ئۆلۈكلىرىڭلەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭدىن يورغىسى يوق ئى-كەن، شۇنىڭغا مىندىم، — دېدى قازان.
— ۋاي، سىنىڭ دەستىڭدىن نە يەر يۈزىدە تىرىكمىز. نە يەر تېگىدە ئۆلۈكمىز ئامان تاپمايدىكەن - دە، — دېدى خوتۇن. ئۇ ھاكىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ:
— ھەي بەگ ئالىيلىرى، كەرەم ئەيلەپ، ئۇ تاتارنى[1] زىندان-دىن چىقىرىۋەتكەيلا. ئۇ يەر تېگىدە قىزىمىزغا مىنەرمىش، ئۆ-لۈكلىرىمىزگە بەرگەن ئاشنى قوللىرىدىن تارتىۋېلىپ يەرمىش. ئۇنىڭ دەستىدىن نە تىرىكمىز، نە ئۆلۈكمىزگە ئامانلىق يوق. ئۇ قىزچىقىمىزنىڭ بېلىنى سۇندۇرۇۋەتمىسۇن يەنە! — دېدى.
ھاكىم بەگلىرىنى يىغىپ:
— قازاننى قۇدۇقتىن چىقىرىڭلار. بىزنى ماختاپ، ئوغۇزنى سۆكسۇن. ئاندىن بىز بىلەن ئۇرۇشقىلى كەلمەسلىككە قەسەم قىلسۇن! — دېدى.
ئۇلار بېرىپ، قازاننى قۇدۇقتىن چىقىرىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.
— بىزنىڭ ئەلگە ئۇرۇشقىلى كەلمەسكە قەسەم قىلساڭ ھەم بىزنى ماختاپ ئوغۇزنى سۆكسەڭ، كاللاڭنى ئالماي قويۇۋې-تىمىز، — دېدى ھاكىم.
— ئىللا - بىللا، توغرا يولنى كۆرسەم، ئەگرى يولدا ماڭما-مەن، — دېدى قازان.
كۇپارلار، قازان ھەقىقەتەن ياخشى قەسەم ئىچتى، دەپ قارى-شىپ:
— ھە، ئەمسە بىزنى ماختاپ باق، — دېيىشتى.
— مەن يەردە تۇرۇپ ئادەم ماختىمايمەن. بىر ئادەم ئەكېلىڭ-لار، ئۇنىڭغا مىنىپ تۇرۇپ سىلەرنى ماختاي، — دېدى قازان.

---

[1] تاتار — ئوغۇز قەبىلىسىنىڭ بىر تارمىقى.

ئۇلار بىر ئەر كۆپارنى ئېلىپ كېلىشتى. ئېگەر بىلەن يۈگەن دېۋىدى، ئۇنىمۇ كەلتۈردى.

قازان بەگ كۆپارنىڭ ئۇچىسىغا ئېگەرنى توقۇپ، ئاغزىغا يۈگەننى سېلىپ، ئىرغىپ مىندى ـ دە، ئۆكچىسىنى قېقىپ قوۋۇرغىسىنى قارنىغا چاپلاپ، يۈگەننىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئاغزىنى يىرتىپ، ھېلىقى كۆپارنى ئۆلتۈردى ـ دە، ئۇستىدە بەخىرامان ئولتۇرۇپ:

— قېنى كۆپارلار، قوۋۇزۇمنى بېرىڭلار، سىلەرنى ماختاي، — دېدى.

قوۋۇز كەلتۈرۈلدى. قازان بەگ ئۇنى قولىغا ئېلىپ:

ئون مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، ئويۇن دېدىم،
يىگىرمە مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، ھىدىنى ئالمىدىم،
ئوتتۇز مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، پىسەنت قىلمىدىم،
قىرىق مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، نەزەر سالمىدىم،
ئەللىك مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، قول تۇتقۇزمىدىم،
ئاتمىش مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، ئېيتىشمىدىم،
يەتمىش مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، يېتىشمىدىم،
سەكسەن مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، ھۆرپەيمىدىم،
توقسان مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، جابدۇنمىدىم،
يۈز مىڭ كىشىلىك يېغى كۆرسەم، باش تارتمىدىم.
دىنىي ئىسلام يولىدا قىلىچ چاپتىم،
خەلقىئالەم ئالدىدا نامەردلەرنىڭ بېشىنى كەستىم،
شۇندىمۇ باتۇرمەن دەپ ماختانمىدىم!
ماختانغان يىگىتلەرنى خۇش كۆرمەيمەن،
قولۇڭغا چۈشتۈم، ئەي كۆپار ئۆلتۈر مېنى،
قارا قىلىچىڭنى چاپ بوينۇمغا، كەس بېشىمنى،
قىلىچىڭدىن قېچىپ، سۆكمەيمەن ئۆز نەسلىمنى،
ئوغۇز يىگىتلىرى ئالدىدا، ماختىمايمەن ئەسلا سېنى!

دېگەندىن كېيىن، يۇمۇلدى كۆزى، ئېچىلدى ئاغزى، بولدى دېگە-
نىگە قويماي، كەينى - كەينىدىن مۇنداق قوشاق قوشتى:

ئېگىز - ئېگىز قارا تاغدىن تاش دومىلىسا،
ئۆكچەم بىلەن توسۇۋالغان قازان ئەر ئىدىم.
پىرئون زىخ كۆتۈرۈپ يەردىن چىقسا،
تاپىنىم بىلەن يانجىۋەتكەن قازان ئەر ئىدىم.
مەن - مەن دېگەن بەگلەر ئوغلى غوۋغا قىلسا،
قامچا ئۇرۇپ جىمىقتۇرغان قازان ئەر ئىدىم،
شۇندىمۇ باتۇرمەن دەپ ماختانمىدىم!

تىك يەرلەرگە جايلاشقان كۆپار شەھىرى،
ئالتۇن ئوشۇق ئوينىشار سەنجادەنىڭ[1] بەگلىرى.
ئالتە يولدىن ئوغۇز بېرىپ ئالالمىغان ئۇ قەلئەنى،
ئالتە ئەر بىلەن ئالتە كۈنگە قويماي ئالغان قازان ئىدىم.
چىركاۋنى چېقىپ مەسچىت سېلىپ ئەزان ئوقۇتتۇم،
قىزىنى، كېلىنىنى ئاق كۆكسۇمدە ئويناتتىم،
بەگلىرىنىڭ نامەردىنى قۇل قىلدىم،
شۇنىڭدىمۇ بەگ مەن دەپ، ئەرمەن دەپ ماختانمىدىم!

كەڭ دالادا چېكىندۇرگىنىم، ئەي كۆپار ئاتاڭ سېنىڭ،
ئاي يۈزىگە زوقلانغىنىم قىز - كېلىنىڭ.
ئاقچا قەلئە، سۇر مەلىدە ئات ئويناتتىم،
قارۇن ئېلىگە ھەيۋە بىلەن ھۇجۇم قىلدىم،
ئاقھىسار قەلئەسىنىڭ بۇرچىنى[2] پاچاقلىدىم،
تەڭگە ئېلىپ كەلسە پۇل دېدىم،
قىزىل ئالتۇن ئېلىپ كەلسە مىس دېدىم،

---

① سەنجادە —— ئۇسمان دېڭىزى بويىدىكى بىر قەلئە.
② بۇرچ —— قەلئە، قورغانلاردىكى پوتەيلەر.

خۇمار كۆز قىزلىرنى ئېلىپ كەلسە ئالدانمىدىم،
شۇنىڭدىمۇ مەن يىگىت دەپ ماختانمىدىم!

ئاققايانىڭ يولۋىسىنىڭ ئەركىكىدەك بىر ئەۋلادىم بار،
ئورتاچ قىردا كېيىكلىرىڭنى توختاتقىلى.
ئاقسازنىڭ ئارسلانىدەك بىر ئەۋلادىم بار،
يولۋاسۇ - يىلپىزلىرىڭنى سۈرگىلى.
كۆك بۆرە ئەركىكىدەك بىر ئەۋلادىم بار،
ئاق يۇڭلۇق تۇمەن قويۇڭنى قوغلىغىلى.
بۈركۈتنىڭ ئەركىكىدەك بىر ئەۋلادىم بار،
ئالا ئۆردەك، قارا غازلىرىڭنى ئۇچۇرغىلى.
ئوغۇز ئېلىدە بىر ئوغلۇم بار، ئۇرۇز ئاتلىق،
بىر ئىنىم بار، قارا گۇنە ئاتلىق،
نەسلى - ۋەسلىڭنى تىرىك قويمىغىلى.
قولۇڭغا چۈشتۇم ئەي كۇپار،
ئۆلتۈر مېنى، چاپ مېنى،
قىلىچىڭدىن باش قاچۇرۇپ،
سۆكمەيمەن ئۆز نەسلىمنى، ئۆز ۋەسلىمنى!

ئىت مىجەز، چوشقا خۇيلۇق سېسىق كۇپار،
ئەلەم يوتقان - سامان تەكيىدە ياتقان كۇپار.
ياغاچ ئويما خۇداسى بار ئىتىم كۇپار،
ئوغۇز ئالدىدا ماختىمايمەن سېنى كۇپار!

شۇنداق قىلىپ، قازان بەگ كۇپارلارنى ئىتتىن - ئىتقا، توڭگۇزدىن - توڭگۇزغا سېلىپ، تىل ئۇستىگە تىل ياغدۇرۇپ رەسۋاسىنى چىقاردى.

كۇپارلار:

— بۇ بىزنى ماختىماي، ھاقارەتلەۋاتىدۇ. ئۇنى ئۆلتۈرەي-

لى، — دەپ دېۋەيلىشىپ كېلىشتى. لېكىن يەنە، «بۇنىڭ ئوغلى بىلەن قېرىنندىشى بار، ئۆلتۈرۈپ قۇتۇلالمايمىز» دەپ ئۇنى چوشقا قوتىنىغا سولاپ قويىدى.

قازاننىڭ ئۆلۈك - تىرىكىنى ھېچكىم بىلمىدى. كۈنلەر كەل- دى - كەتتى، ئۇنىڭ ئوغلى چوڭ يىگىت بولۇپ يېتىلدى. بىر كۈنى ئۇ ئاق بوز ئارغىمىقىغا مىنىپ كېتىۋاتاتتى، بىر كىشى ئۇچراپ:

— سەن قازان بەگنىڭ ئوغلىغۇ دەيمەن؟ — دەپ سورىدى.

— مېنىڭ ئاتام بايىندىرخان ئەمەسمۇ! — دېدى ئۇرۇز خاپا بولۇپ.

— ياق، ئۇ ئاتاڭنىڭ ئاتىسى، سېنىڭ بوۋاڭ بولىدۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى.

— ئۇنداقتا، مېنىڭ ئاتام ئۆلۈكمۇ - تىرىكمۇ؟ — دەپ سورى- دى ئۇرۇز.

ھېلىقى كىشى:

— ئاتاڭ ھايات، ئەمما تومانىن قەلئەسىدە تۇتقۇن، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئوغۇل ئىنتايىن بىئارام بولۇپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئانىسىنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۆزىنىڭ خان بايىندىر- نىڭ ئوغلى بولماستىن، خان قازاننىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى نېمە ئۈچۈن يوشۇرۇپ كەلگەنلىكىگە كايىپ:

ئەي ئانا، مەن خان بايىندىر ئوغلى ئەمەسمىشمەن،
خان قازاننىڭ ئوغلىمىشمەن.
ئەي ئانا، بۇنى ماڭا نېمىشقا دېمىدىڭ؟
ئانا ھەققى - خۇدا ھەققى بولمىغان بولسا،
قارا پولات قىلىچىمنى ئالاتتىم،
قىزىل قېنىڭنى يەر يۈزىگە تۆكەتتىم،
بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلاتتىم!

دېدى. ئانىسى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:
— ئوغلۇم، ئاتاڭ هايات، لېكىن ساڭا ئېيتىشتىن قورقتۇم. ئېيتسام، كۇپار ئالدىغا باراتتىڭ، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭغا ئاتاتتىڭ - دە، ياش هاياتىڭدىن ئايرىلاتتىڭ. تاغاڭغا ئادەم ئەۋەت. قېنى ئۇ نېمە دەيدىكىن، — دېدى. لېكىن، ئۇرۇز ئانىسى تۇتقۇن بولغان قەلئەگە بارماي قويمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.
ئېغىزدىن - ئېغىزغا خەۋەر يەتكۈزۈپ، پۈتۈن بەگلەرگە، ئۇرۇز ئانىسىنىڭ يېنىغا بارىدۇ، قوراللىنىڭلار، دېگەن ئۇقتۇرۇش بولدى.
لەشكەرلەر هازىر بولدى. باتۇر ئۇرۇز قورال ئامبارلىرىنى ئاچتۇرۇپ، قورال - ياراغلىرىنى ئۇلاغلىرىغا يۈكلەتتى. قارا گۇنە لەشكەر بېشى بولدى. جەڭ كانايلىرىنى چالدۇرۇپ، نەرە تارتىپ يولغا چىقتى.
يول ئۈستىدە كۇپارنىڭ كاتتا چېركاۋى بار ئىدى، موناخ قوڭغۇراق چالدى.
ئۇرۇز ئاتتىن چۈشۈپ، سودىگەر قىياپىتىگە كىرىپ كارۋان بېشىدەك تۆگە - قېچىرلىرىنى يېتىلەپ چېركاۋنىڭ ئالدىغا كەلدى.
كۇپارلار ئۇلارنىڭ سودىگەرگە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بايقاپ، قەلئەگە قېچىپ كىرىپ دەرۋازىلىرىنى تاقىدى ۋە مۇنارغا چىقىپ:
— سىلەر كىم بولىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.
— سودىگەر بولىمىز، — دېيىشتى ئۇلار.
كۇپارلار ئۇلارنى يالغان ئېيتتى، دەپ قاراپ تاشقا تۇتۇشتى.
ئۇرۇز ئېتىدىن ئىرغىپ چۈشۈپ:
— ئەي، ئاتامنىڭ ئالتۇن جامىدا شاراب ئىچكەنلەر، مېنى دېگەنلەر ئاتتىن چۈشۈڭلار، دەرۋازىسىنى كالتەكلەيلى! — دېدى.
ئون ئالتە يىگىت ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشتى ۋە قالقانلىرىنى قولىغا ئېلىپ، چوماقلىرىنى مۈرىسىگە سېلىپ دەرۋازا ئالدىغا كېلىشتى - دە، دەرۋازىنى چېقىپ قەلئە ئىچىگە كىرىپ، ئۇدۇل

كەلگەن كۇپارنى جىنىدىن جۇدا قىلدى. بىرەرىنىڭمۇ قېچىپ بې-
رىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلىشىغا ئىمكان بەرمىدى. مال -
مۇلۇكلىرىنى ئولجا ئېلىپ، لەشكەرلىرى بار يەرگە قايتىپ كېلىپ
ئۇ يەردە قوندى.
هالبۇكى، بىر پادىچى ئۇلارنىڭ قەلئەنى بېسىۋالغانلىقىنى
كۆرۈپ، هاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چېركاۋنىڭ قولدىن كەتكەنلى-
كىنى خەۋەر قىلدى.
هاكىم بەگلىرىنى توپلاپ، ئۇلارغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى
كېڭەشتى.
— تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇلى شۇكى، قازاننى چىقىرىپ
ئۇلارغا سېلىش كېرەك، — دېيىشتى بەگلەر.
ئۇلار بۇ پىكىرنى خوپ كۆرۈشۈپ، قازاننى چىقىرىپ هاكىم-
نىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.
— قازان بەگ، يېنىمىزغا يېغى كەلدى. بۇ يېغىنى بېسىقتۇر-
ساڭ سېنى قويۇۋېتىمىز، — دېدى هاكىم، ئاندىن يەنە، —
سىلەردىن هەر يىلى ئالىدىغان باجنى كەچۈرۈم قىلايلى، بىراق،
سەنمۇ بۇنىڭدىن كېيىن بىز بىلەن ئۇرۇشماسلىققا قەسەم
قىل، — دەپ شەرت قويدى.
— ئىللا - بىللا، توغرا يولنى كۆرسەم، ئەگرى يولدا ماڭماي-
مەن، — دېدى قازان.
كۇپارلار قازان ياخشى قەسەم قىلدى، دەپ خۇش بولۇشتى.
هاكىم چېرىكلىرىنى جەم قىلىپ، جەڭ مەيدانىغا كېلىپ
چېدىرلارنى تىكتۈردى. قازان بەگنى جەڭ ساۋۇتلىرى بىلەن كى-
يىندۈرۈپ، قىلىچ، نەيزە، چوماق ۋە باشقا جەڭ قوراللىرى بىلەن
قورالландۇردى. كۇپار قوشۇنى ئۇنىڭ ئالدىغا تەق بولدى.
ئوغۇز يىگىتلىرىمۇ جەڭ كانايلىرى، كۆسلەرنى[1] پەلەككە ياڭ-
رىتىپ، لەشكەر تارتىپ كېلىشتى.
قازان بەگ ئاق بوز ئاتلىق، ئاق بايراقلىق، مەزمۇت تۆمۈر

---

① كۆس — ئات، قېچىر، تۆگە، پىللار بىلەن توشۇلىدىغان ئىنتايىن چوڭ جەڭ دۇمبىقى.

ساۋۇت كىيگەن بىر يىگىتنىڭ لەشكەر باشلاپ كېلىپ، چېدىرلار تىكتۇرۇپ جەڭگە ھازىر بولۇپ تۇرغىنىنى كۆردى.

ئۇنىڭ كەينىدىن قارا گۇنە كېلىپ، تەق بولۇپ تۇردى.

قازان دەرھال ئېتىنى دېۋىتىپ مەيدانغا چىقىپ، ئۆزىگە رەقىب چاقىردى. بۇ تەرەپتىن بوز ئارغىماقلىق بۆگرەك ئات دېۋىتىپ مەيدانغا چۈشتى. قازان ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا:

ئورنىدىن دەس تۇرغان يىگىت، كىم يىگىتسەن؟
مەزمۇت تۆمۈر ساۋۇت كىيگەن يىگىت، كىم
يىگىتسەن؟
ئىسمىڭ نىمە، ئەي يىگىت ئېيتقىن ماڭا؟

دېدى. بۆگرەك ئۇنىڭغا جاۋابەن:

ئەي كۇپار، سەن تېخى بىلمەمسەن مېنى؟
پاراسارنىڭ بايبۇرت قەلئەسىدىن ئۇچۇپ چىققان،
ئاشىقىنى باشقىلاردىن تارتىۋالغان،
باي بۆرەخان ئوغلى بامسى بۆگرەك مەن بولىمەن،
كەل بېرى، ھەي كۇپار ئۇرۇشايلى.

دېدى. بۇ چاغدا قازان تەقەززالىق بىلەن سورىدى:

ئەي يىگىت، ئالدىڭدا بىر ئاق تۇغلۇق سەردار چىقتى،
چېدىرىنى ئەلنىڭكىدىن بۇرۇن تىكتى،
كىم بولىدۇ، ئاق بوز ئاتلىق ئۇ يىگىت،
كىمنىڭ نىمىسىدۇر، چاپسان ئېيت؟

— ئەي كۇپار، كىمنىڭ نىمىسى بولماقچىدى، ئۇ بىگىمىز قازاننىڭ ئوغلى! — دېدى بۆگرەك مەردانىلىك بىلەن.

«خۇداغا شۈكۈر، مېنىڭ ئوغۇلچىقىم چوڭ ئەر بوپتۇ» دېدى قازان كۆڭلىدە. بۆگرەك يەنە:

— ئەي كۇپار، ئۇنى - بۇنى سوراپ نېمە قىلماقچىدىڭ؟ — دەپ قازانغا قاراپ ئات دېۋىتىپ بېرىپ، ئۇنى ئالتە قاناتلىق چوماق بىلەن كالتەكلىدى.

قازان بەگ ئۆزىنى مەلۇم قىلمىدى. يوغان قوللىرى بىلەن بۆگرەكنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ، قولىدىكى گۇرزىنى تارتىۋې-لىپ ئۇنىڭ گەجگىسىگە بىرنى ئۇرغانىدى، بۆگرەك ئات بوينىنى قۇچاقلىغىنىچە ئۇنى تاشلاپ كەينىگە ياندى.

— ئەي بۆگرەك، بار، بېگىڭنى باشلاپ كەل، — دېدى قازان.

بۇنى كۆرگەن ئەيلىك خوجا ئوغلى قايتماس دۆلەك ئەۋرەن مەيدانغا چۈشتى. قازان ئۇنىڭدىن سورىدى:

تاڭ سەھەردە ئورنىدىن تۇرغان يىگىت، كىم يىگىتسەن؟
ئارغىمىقىنى ئوينىتىپ كەلگەن يىگىت، كىم يىگىتسەن؟
ئەر ئەردىن ئىسمىنى يوشۇرماق ئەيىب،
ئىسمىڭ نېمە، مەرد بولساڭ ئېيتقىن يىگىت!

دۆلەك ئەۋرەنمۇ ئۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

ئەي كۇپار، ئىسمىمنى بىلمەمسەن تېخى؟
ئۆز نامىغا داغ كەلتۈرمەي ئالەمدىن ئۆتكەن،
ئەللىك يەتتە قەلئەنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغان،
ئەيلىك خوجا ئوغلى قايتماس دۆلەك ئەۋرەن مەن بولىمەن!

ئۇ شۇنداق دېگىنىچە نەيزىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئات چاپتۇ-رۇپ بېرىپ قازانغا قارىتىپ ئۇرغانىدى، سانجىلماي بوشقا كەتتى.

قازان بەگ ئات سالدۇرۇپ كېلىپ، نەيزىسىنى قولىدىن تار-تىۋېلىپ بېشىغا بىرنى ئۇرۇۋىدى، نەيزە پارچە - پارچە بولۇپ

كەتتى. قازان:
— هەي خۇنپەرنىڭ بالىسى، بار، بېگىڭنى باشلاپ كەل! — دېگەنىدى، ئۇمۇ كەينىگە داجىدى.
— يەنە چىقىدىغانلار بولسا چىقسۇن! — دېدى قازان.
دۇزەن ئوغلى ئالپ رۇستەم ئېتىنى ئۆكچىلەپ مەيدانغا چۇشتى. قازان بەگ ئۇنىڭدىنمۇ سورىدى:

ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرغان يىگىت،
غاز بويۇن ئارغىماققا مىنگەن يىگىت،
كىم بولىسەن، ئىسمىڭ نېمە، ئېيتقىن يىگىت؟

ئالپ رۇستەم مۇنداق جاۋاب بەردى:

ئىرغىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەلگەن،
ئىككى قېرىنداشنى ئۆلتۇرۇپ، بېشى ئىگىك يۇرگەن،
دۇزەن ئوغلى ئالپ رۇستەم مەن بولىمەن.

ئۇمۇ قازانغا ئات سېلىپ، ئۇنى تۇتاي دېۋىدى، تۇتالمىدى. قازان بەگ ئۇنىمۇ بىر چوماق بىلەن چەتكە چىقىرىپ:
— هەي خۇنپەر، ماڭ، بېگىڭنى باشلاپ كەل، — دېگەنىدى، ئۇمۇ كەينىگە قايتتى.
— يەنە چىقىدىغانلار بولسا چىقسۇن، — دېدى قازان.
ئۇرۇزنىڭ پېشىنى تاغىسى قارا گۇنە تارتىپ تۇرۇپتىكەن، ئۇمۇ بىردىن قىلىچىنى قولىغا ئېلىپ، ئاتىسىغا قاراپ ئات سالدى ۋە بارغان پېتى قىلىچىنى ئۇنىڭ مۇرىسىگە چاپقانىدى، ساۋۇتىنى يېرىپ، مۇرىسىگە تۆت ئىلىك چوڭقۇر پېتىپ قىزىل قېنى قوينىغا شۇرقىراپ ئاقتى.
ئۇرۇز كەينىگە داجىپ يەنە بىرنى چاپقانىدى. بۇ چاغدا قازان ئوغلىغا شۇنداق دېدى:

قارا تېغىمنىڭ چوققىسى ئوغلۇم،
غەپلەت باسقان كۆزۈمنىڭ يورۇقى ئوغلۇم.
باتۇرۇم ئۇرۇز، ئارسلانىم ئۇرۇز،
ئاقساقاللىق ئاتاڭغا رەھىم قىل ئوغلۇم!

ئۇرۇزنىڭ تومۇرلىرىدا شەپقەت قانلىرى قاينىدى. قارا خۇمار كۆزلىرىگە قان - ياش تولدى. ئېتىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئاتىسىنىڭ قولىنى سۆيدى. قازانمۇ ئىرغىپ چۈشۈپ، ئوغلىنىڭ بوينىنى قۇچاقلاپ سۆيدى.

ئۇرۇزنىڭ يىگىتلىرى قازان بەگ بىلەن ئوغلىغا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنى ئورىۋالدى ۋە ھەممەيلەن ئاتتىن چۈشۈپ قازاننىڭ قولىغا سۆيۈشتى. ئاندىن كۇپارلارغا قاراپ ئېتىلدى. قىلىچ چېپىپ، جىلغىلاردا، تۆپىلەردە كۇپارلارنى قىرىۋەتتى. قەلئەنى ئېلىپ، چېركاۋنى چېقىپ، مەسچىت سالدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇرۇز قانلىق كۇپار قولىدىن ئاتىسىنى قۇتقۇزۇپ، ئوغۇز ئېلىگە ئېلىپ كېلىپ ئاق يۈزلۈك ئانىسىغا خۇش خەۋەر يەتكۈزدى. ساھىبجامال قىز - كېلىنلىرى قازان بەگنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قولىنى سۆيۈپ ئايىغىغا يىقىلدى.

قازان بەگ يېشىل چىمەنلىكتە ئۆي - ئوتاقلىرىنى تىكتۈرۈپ، يەتتە كېچە - كۈندۈز توي - مەرىكە قىلدى.

قورقۇت ئاتا كېلىپ قوۋۇز چېلىپ، غازى قالغانلارنىڭ بېشىغا كەلگەنلەرنى بايان قىلىپ:

قېنى بىز ماختىغان ئەۋلىيا - بەگلەر،
بۇ دۇنيا مېنىڭ دېگەن ئەزىمەتلەر؟
ئەجەل تۇتتى، يەر قوينىغا ئالدى،
پانىي دۇنيا كىمگە قالدى؟
كېلىپ - كېتىدىغان ئۆتەڭ بۇ دۇنيا،
ئاقىۋىتى ئۆلۈملۈك دۇنيا!

دېگەندىن كېيىن، خان قازانغا مۇنداق دۇئا قىلدى:
— ئەي خانىم، ئەجەل يېتىپ كەلگەندە ئىمانىڭدىن ئايرىمى-سۇن، ئۇلۇغ ئاللا سېنى نامەردكە موهتاج ئەيلىمىسۇن! ئاق پېشانەڭگە بەش كەلىمە دۇئا قىلدۇق، قوبۇل بولسۇن، ئامىن دېگەنلەر خۇدانىڭ جامالىنى كۆرسۇن. گۇناهلىرىمىزنى نامى گۈ-زەل مۇهەممەد مۇستاپا هۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!

# سىرت ئوغۇزنىڭ ئىچ ئوغۇزغا ئاسىيلىق قىلىپ بۆگرەكنى ئۆلتۈرۈشى

قازان بەگ ئۈچ يىلدا بىر ئىچ ئوغۇز، سىرت ئوغۇز بەگلىرىنى بىر يەرگە جەم قىلىپ، ئۈچ ئوقلۇق بىلەن كۆك ئوقلۇقلار جەم بولغاندا ئۆي ۋە مال ـ مۈلكىنى ئۇلارغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرەتتى. ئۇ ئادىتى بويىچە مال ئۈلەشتۈرگەندە، خوتۇنىنى ئېلىپ سىرتقا چىقىپ كېتەتتى، ئاندىن ئۇلار ئۆيدە بار ـ يوقلۇقنى ئېلىپ كېتىشەتتى.

قازان يەنە بىر قېتىم ئۆيىنى ئۈلەشتۈرمەكچى بولدى، لېكىن سىرت ئوغۇز بەگلىرى كەلمەي، ئىچ ئوغۇز بەگلىرى ئۆزلىرىلا بۆلۈشۈۋالدى.

سىرت ئوغۇز بەگلىرىدىن ئارۇز، ئەمەن ۋە باشقا بەگلەر بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ :

— قاراڭلار بۇ ئىشنى! بۇگۈنگىچە ئۆيىنى ئۈلەشتۈرگەندە ھەممىمىز جەم بولاتتۇق. بۇ قېتىم ئۈلەشتۈرۈشتە بىر بولالمىغىنىمىزدا گۇناھىمىز نېمە؟ — دېيىشتى.

پۈتۈن سىرت ئوغۇز بەگلىرى گېپىنى بىر قىلىپ ئاداۋەت ساقلاپ، قازان بەگكە سالام بەرگىلى كەلمىدى.

قازان بەگنىڭ يېنىدا قىلباش دېگەن بىر كىشى بار ئىدى. قازان ئۇنىڭغا:

— ئەي قىلباش، سىرت ئوغۇز بەگلىرى دائىم بىرلىكتە كېلىپ ماڭا سالام بېرىشىپ تۇراتتى، ئەمدى نېمە ئۈچۈن كەلمەس بولۇپ قالدى؟ — دېدى.

— نېمە ئۈچۈن كەلمىگىنىنى بىلمەمسىز؟ بۇ قېتىم ئۆيىڭىز-

نى ئۇلەشتۇرگەندە سىرت ئوغۇز بەگلىرى بىرگە بولمىغان، سەۋەبى شۇدۇر، — دېدى قىلباش.
— دېمەك بىز بىلەن دۈشمەنلىشىپتۇ، شۇنداقمۇ؟
— خانىم، مەن بېرىپ ئۇلارنىڭ دوستلۇقى ياكى دۈشمەنلىكىنى بىلىپ كېلەي.
— ئۆزۈڭ بىل، بارساڭ بار، — دېدى قازان بەگ.
قىلباش بىرنەچچە ئادەم بىلەن ئاتلىنىپ سىرت ئوغۇز تەرەپكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار بېرىپ سىرت ئوغۇز بەگلىرىدىن ئارۇزنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇ قازاننىڭ تاغىسى ئىدى. ئارۇزغا، «قازان خاندىن ئادەم كەلدى» دېگەن خەۋەر يەتتى.
— كەلسۇن! — دېدى ئارۇزخان.
ئارۇز ئالتۇندىن ھەل بەرگەن سايىۋىنىنى چىمەنلىككە تىكتۇرۇپ، ئوغۇللىرى بىلەن ئولتۇراتتى، قىلباش كېلىپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئارۇز ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئۇ ئولتۇرۇپ:
— قازان خان دۆلىتىڭىزگە دۇئا قىلدى. ئۆزى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئۇ «بېشىمغا كۈن چۈشتى، يېنىمغا يېغى كەلدى. قايتاپاندا تۆگىلىرىمنى بۆكۈرەتتى، قارا قوچتا يىلقىلىرىمنى كىشنەتتى. تۈمەن مىڭ ئاق قويۇمنى مەرەتتى، ساھىبجامال قىز - كېلىنىمنى چىرقىراتتى. بېشىمغا كەلگەننى تاغام ئارۇز كېلىپ بىر كۆرسىدى» دېدى، — دېگەنىدى، ئارۇز:
— ھەي قىلباش، قازان بەگ ئۆيىنى ئۇلەشتۇرگەن چاغدا، ئاۋۋال ئۈچ ئوقلار بىلەن كۆك ئوقلار بىر يەرگە جەم بولاتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىنى ئۇلەشتۈرۈپ بېرەتتى. ئەمدى ئۇلەشتۇرۇشتە بىر بولالمىغىنىمىزدا گۇناھىمىز نېمە ئىكەن؟ خوپ بوپتۇ، قازاننىڭ بېشىغا يەنە كەلسۇن، تاغىسى ئارۇزنى مۇشۇنداق ئەسلەپ تۇرسۇن. بىز قازانغا دۈشمەن بولدۇق، ئاڭلاپ قويسۇن، — دېدى.
بۇنى ئاڭلىغان قىلباش:

ئەي سادىغاڭ كېتەي ئارۇز!
قازان خان ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى،
ئالا تاغدا ئۆي - ئوتىغىنى قۇردى،
ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە پالۋان يېنىدا هازىر بولدى،
زىياپەت ئارىسىدا بەگلەر سىزنى ئەسلىدى:
«خانىم، تاغىڭىز سىزگە دۈشمەن ئىكەن» دېدى.
راستىنى ئېيتسام، يېنىمىزغا يېغى كەلگىنى يوق،
مەن بۇ سۆزنىڭ راست - يالغىنىنى ئۇقاي، دەپ كەلدىم،
سىزنىڭ دوست يا دۈشمەنلىكىڭىزنى سىناي، دەپ كەلدىم،
خان قازانغا دۈشمەن ئىكەنسىز، بۇنى بىلدىم.

دېدى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، خوش دەپ قايتتى.

ئارۇز خوجا ئىنتايىن پەرىشان بولۇپ، ئادەم ئەۋەتىپ سىرت ئوغۇز بەگلىرىنى چاقىردى. ئەمىن كەلسۇن، ئالپ رۇستەم كەلسۇن، قايتماس دۆلەك ئەۋرەن كەلسۇن ۋە باشقا بەگلەرنىڭ ھەممىسى كەلسۇن، دېدى.

ئارۇز خوجا چوڭ ئوتاقلارنى تىكتۇرۇپ، ئاتتىن ئايغىر، تۆگىدىن بۇغرا، قويدىن قوچقارلارنى سويدۇرۇپ، سىرت ئوغۇز بەگلىرىگە توي بەردى.

— بەگلەر، مەن سىلەرنى نېمىگە چاقىردىم، بىلەمسىلەر؟ — دېدى ئۇ.

— نېمىگە چاقىرغانلىقىڭىزدىن خەۋىرىمىز يوق، لېكىن نېمە ئەمرىڭىز بولسا بىز تەييار، — دېيىشتى بەگلەر.

— قازان بىزگە، ئېلىم تالان - تاراج بولدى، بېشىمغا كۈن چۈشتى. تاغام ئارۇز ئوغۇز بەگلىرى بىلەن كېلىپ كەتسۇن، دەپ قىلباشنى ئەۋەتىپتۇ، — دېدى ئارۇز.

— نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئەمىن.

— مەن ئۇنىڭغا، ھەمىشە قازان ئۆيىنى ئۇلەشتۇرسە، سىرت ئوغۇز بەگلىرىمۇ بىرلىكتە بۆلۈشەتتۇق، بەگلەر بېرىپ قازانغا

سالام بېرىپ قايتىشاتتى. ئەمدى بىر بولالمىغىنىمىزدا گۇناھىمىز نېمە ئىكەن؟ ئاڭلاپ قويۇڭ، بىز قازانغا دۇشمەن بولدۇق دېدىم، — دېدى ئارۇز.

— ياخشى دەپسىز، — دېدى ئەمىن.

— بەگلەر، سىلەرچە قانداق بوپتۇ؟ — دەپ سورىدى ئارۇز.

— قانداق بولسۇن، سىز قازانغا دۇشمەن بولغان ئىكەنسىز، بىزمۇ شۇ - دە! — دېيىشتى بەگلەر.

ئارۇز قۇرئاننى قولىغا ئېلىپ:

— ئۇنداق بولسا قەسەم قىلىڭلار، — دېدى.

ھەممە بەگلەر قۇرئاننى تۇتۇپ تۇرۇپ، «سىزنىڭ دوستىڭىزغا دوست، دۇشمىنىڭىزگە دۇشمەنمىز» دەپ قولىنى بېسىپ قەسەم قىلىشتى.

ئارۇز پۈتۈن بەگلەرگە خىلئەت[1] كىيدۈرگەندىن كېيىن، كۆپچىلىككە قاراپ:

— بەگلەر، بۆگرەك بىزدىن قىز ئالغان، ئۇ بىزگە كۈيئوغۇل. لېكىن، قازاننىڭ يېقىنى. ئۇنى قازان بىلەن بىزنى كېلىشتۈرۈپ قويسۇن دەپ ئالداپ ئوردىغا تەكلىپ قىلايلى. ئۇ كېلىپ بىزنىڭ دېگەن يېرىمىزدىن چىقسا، خوش، چىقمىسا، مەن ساقىلىنى تۇتاي، سىلەر قىلىچلاپ تاشلاڭلار. بۆگرەك يوقالسا، قازان بىلەن بولىدىغان ئىشىمىز خەيرلىك بولىدۇ... — دېدى.

شۇنداق قىلىپ، ئارۇز بۆگرەككە قەغەز يوللىدى.

بۆگرەك ھۇجرىسىدا يىگىتلىرى بىلەن كەيىپ - ساپا سۈرۈپ ئولتۇرغىنىدا ئارۇزدىن ئادەم كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى. بۆگرەك سالام قايتۇرغاندىن كېيىن:

— نېمە دەيسەن؟ — دېدى.

كەلگەن كىشى:

— خانىم، ئارۇز سىزگە سالام ئېيتتى. بۇ قەغەزنى سىزگە

---

[1] خىلئەت — ھۆكۈمدارلار ۋە ۋەزىرلەر تەرىپىدىن ھۆرمەت ۋە مۇكاپات سۈپىتىدە كىيدۈرۈلىدىغان تون.

ئەۋەتتى، — دەپ ئۇنىڭغا سۇندى.

بۆگرەك قەغەزنى ئېچىپ قارىسا، «مەرھەمەت قىلىپ، بىزنى قازان بىلەن كېلىشتۇرۇپ قويغايسىز.» دەپ يېزىلغانىكەن.

— خوپ، بولىدۇ، — دېدى بۆگرەك ۋە ئارغىمىقىنى توقۇتۇپ مىنىپ، قىرىق يىگىتنى ئېلىپ ئارۇزنىڭكىگە كەلدى. ئۇلار سىرت ئوغۇز بەگلىرى ئولتۇرغان يەرگە كىرىپ سالام بەرگەندىن كېيىن، ئارۇز تەكلىپ قىلغان يەرگە ئۆتۈپ ئولتۇردى.

— سېنى نېمىگە چاقىرغىنىمىزنى بىلەمسەن بۆگرەك؟ — دەپ سورىدى ئارۇز ئۇنىڭدىن.

— نېمىگە چاقىرغان بولسىڭىز، مەرھەمەت، — دېدى ئۇ.

— مۇشۇ ئولتۇرغان بەگلەر ھەممىمىز قازاندىن يۈز ئۆرۈپ قەسەم قىلدۇق، — دېدى ئارۇز ۋە قۇرئاننى ئەكېلىپ، — سەنمۇ قەسەم قىل، — دېدى.

— ئەزبىرايى خۇدا، مەن قازان بەگدىن يۈز ئۆرىمەيمەن، — دەپ قەسەم قىلدى بۆگرەك. ئاندىن مۇنداق دېدى:

قازان بەگنىڭ تۇزىنى كۆپ يېدىم،
تۇزلۇقىغا ئولتۇرسام كۆزۈم كور بولسۇن.
قاراقوچتا ئارغىمىقىنى كۆپ مىندىم،
بىلمىسەم ئۇ ماڭا تاۋۇت بولسۇن.
ئېسىل تونلىرىنى كۆپ كىيدىم،
بىلمىسەم ئۇ ماڭا كېپەن بولسۇن.
كاتتا ئوتاقلىرىغا كۆپ كىردىم،
بىلمىسەم ئۇ ماڭا زىندان بولسۇن.

ئارۇز غەزەپلىنىپ، بۆگرەكنىڭ ساقىلىدىن ئالدى. بىراق بەگلەر بۆگرەككە قول سېلىشقا كۆڭلى قىيمىدى.

بۆگرەك ئارۇزنىڭ خاپا بولغانلىقىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى:

ئەي ئارۇز، تاغام ئارۇز!
ماڭا بۇنداق قىلىشىڭنى بىلگەن بولسام،
قاراقوچتا ئارغىمىقىمنى مىنەر ئىدىم،
قاتتىق پولات ساۋۇتۇمنى كىيەر ئىدىم،
قارا پولات قىلىچىمنى ئاسار ئىدىم،
ئېغىر دۇبۇلغامنى قارا بېشىمغا كىيەر ئىدىم،
ئاتمىش تۇتام نەيزەمنى قولۇمدا تۇتار ئىدىم،
خۇمار كۆز بەگلىرىمنى يېنىمغا ئالار ئىدىم.
بۇ ئىشنى بىلسەم ساڭا بۇنداق كېلەرمىدىم!
يىگىتنى ئالداپ تۇتۇش ئەرنىڭ ئىشىمۇ؟
بۇ ئىشنى سەن خوتۇنۇڭدىن ئۆگەندىڭمۇ؟

— بولدى، قوي قۇرۇق گېپىڭنى، جېنىڭدىن تويمىساڭ ئىچ قەسەمنى! — دېدى ئارۇز ئەسەبىيلىشىپ.

بۆگرەك تېخىمۇ قاتتىق تەلەپپۇز بىلەن ۋارقىرىدى:

— خۇدا هەققى، مەن قازان ئۈچۈن بېشىمنى تىكتىم. خان قازاندىن هەرگىز يۈز ئۆرۈمەيمەن. خالىساڭ يۈز پارە قىلىۋەت تېنىمنى!

دەرغەزەپكە كەلگەن ئارۇز بۆگرەكنىڭ ساقىلىنى چىڭ تۇتۇپ بەگلىرىگە قارىدى، هېچكىم كەلمىدى. ئۇ قارا پولات قىلىچىنى قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىپ بۆگرەكنىڭ ئوڭ يانپىشىغا بىرنى ئۇرۇۋدى، قارا قېنى شۇرقىراپ ئاقتى.

بۆگرەكنىڭ بېشى قېيىپ يەرگە يىقىلدى.

بەگلەر كەينىگە داجىشىپ، هەرقايسىسى ئۆز ئاتلىرىغا مىنىشتى - دە، بۆگرەكنى ئالدىغا ئېلىپ قېچىشتى ۋە ئۇنى هۇجرىسىغا ئېلىپ بېرىپ، توننى ئۈچىسىغا يېپىپ قويدى.

بۆگرەك هوشىغا كېلىپ يىگىتلىرىگە:

بەگلىرىم ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار،
ئاق بوز ئېتىمنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىڭلار،

ئەگرى بەللىك ئالا تاغدىن كېچىلەپ ئۆتۈشلار،
ئېقىن سۇلاردىن كېچىپ ئۆتۈشلار،
قازاننىڭ ئوردىسىغا چېپىپ بېرىشلار،
ئاق چىقىرىپ قارا كىيىشلار،
سەن ئامان بول، بۆگرەك ئۆلدى دەڭلار!
بولغان - ئەتكەننى بىر - بىرلەپ بايان قىلىڭلار،
مېنىڭ قېنىمنى ئارۇزدىن ئالمىسا،
تاڭلا قىيامەتتە قولۇم قازاننىڭ ياقىسىدا دېدى دەڭلار!

دېگەندىن كېيىن، يەنە مۇنداق تاپىلىدى:

ئەي يىگىتلىرىم، بەگلىرىم!
ئارۇز ئوغلى بەسەت يېتىپ كەلمەستە،
ئېلىم - يۇرتۇم تالان - تاراج بولماستا،
قايتاپاندا تۆگىلىرىمنى بۆكرەتمەستە،
قاراقوچتا تۇلپارلىرىمنى كىشنەتمەستە،
ئېغىللاردا ئاق قويلىرىمنى مەرەتمەستە،
ساھىبجامال قىز - كېلىنىمنى يىغلاتماستا،
ئاق يۇزلۇك گوزىلىمنى ،
ئارۇز ئوغلى بەسەت كېلىپ ئالماستا،
قازان بەگ دەرھال يېتىپ كەلسۇن،
ئۆلۈكۇمنى ئارۇزغا قالدۇرمىسۇن،
ئاق يۇزلۇك گوزىلىمنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرسۇن،
ئاخىرەت ھەققىنى ھالال قىلسۇن!
بۆگرەك شاھلار شاھى ئىدى،
ھەق دەرگاھىغا كەتتى، بىلىپ قالسۇن!

بۆگرەكنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر يەتتى. ئاق ئۆينىڭ بوسۇغىسىدا ماتەم بولدى. ساھىبجامال قىز - كېلىنلەر ئاق چىقىرىپ

قارا كىيدى.
بۆگرەكنىڭ ئاق بوز ئارغىمىقىنىڭ قۇيرۇقىنى كېسىپ، قىدىرىق - ئەللىك يىگىت قارا كىيىپ كۆك سەللە ئوراپ قازان بەگنىڭ ھوزۇرىغا كەلدى ۋە سەللىلىرىنى يەرگە تاشلاپ، «بۆگرەك! » دەپ ئۈن سېلىپ يىغا زارە قىلىشتى. ئاندىن قازاننىڭ قولىنى سۆيۈپ، بۆگرەكنىڭ ۋەسىيەتلىرىنى بىر - بىرلەپ يەتكۈزدى.
بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان قازان قولياغلىقىنى قولىغا ئېلىپ ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتى. بۇ يەردىكى بەگلەرنىڭ ھەممىسى كۆز يېشى قىلىشتى.
قازان بەگ ھوجرىسىغا كىرىپ، يەتتە كۈن تالا - تۈزگە چىقماي ھازا تۇتتى.
بەگلەر جەم بولۇپ ئوردىغا كېلىشتى. قازاننىڭ ئىنىسى قارا گۈنە:
— قىلباش، بېرىپ ئېيتقىن، ئاكام قازان كەلسۇن. بىر يىگىتىمىزدىن ئايرىلىپتۇق. ئۇ ئۆلۈكۈم ئارۇزغا قالمىسۇن، دەپ ۋەسىيەت قىلىپتۇ. بىز بېرىپ دۇشمەننىڭ ئەدىپىنى بېرەيلى! — دېدى.
— سېنىڭ ئاكاڭ بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭ بارغىن، — دېدى قىلباش.
ئاخىرى ئىككىسى بىللە بېرىپ قازاننىڭ ھوجرىسىغا كىردى. سالام بېرىپ ئامانلاشقاندىن كېيىن:
— بىر يىگىتىمىز ئارىمىزدىن كەتتى، سىزنىڭ يولىڭىزدا ھاياتىدىن ئايرىلدى. كۆز يېشى بىلەن ئىش پۈتمەس، ئورنۇڭىزدىن تۇرۇڭ، بېرىپ قانغا قان، جانغا جان ئالايلى! — دېيىشتى.
— توغرا، دەرھال قورال - ياراغلارنى يۈكلەپ، پۈتۈن بەگلەر ئاتلانسۇن! — دەپ ئەمر قىلدى قازان خان.
پۈتۈن بەگلەر ئاتلاندى. قازان بەگمۇ قوڭۇر ئارغىمىقىغا مىندى. كاناي - سۇنايلار چېلىنىپ، كۆسلەر ئۇرۇلۇپ، جەڭ نەرە-

لىرى پەلەككە ياغدى. ئۇلار كېچە - كۈندۈز دېمەي يۈرۈش قىلدى.
ئارۇزغا ۋە پۈتۈن سىرت ئوغۇز بەگلىرىگە، قازان كېلىۋېتىپـ تۇ، دېگەن خەۋەر يېتىپ باردى. ئۇلارمۇ چېرىكلىرىنى جەم قىـ لىپ، كانايلىرىنى چېلىپ قازانغا قارشى كېلىشتى.
ئۈچ ئوقلار بىلەن كۆك ئوقلار تۇتۇشتى.
— مېنىڭ ئىچ ئوغۇزدا رەقىبىم قازان بولسۇن، — دېدى ئارۇز.
— مېنىڭ رەقىبىم تەتۈر ئۇزامىش بولسۇن، — دېدى ئەمىن.
— مېنىڭ رەقىبىم ئەنسە خوجا ئوغلى ئوقچى بولـ سۇن، — دېدى ئالىپ رۇستەم.
ھەربىرى بىردىن رەقىبىنى كۆزلىدى. قوشۇنلار تۈزۈلۈپ، لەشكەرلەر تەقلەندى. كانايلار چېلىنىپ، جەڭ دۇمباقلىرى ئۇـ رۇلدى.
ئارۇز خوجا ئات دېۋىتىپ مەيدانغا چۈشۈپ، قازانغا ئۇن سالدى:
— ھەي خۇنپەر، سەن مېنىڭ رەقىبىمسەن، چىق بۇياققا!
قازان قالقانىنى تۇتۇپ نەيزىسىنى قولىغا ئالدى ۋە بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— ئەي خۇنپەر، قانچۇقلۇق بىلەن ئەر ئۆلتۈرمەك ساڭا راۋاـ مۇ؟ كۆرگۈلۈكۈڭنى مەندىن كۆرىسەن! — دېدى.
ئارۇز قازانغا ئات سالدۇرۇپ، ئۇنى قىلىچلىماقچى بولۇۋىـ دى، قازان چەبدەسلىك بىلەن ئۆزىگە تەگكۈزمەي ئۆتۈپ كەتتى.
نۆۋەت قازانغا كەلدى. ئۇ ئاتمىش تۇتام نەيزىسىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ ئارۇزغا بىر سانجىۋىدى، كۆكسىنى تېشىپ، دۇمبىسىـ دىن تۇغلۇك ئاچتى. ئۇ ئات ئۇستىدىن يەرگە يىقىلدى. قازان بەگ ئىنىسى قارا گۈنەگە ئىشارەت قىلىپ، كاللىسىنى ئال، دېۋىدى، قارا گۈنە ئاتتىن چۈشۈپ ئارۇزنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى.

بۇنى كۆرگەن سىرت ئوغۇز بەگلىرى ئاتلىرىدىن چۈشۈپ قازان بەگنىڭ ئايىغىغا يىقىلىشىپ گۇناھلىرىنى تىلەشتى ۋە كېيىلىپ قولىنى سۆيۈشتى.

قازان بەگ بۆگرەكنىڭ قېنىنى تاغىسىدىن ئېلىپ، قالغانلارنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. ئارۇزنىڭ ئۆي - ئوتاق، مال - مۈلكىنى خالايىققا ئۈلەشتۈرۈپ بەردى.

قازان بەگ يېشىل چىمەنلىككە ئۆيلىرىنى يىغىۋاشتىن تىكىپ، ئوتاقلىرىنى قۇردى.

قورقۇت ئاتا يېتىپ كېلىپ، سازىنى چېلىپ، قوشاق قوشۇپ بېيىت ئېيتتى. غازى قالغانلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى بايان قىلىپ بۇ داستاننى تۈزدى:

قېنى ماختانغان ئەۋلىيا، بەگلەر،
بۇ دۇنيا مېنىڭ دېگەن ئەزىمەتلەر.
ئەجەل ئالدى، يەر يۇتتى،
پانىي دۇنيا كىملەرگە قالدى؟
كېلىپ - كېتىدىغان ئۆتەڭ بۇ دۇنيا،
ئاقىۋەتى ئۆلۈملۈك دۇنيا!
بۇ قارا يەر بىزنىمۇ يۇتار،
ھەرقانچە ئۇزۇن ياشىنىڭمۇ
ئاقىۋەتى ئۆلۈم جۇدالىقى بىلەن ئاياغلىشار!

ئاندىن مۇنداق دۇئا قىلدى:

«ھەي خانىم، ئەجەل كەلگەندە پاك ئىماندىن ئايرىمىسۇن، ئاقساقاللىق ئاتاڭنىڭ يېرى جەننەت بولسۇن، ئاق چاچلىق ئاناڭنىڭ يېرى بېھىش بولسۇن! ئۇلۇغ ئاللا بۆگرەككە رەھمەت قىلسۇن، باتۇرلارنىڭ ئارسلانى ھەزرىتى ئەلىنىڭ قولىدىن جەننەتتە كەۋسەر ئىچىشنى ئاللا نېسىپ قىلسۇن! قادىر ئاللا سېنى نامەردكە

موھتاج قىلمىسۇن، ئاق پېشانەڭگە بەش كەلىمە دۇئا قىلدۇق، قوبۇل بولسۇن. ئامىن دېگەنلەر ئاللانىڭ جامالىنى كۆرسۇن! گۇناھلىرىمىزنى ئىسمى مۇبارەك مۇھەممەد مۇستاپا ھۆرمىتىگە مەغپىرەت قىلسۇن!»

# ئوغۇزخان ھەققىدە رىۋايەت

بىزنىڭ نە پادىشاھىنىڭكىدەك پەرمانىمىز، نە لوقمانىنىڭكىدەك دەرمانىمىز يوق. سازدىن - سۆزدىن ئاڭلىغانلارغا، ئاق - قارىنى ئايرىغانلارغا داستانلارنىڭ بېشى بولغان بىر داستانىمىز — ئوغۇز داستانى بار. بۇ داستان بىر يايلاق... بۇ داستان بىر بۇلاق... تارىخلار بۇ يايلاقتىن كېچەر، رىۋايەتلەر بۇ بۇلاقتىن ئىچەر. سىزمۇ ئىچىڭ بىر يۇتۇم بۇ ئابىھاياتتىن، مەرھەمەت...

بۇرۇنقى زاماندا ئوغۇزخان دېگەن بىر ئۇلۇغ خاقان ئۆتكەندىكەن. تاغۇ تاشقا ھۆكمى، بۆرە - قۇشقا سۆزى ئۆتىدىكەن.

ئۇ دۇنياغا كەلگەندە دۇنيا يېڭىۋاشتىن بىر ياشقا كىرىپتۇ. گۈزەللىكىگە گەپ كېتەمدىغان. ئۇنى ئانىدىن تۇغۇلغان دېيىشكە تىل بارماسمىش... ئانار دانىسى، نۇر دانىسى، تەڭرىتېغىنىڭ بىر دانىسى. قاشلىرى قەلەم قارىسى، كۆزلىرى ئاھۇ يازمىسى①، ئېغىزى ئويماق كەبى، داستان بولغۇدەك قالغان يېرى. پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كۆپكۆك نۇرى، كۆكسىدە بارمىش ئۈچ تال مويى. بىرى ئارسلان، بىرى يولۋاس، بىرى بۆرە تۈكى. ھېچكىمگە ئوخشىماسمىش مىجەز - خۇيى. كۈلسە گۈللەر ئېچىلارمىش، يىغلىسا ئۈنچىلەر چېچىلارمىش. ئاجايىپ بىر ئىنسانمىشكى، كىمنىڭمۇ كۆرگۈسى كەلمىسۇن ئۇنى...

ئانىسىنىڭ سۈتىنى بىر شوراپلا، ئىككىنچى ئەممىگەنمىش. قورۇق نان يەپ، سۇيۇقئاش ئىچەرمىش. گەپ قىلسا ئاغزىدىن بال ئېقىپ، تىلىدىن قايماق تامارمىش...

كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە چوڭ بولۇپ، قىرىقىغا توشماي

① تەلمۈرۈپ تۇرغان كېيىك مەنىسىدە.

ماڭغانمىش. ئايىغى يەتكەن يەرلەردە لالە ـ سۆمبۈللار ئۈنەرمىش، خۇش پۇراقلار چاچارمىش.

نە يېشىغا باقماپتۇ، نە بېشىغا، نە ئويۇنغا قىتىلماپتۇ، نە تاماشىغا. . . بىر كۈن ئات چاپتۇرسا، بىر كۈن ئوق ئېتىپتۇ. ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرۈۋالالايدىغان ئادەم يىرتقۇچ هايۋاننىڭ پېيىگە چۈشمەي قالسۇنمۇ!

گاھ ئېقىن بولۇپ ئېقىپ، گاھ دەريا بولۇپ تېشىپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە قىرىق پالۋانغا باش بوپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۆيگە، يۇرتقا سىغسۇنمۇ! قىرىق پالۋاننى كەينىگە سېلىپ، يايلاقنىڭ قارلىقى، يات ئەلنىڭ قانلىقى دېمەپتۇ. تاغدىن ـ تاغقا، يۇرتتىن ـ يۇرتقا سۇدەك ئېقىپ، چۈشكەن باشلارنى كۆتۈرۈپ، ئۆچكەن ئوچاقلارنى يېقىپتۇ. . .

ئۇياقلاردا بىر ئورمانلىق بولۇپ، ئىچىدە قىزىل تۇمشۇق كەكلىكلەر، سۇرمە كۆزلۈك كېيىكلەر ئوينىشىپ يۈرىدىكەن. شارقىراپ ئاققان سۇلارنىڭ، شىلدىرلىغان ياپراقلارنىڭ، شاختىن ـ شاخقا قونۇپ سايراشقان قۇشلارنىڭ سادالىرى قوشۇلۇپ كىشىنى مەپتۇن قىلىدىكەن. بۇ ئورمانلىقتا يەتتە باشلىق بىر دىۋە بولۇپ، ئۇ يەرگە كىرگەن نەرسە ساق چىقمايدىكەن. بۇ دىۋە سۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا زوڭ ئولتۇرۇۋېلىپ، ئاغزى ئېچىلغان هامان قۇربانلىرى كەلتۈرۈلمىسە، بىر يۇتۇم سۇغا «سۇف» دەپ، قانچىلىغان غۇنچە بويلۇقلارنى چايناپ يۇتۇۋېتىدىكەن. ئادەم دېگەن يەردىن ئۈنمەيدۇ ـ دە! بۇ ۋەجىدىن قانچىلىغان ئوچاقلارنىڭ كۈلى تۇزۇپ، قانچىلىغان زېمىنلار قۇرۇپ چۆل بوپتۇ. يۇرت ـ يايلاق بۇنىڭغا چىدىسۇنمۇ!

زامانلاردىن بۇيان نى ـ نى پالۋانلار توپلىشىپ بېرىشىپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ تېرىسى تۆمۈردىن، باغرى پولاتتىن قاتتىق ئىكەن. ئوق ئېتىپتۇ، تەگمەپتۇ، قىلىچ چېپىپتۇ، كەسمەپتۇ، نەيزە سانجىپتۇ، تەشمەپتۇ. تاغۇ تاشنى بېشىغا ياغدۇرۇپتۇ، بىر تال مويىمۇ تەۋرىمەپتۇ.

ئانلار تاش يۈرەك بولغان بىر كۈنى ئوغۇز ئورمانغا قاراپ يول ئاپتۇ. ئۇنىڭ نىيىتىنى كۆزىدىن پەم قىلغانلار:

— ئەي ئوغۇل، پۈتۈن جاھاننى كەزسە، باتۇرلۇقتا سېنىڭ ئالدىڭغا ئۆتىدىغىنى يوق. لېكىن بۇ دىۋە ئويىنىشىدىغان مەخلۇق ئەمەس، جېنىڭدىن تويدۇڭمۇ سەن! — دەپ يولدىن قايتۇرماقچى بوپتۇ. لېكىن، ياش يىگىت:

— مەن بۇنىڭغا ئەھدە قىلدىم. ئۆلسەم يەر خوش بولار، قالسام ئەل... — دەپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، جىلغىلاردىن سەلدەك، تۆپىلەردىن يەلدەك ئۆتۈپ، بارماقچى بولغان يەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ كۈنى بىر كېيىكنى تۇتۇپ سۆگەت تېلى بىلەن بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى تاڭ سەھەردە بېرىپ قارىسا، كېيىكنىڭ ئورنىدا بورانلار ئۇچۇۋېتىپتۇ. بۇ كۈنمۇ بىر جانىۋارنى قولغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىمۇ كۈمۈش كەمىرى بىلەن دەرەخكە باغلاپ قويۇپتۇ. ئەتىسى يەنە بېرىپ قارىسا، ئۇنىڭ ئورنىدىمۇ شاماللار چىقىۋېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، دىۋىنى بۇ يەرگە ئۆگىتىۋاپتۇ. ئۇ كېچە ئوغۇز بېشىنى ئالىقىنىغا ئېلىپ دەرەخنىڭ تۈۋىدە ماراپ يېتىپتۇ. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپتۇ. ئۇ نە قورقۇسۇن، نە قورۇنسۇن، يۈرىكى ئېغىپمۇ قويماپتۇ. ئورماندا بىر ۋاراڭ - چۇرۇڭ كۆتۈرۈلۈپ، دەل - دەرەخلەر باشلىرىنى ئېگىپ، ياپراقلىرى يەرنى قاپلاپتۇ... ئامان - زامان دېمەپتۇ، شۇ ئەسنادا، قارا دىۋە قارا بوراندەك ئېتىلىپ كېلىپ ئوغۇزنىڭ قالقىنىغا تېگىپتۇ. قالقان تىلىنىپ، ساۋۇتى پارچىلىنىپتۇ، لېكىن ئوغۇزنىڭ بىر تال مويمۇ تەۋرىمەپتۇ. ئۇ يارانتقان ئىگىسىگە سېغىنىپ، شاپ پىچىقىنى قولىغا ئېلىپ، دىۋىنىڭ بېشىغا بىر ئېتىپتىكەن، ئاۋۇلى خۇدا، دىۋە جەھەننەمگە راۋان بوپتۇ. ئوغۇز قاراپ تۇرسۇنمۇ! شۇئان دىۋىنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپتۇ...

بۇ خەۋەر تارقالغاندا يايلاقنىڭ، يۇرتنىڭ جامالى كۈلۈپتۇ. شۇنداق بىر ھېيت - مەرىكە قىلىشىپتۇكى، پەلەكمۇ خوش بوپتۇ. شۇ كۈندىن كېيىن خالايىق پالۋانلار بېشى ئوغۇزنى خانلاردىن

ئۇستۇن خان بىلىپ باشلىرىغا تاج قىلىپتۇ. . .

كۇنلەردىن بىر كۇنى ئوغۇز بىر تاغنىڭ چوققىسىدا ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغىنىدا، بىردىن ئەتراپىنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، كۆز - كۆزنى كۆرگىلى بولماي قاپتۇ. بۇ قاراڭغۇلۇق ئىچىدە كۆپكۆك بىر نۇر پەيدا بوپتۇ. ئۇ بېرىپ قارىسا نە ئاي ئەمەس، نە يۇلتۇز ئەمەس، ئايىمكىن دېسە كۇن بولۇپ تۇغقان بىر قىز ئىكەن. ئۇ كۇلسە نۇرمۇ كۇلەرمىش، ئۇ يىغلىسا نۇرمۇ يىغلار-مىش. ئوغۇز بىر قاراپ ئەس - ھوشىنى يوقىتىپتۇ، يەنە بىر قاراپ ئېسىگە كەپتۇ.

ئۇلار بىر - بىرىنىڭ پېشانىسىگە يېزىلغان بولسا كېرەك، قىرىق كېچە - كۇندۇز توي قىلىپ مۇرادىغا يېتىشىپتۇ... ئايلار، يىللار ئۆتۇپتۇ. ئوغۇز بۇ نۇر جامالدىن ئۇچ ئوغۇل تېپىپتۇ، بىرى قۇياش، بىرى ئاي، بىرى يۇلتۇز بوپتۇ. . .

كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئوغۇز شىكارغا چىقىپتۇ. چىمەنلىكلەرنى كېزىپ لالە - سۇمبۇل تېرىپتۇ، ساي - جىلغىلار ئېشىپتۇ، ئالدىدا كۆپكۆك بىر كۆل پەيدا بوپتۇ. كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر توپ دەرەخ، دەرەخنىڭ ئۇستىدە بىر قىزنى كۆرۇپتۇ. ئۇ قىزنى گۇزەل دېسە دېگۇچىلىكى بار ئىكەن. بېقىشلىرى ئاھۇ كېيىكتەك، يېقىشلىرى قىپقىزىل چوغدەك ئىكەن. ئۇ كۇلسە كۆلمۇ كۇلەر-مىش، يىغلىسا كۆلمۇ يىغلارمىش. . . ئادەمنى كۆرسە چىراي ئاچماسمىش، قىمىزدەك ئېرىپ ئاقماسمىش. خوجا ئوغۇزنىڭ يۇ-رىكىگە شۇنداق بىر ئوت چۇشۇپتىكى، كۆيۇپ كۇل بولۇشقا ئاز قاپتۇ. «قانداق قىلاي، ئۇ پېشانەمگە يېزىلغان بولسا، بۇمۇ يۇرە-كىمنىڭ بىر ئاغرىقى!» دەپ ئۇنىڭ بىلەن ۋىسال ئارزۇسىغا يېتىپتۇ. ئايلار، يىللار ئۆتۇپتۇ. بۇ ئاھۇ كۆزلۇكتىنمۇ ئۇچ پەرزەنت كۆرۇپتۇ. بىرى ئەرش، بىرى تاغ، بىرى دېڭىز بوپتۇ...

تەڭرى ئوغۇزنى ھەممە مۇرادىغا يەتكۇزۇپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ ھاسىل بولمىغان بىر مۇرادى قاپتۇ. كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئەلگە

كاتتا داستىخان سېلىپ توي بېرىپتۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقى-
چە ھەممە بەگلەرنى تەكلىپ قىلىپ، چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ، كى-
چىكلەرنى ئىززەتلىگەندىن كېيىن:

— ئەي باتۇرلىرىم، پالۋانلىرىم، — دەپتۇ، — تەڭرى خالاپتى-
كەن، سىلەرگە خان بولدۇم، خاقان بولدۇم. تەختكە چىققان
كۈنۈمدىن بېرى زىممەمگە چۈشكەننى قىلدىم. ئۆيۈڭلارنى ئۆيۈم،
ئوچىقىڭلارنى ئوچىقىم بىلىپ، يىغلىغانلار بىلەن يىغلىدىم، كۈل-
گەنلەر بىلەن كۈلدۈم. بۇ تۇپرىقىمىزنى شۇنداق بىر تىرىكچىلىك
تەرتىپىگە ئېرىشتۈردۈمكى، ئەمدى نە دىۋە كېلەلمەس، نە
جىن - شەيتان تېگەلمەس بولدى... لېكىن يايلىقىمىز بىر غېرىچ،
يۇرتىمىز بىر غۇلاچ. بۇ يەرلەرگە سىغماس بولدۇق...
بىلىكىمگە بىلەك، يۈرىكىمگە يۈرەك بولساڭلار، شۇ دۇنيانى ئالدى-
قىنىمىزغا ئېلىپ، يەتمىش ئىككى مىللەتنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاش-
نى ئويلايمەن. تىلىڭلارنىڭ تېگىدىكىنى ئېيتىڭلار، قانداق
دەيسىلەر؟

بۇنداق خانغا كىم قۇربان بولماس... ئوغۇز بەگلىرى بىر
ئېغىزدىن:

— ئەي خانلار خانى، — دەپتۇ، — كۆڭلىڭىزگە شۇ ئوي كەل-
گەن بولسا، ھەممىمىز ئاغزىڭىزغا قارايمىز. نامىڭىز نامىمىز،
مۇرادىڭىز مۇرادىمىز. ئۆل دېگەن يەردە ئۆلىمىز، تۇر دېگەن يەردە
تۇرىمىز!

بۇ ئەھدۇپەيمان بىلەن ئوغۇز تۆت ئەتراپقا قوشۇنىڭ قانىتى
بىلەن خەۋەرلەر يەتكۈزۈپ، ھەممە خانلارنى تۇغى ئاستىغا
چاقىرىپتۇ:

— بويرۇقۇمغا باش ئەگكەنلەرنى بېشىمغا ئالىمەن، بېرىپ يەنە
ئۆز دۆلىتىنى سۈرسۇن. لېكىن، باش ئەگمىگەنلەرنىڭ جېنىغا
ۋاي، ئەجىلىگە ھازىر بولسۇن!...

ئۇ چاغلاردا ئوغۇزلارنىڭ ئوڭ قانىتىدا «ئالتۇن خان»، سول
قانىتىدا «كۈمۈش خان» دېگەن خانلار بار ئىكەن. ئالتۇن خان

پەرمانىنى ئالغىنىدا ئۇنى سۆيۈپ بېشىغا قويۇپتۇ ۋە:

— تاج - تەختىمگە تەگمىگەندىن كېيىن بار - يوقۇم ئۇنىڭ بولسۇن! — دەپ ئوغۇزنىڭ تۇغى ئاستىغا كىرىپتۇ. لېكىن، كۈمۈش خان:

— مەن ھېچكىمنىڭ تۇغى، بويۇنتۇرۇقى ئاستىغا كىرمەيمەن، كەلگۈچى بولسا كۆرىدىغىنى بار! — دەپ مەيدانغا چىقىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئوغۇزخان دەرغەزەپكە كەپتۇ:

— ئەمرىمگە قارشى چىققان سەنمۇ! — دەپ ئۇنىڭغا قارشى ئاتلىنىپتۇ. لەشكەر ئۇستىگە لەشكەر يېغىپ، نەيزىلەر ئورمان بوپتۇ. قارا تاغدىن كەلگەن قارا سەلدەك ئېقىپ قۇش ئۇچماس، كارۋان كەزمەس بىر يەرگە كەپتۇ. ئوغۇزخان كېلىپ ئولتۇرا - ئولتۇرمايلا چېدىرنىڭ ئىچىگە بىر يورۇقلۇقنىڭ شولىسى چۈشۈپتۇ. بۇ شولا ئىچىدىن كۆك تۈكلۈك، كۆك ياللىق بىر بۆرە چىقىپ:

— نېمە تىلىكىڭ بولسا مەندىن تىلە، — دەپ ئالدىغا چۈشۈپتۇ. ئۇلار مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ... «ئىدىل» دېگەن دەريانىڭ بويىغا يېتىپتۇ. دەريا بويىدا بۆرە توختاپتىكەن، ئۇلارمۇ توختاپتۇ. ھالبۇكى، كۈمۈش خانمۇ تاغۇتاشنى توپلاپ ئۇ يەرگە كەپتىكەن، شۇنداق بىر جەڭ بوپتۇكى، يازسا - يازسا تۈگىمەس بىر داستان بوپتۇ... دەريا قان بولۇپ ئېقىپ، ئاتلارنىمۇ سۇغارغىلى بولماپتۇ. قېنى ئۇ يوغان گەپ قىلغان كۈمۈش خان! تاتلىق جېنىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. تاج - تەختى ئوغۇزلارنىڭ قولىغا چۈشۈپتۇ.

بۇ قانلىق جەڭدىن كېيىنمۇ توپىلاڭ بېسىلماپتۇ.

«شائىر سۆزى ئۇز بولۇر، كۆپ ئۇزارتساق سۆز بولۇر»

ئوغۇزخان يەنە بىرنەچچە ئۆتكىلى بولماس سۇلاردىن ئۆتۈپ، ئاشقىلى بولماس تاغلارنى ئېشىپ، يېڭىلمەس ياۋلارنى يېڭىپ، ئېچىلماس قەلئەلەرنى ئېچىپ، يەتتە ئىقلىم، تۆت ئەتراپىنى بىر تۇغ ئاستىغا توپلاپتۇ. ئۆز تۇغى ئاستىغا ئالغان يەرلەرنى بىلىكى ھەم يۈرىكىگە ئىشەنگەن خان، خانىمانلارغا تاپشۇرۇپ، ئۇلارنىڭ

بىرىگە:

— بۇ يېشىل يۇرتنى ساڭا ھەدىيە قىلدىم، ئال، ساقلا! — دەپتۇ. شۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۇ ئۇرۇقنىڭ نامى «ساقلىغۇچ» بوپتۇ...

يەنە بىرىگە:

— بۇ يەردە تۇر، بۇ يۇرتتا كۆپەيگىنىڭچە كۆپەي! — دەپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ جەمەتنىڭ نامى «تۇرغۇچ» بوپتۇ. يەنە نېمىلەر بولغانلىقىنى كىم بىلسۇن، خانلار خانى قىلىچىنىڭ قۇۋۋىتى بىلەن قولغا كەلگەن، تاپىنى يەتكەن يەرلەردە يىگىرمە نەچچە بەگلىك قۇرۇپ، ئۆز يۇرت - يايلىقىغا قايتىپتۇ. دەرۋەقە، ئۇنىڭ چاچلىرى شۇ يوللاردا ئاقىرىپتۇ...

شۇ زامانلاردا «قۇتلۇق» دېگەن ياشانغان ئاقساقاللىق بىر خوجا ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئەقىل - پاراسەتلىك كىشى بولۇپ، دۇنيادا بىلمەيدىغىنى يوق، ھەر ئىشقا ئاقىل ئەر ئىكەن. ئوغۇزخان ئۇنى بېشىدا كۆتۈرۈپ، ھەر سۆزىنى بىر كارامەت ھېسابلايدىكەن.

بىر كۈنى بۇ ئاقساقاللىق خوجا چۈشىدە بىر ئالتۇن يا بىلەن بىر كۈمۈش ئوق كۆرۈپتۇ. ئالتۇن يانىڭ كىرىچى كۈندۈز تەرەپكە ئېتىلسا، كۈمۈش ئوق كېچە تەرەپكە ئۇچۇپتۇ. ئۇ تاڭ سەھەردە ئوغۇزخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، چۈشىگە خەيرلىك تەبىر بەرگەندىن كېيىن، ئوغۇزغا بېشارەت قىلىپتۇ. خانلار خانىمۇ ئۇنىڭ تەلىپى بويىچە ئوغۇللىرىنى چاقىرتىپ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، ھەر ئىشنىڭ ۋاقتى غەنىيمەت. چوڭ ئوغوللىرىم ئەتىلا كۈن چىقىشقا قاراپ مېڭىڭلار، كىچىك ئوغۇللىرىم كۈن پېتىشقا قاراپ مېڭىڭلار. قىسمىتىڭلاردا نېمە بولسا تەلىيىڭلارغا شۇ چىقار! — دەپ ئۇلارغا بەخت تىلەپتۇ...

قۇياش، ئاي، يۇلتۇزلار كۈن چىقىش تەرەپكە، ئەرش، تاغ، دېڭىزلار بولسا كۈن پېتىش تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئوي - دالا، ساي - سالا دېمەپتۇ. ئالتە ئاي بىر كۈن مېڭىپتۇ. كۈن چىقىشقا ماڭغان چوڭ قېرىنداشلار بىر ئالتۇن يا تېپىپتۇ،

كۇن پېتىشقا ماڭغان كىچىك قىرىنداشلار بىر كۈمۈش ئوق تېپىپتۇ.

«مانا بۇ دۇنيادىكى نېسىۋىمىز!» دېيىشىپ، ئەكىلىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. ئوغۇزخان خۇرسەن بوپتۇ ۋە ئالتۇن يانى ئۈچكە بۆلۈپ چوڭ ئوغۇللىرىغا بېرىپ:

— ئەي چوڭ ئوغۇللىرىم، — دەپتۇ، — يا سىلەرنىڭ بولسۇن. يادۇر ئوقنى ئاتقان. سىلەرمۇ يادەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن «كۆك ئوق»[①] بولسۇن نامىڭلار، — دەپتۇ.

كۈمۈش ئوقنىمۇ ئۈچكە بۆلۈپ كىچىك ئوغۇللىرىغا بېرىپ:

— ئەي كىچىك ئوغۇللىرىم، — دەپتۇ، — ئوق سىلەرنىڭ بولسۇن. ئوقتۇر كۆكلەرگە ئېتىلغان. سىلەرمۇ ئوقتەك بولۇڭلار. بۇنىڭدىن كېيىن «ئۈچ ئوق»[②] بولسۇن نامىڭلار، — دەپتۇ.

بۇ ۋەقە مۇناسىۋىتى بىلەن ئوغۇزخان كاتتا مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، خاندىن چوپانغىچە ھەممەيلەننى يىغىپتۇ ۋە ئوڭ يېنىغا قىرىق غۇلاچ ئېگىزلىكتە بىر خادا تىكتۇرۇپ، ئۇچىغا بىر ئالتۇن توخۇ قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر ئاق قوي باغلاپتۇ... سول يېنىغىمۇ شۇنداق بىر خادا تىكتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئۇچىغا بىر كۈمۈش توخۇ قوندۇرۇپ، تۈۋىگە بىر قارا قوي باغلاپتۇ. ئوڭ يېنىدا كۆك ئوقلارنى، سول يېنىدا ئۈچ ئوقلارنى ئولتۇرغۇزۇپ قىرىق كېچە - كۈندۈز توي - مەرىكە قىلغاندىن كېيىن، خانلار خانى ئوغۇز خان ئوغۇللىرىغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلىپتۇ:

— ئەي ئوغۇللىرىم، قاناتلىرىم، قوللىرىم! كۆپ ياشىدىم، كۆپنى كۆردۈم. دۈشمەنلىرىمنى يىغلىتىپ، دوستلىرىمنى كۈلدۈردۈم. ئەمدى ئۆمرۈم ئاخىرلاشتى. سانساقلىق كۈنلىرىم قالدى... پانىي دۇنيا كىمگە قالسۇن، يۇرت - يايلىقىمنى سىلەرگە ئامانەت قىلىمەن. سۈلار قۇرۇسا قۇرۇسۇنكى، نەسلىمىز قۇرۇمىسۇن. بۇ دۇنيادا نامىمىز ئۆچمىسۇن...

① كۆك ئوق — ئىچ ئوغۇزلارغا سىمۋول.
② ئۈچ ئوق — سىرت ئوغۇزلارغا سىمۋول.

ۋەسىيەت ئاياغلىشىش بىلەنلا ئوغۇزخان ئاردىن غايىب بوپتۇ.

بۇ ئۇلۇغلار ئۇلۇغى سىر بولدىمۇ، نۇر بولدىمۇ، ئۇ يېرى نامەلۇم، ئەمما ئوغۇزخاننىڭ ۋەسىيىتى ئەمەلگە ئېشىپتۇ. دۇنيادا نى - نى دەريا - دېڭىزلار قۇرۇپتۇ، ئوغۇز نەسلى قۇرۇماپتۇ. زامانلار كېلىپتۇ، كېتىپتۇ، كۆك ئوقلار كۆپىيىپ، ئۇچ ئوقلار ئۇلغىيىپ بوي تارتىپ پۇتاقلاپتۇ، پېلەك تارتىپ خەمەكلەپتۇ. پۇتاقلار شاخلاپ، ئۇ يايلاقتىن بۇ يايلاققا كۆچۈپتۇ. هايات - ماماتلىق چاغلاردىمۇ هاياتلىق بۇلىقىدىن ئىچىپ مەڭگۈلۈككە قاراپ مېڭىپتۇ...